مەشھۇر چەت ئەل مۇھەببەت ھېكايىلىرى

# توي كېچىسىنى سېتىۋالغان ئادەم



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ISBN 7-228-08538-8
9 787228 085385 >

ISBN 7-228-08538-8
(民文) 定价 :15. 00 元

مەشھۇر چەت ئەل مۇھەببەت ھېكايىلىرى

15
114
7

# توي كېچىسىنى سېتىۋالغان ئادەم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**图书在版编目(CIP)数据**

买新婚之夜的人/(德)格林(Grimm. J.)等著:洛克曼等译。—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2004.2
(外国经典爱情小说选:2)
ISBN 7－228－08538－8

Ⅰ.买… Ⅱ.① 格…② 洛… Ⅲ.短篇小说—作品集—世界—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.114

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 120010 号

责任编辑:热合曼·马木提
责任校对:怕丽达·艾力

**买新婚之夜的人**(维吾尔文)
(德国) 格林等 著
洛克曼·阿克尼亚孜等 译

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐光大印刷有限公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 印张 10.25 插页
2004 年 3 月第 1 版 2004 年 3 月第 1 次印刷
印数:1—3000

---

ISBN 7—228—08538—8 定价: 15.00 元

بۇ كىتاب بېيجىڭ تەرجىمە-بىلىم نەشرىياتىنىڭ 1991 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى،
1991 - يىل 5 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى
本书根据译知识出版社 1991 年 5 月第 1 版，1991 年 5 月第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىر: راخمات مامۇت
مەسئۇل كوررېكتور: پەرىدە ئەلى

**تويى كېچىسىنى سېتىۋالغان ئادەم**

ئاپتورلىرى: گېلىن قاتارلىقلار
تەرجىمە قىلغۇچىلار: لوقمان ئاقنىياز قاتارلىقلار

* *

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №34)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
ئۈرۈمچى گۇاڭدا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 10.25 قىستۇرما ۋارىقى:
2004 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN 7—228—08538—8
باھاسى 15.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

غەربكە كۆچكەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار مىلادىيە 840 — 1212 - يىللىرى ئەسلىي تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېشبالىق ۋە ئەنشى قورۇقچىبەگ تۇتۇق مەھكىمىسىگە تەۋە جايلارنىڭ كۆپ قىسمىدا، يەنى ھازىرقى ئېلىمىز شىنجاڭ رايونىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە جەنۇبىي قىسمى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرغىزىستان، تاجىكىستان، قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىنى ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ شەرقىي يېرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايوندا بىر قۇدرەتلىك سۇلالە — قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان. بۇ سۇلالە 372 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان ئىككىنچى سۇلالە ئىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ۋە بەزى تۈركىي كۆچمەن قەبىلىلەر كۆچمەنلىك تۇرمۇشىدىن ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا قەدەم قويۇشقا باشلىغان ھەم بۇ ئۆتكۈنچى دەۋرنى تاماملىغان ئىدى. ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ تاماملىنىشىغا ئەگىشىپ، فېئوداللىق تۈزۈم ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىلدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى قوللانغان بەزى سىياسەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇئەييەن رول ئوينىدى، بۇنىڭ بىلەن فېئوداللىق ئىقتىسادىي تۈزۈم تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە

راۋاجلاندى، قالدۇق جامائە تۈزۈمى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى، ئەسلىدىكى ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ «دېھقان» يەر مۈلۈكچىلىكى ئورنىنى «مىركا» يەر مۈلۈكچىلىكى ئىگىلىدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي شارائىتتا بىر خىل ئىلغارلىق ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ باج - سېلىق ۋە ئالۋان - ياساقلىرى ئىلگىرىكى ھەم كېيىنكى سۇلالىلەرنىڭكىدىن يەڭگىلرەك بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ سېلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە يەڭگىللەتكەن ئىدى. شۇڭا، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، بولۇپمۇ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا مىسلىسىز گۈللەنگەن ئىدى. سودا - سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شەھەرلەرنىڭ كۆلىمى كېڭىيىپلا قالماي، بەلكى بىر تۈركۈم يېڭى شەھەرلەر بىنا قىلىندى، بولۇپمۇ يەتتەسۇ رايونىدا بىناكارلىق زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، بۇخارا، سەمەرقەند، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردە بىر تۈركۈم ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەر بىنا قىلىندى، ئۇنىڭ بەزىلىرى ھازىرغا قەدەر ياخشى ساقلانماقتا ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى پارلاق ماددىي مەدەنىيەتنى نامايان قىلماقتا.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە كۆپلىگەن تۈركىي كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىك مىللەتلىرىنىڭ تۈركلىشىش جەريانى تېزلەشتى؛ شۇنداقلا، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغانلىقتىن، كەڭ كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرمۇ دىنىي جەھەتتە ئىسلاملاشتى، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساسىدا، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ياتلىشىشى ۋە سىڭىشىشى جەريانىدا، يەن - مەدەنىيەتمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ بىر خىل يېڭى مەدەنىيەت، يەنى ئىسلام - تۈرك مەدەنىيىتى شەكىللەندى. بۇ سۇلالىدە ھۆكۈمران مىللەت ھېسابلانغان، قەدىمىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە ئۇي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

ئۆمۈرلۈك پۇشايمان ........................................ 1
بەربات بولغان ئەقىدە ........................................ 26
تۇمان ئىچىدىكى كېمە ........................................ 51
كونا كۆۋرۈك ........................................ 65
يۇلتۇز ھېكايىسى ........................................ 87
نادامەت ........................................ 95
نادان ئاشىق ........................................ 111
توي كېچىسى ........................................ 128
ئۇچرىشىش ........................................ 135
گۈلسۇم ........................................ 151
بىر تال چاچ ........................................ 186
ۋىدالىشىش ........................................ 189
غايىب مۇھەببەت ........................................ 213
ۋاننا ۋاننى ........................................ 238
ھەمياندىن چىققان خەت ........................................ 280
توي كېچىسىنى سېتىۋالغان ئادەم ........................................ 287

# ئۆمۈرلۈك پۇشايمان

## ئالېكساندىر دىيۇما (فرانسىيە)

زۆھرە بارات تەرجىمىسى

### 1

ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدا، پولكىمىز ئاۋستىرىيىنىڭ چېگرىسىغا يېقىن بىر كىچىك يېزىدا — ۋالېنستا تۇراتتى. 1827 - يىل 4 - ماي كۈنى، مەن پولكىمىزدىكى باشقا ئوفىتسېرلار بىلەن بىللە ئاندىرى مىكلوۋىچنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ياتىقىغا باردىم. بىز ناشتا قىلغاچ، مۇداپىئە توغرىسىدىكى پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

— بۈگۈن ئەتىگەن پولكوۋنىكنىڭ سىزگە جىددىي سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋىدىم، ئۇ گەپتىن بىزنىمۇ خەۋەردار قىلىپ قويالماسسىزمۇ؟ — دەپ سورىدى لېيتېنانت ستېپ ئاندىرى مىكلوۋىچتىن.

— كاپىتاننىڭ ئورنىغا يېڭى بىر ئوفىتسېر قويۇلماقچى، — دېدى ئاندىرى مىكلوۋىچ.

— ئىسمى نېمىكەن؟ — دېدى ئىككى - ئۈچ ئوفىتسېر تەڭلا.

— كاپىتان زودىلىكى. ئۇ گۈزەل مارىئاننا راۋنىسكى خېنىمنىڭ لايىقى ئىكەن.

— ئۇ قاچان كېلىدىكەن؟ — سورىدى مايور بېلېپىپ.

— كېلىپ بوپتۇ، مەن ئۇنى پولكوۋنىكنىڭ ئۆيىدە ئۇچراتتىم. ئەپەندىلەر، ئۇ سىلەر بىلەن تونۇشۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن، شۇڭا مەن ئۇنى بۈگۈنكى چۈشلۈك تاماققىمىزغا داخىل بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ قويدۇم. ھە راست، يادىمغا كەلدى، كاپىتان، سىز ئۇنى چوقۇم تونۇيسىز، — دېدى ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ، — سىلەر پېتېربۇرگتا بىر پولكتا بوپتىكەنسىلەر.

— شۇنداق، — دېدىم مەن، — بىز بىر ياتاقتا تۇراتتۇق. ئۇ چاغدا ئۇ ياش، كېلىشكەن يىگىت ئىدى، ئۇلپەتلىرى ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ياخشى ئىدى. بىراق، ئۇ بەك تېرىككەك ھەم قىزىققان.

— راۋىنىسكى خېنىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ دۇئېلغا ماھىر، ناھايىتى ئۇستا مەرگەنمىش. ياخشى بوپتۇ. بىزدە دۇئېل دېگەن ئادەتتىكى بىر ئىش. ئۇ بۇ يەرگە كەلسە نۇرغۇن ئىش قىلالىغۇدەك. كېلىڭ، جانابى زودمىلىسكى، سىز ھەر قانچە تېرىككەك بولسىڭىزمۇ، مېنىڭ ئالدىمدا ئاگاھ بولۇڭ، بولمىسا مەن تەلۋىلىك قىلىپ ئاچچىقىڭىزنى بېسىپ قويۇشۇم مۇمكىن، — دېدى ستىپىم.

ستىپىم سۆزىنىڭ ئاخىرقى جۈملىسىنى دەۋېتىپ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى.

— ئۇ گۇۋاردىيىدىن نېمىشقا كەتتىكىن؟ ياكى ئىقتىسادتا ۋەيران بولغانمىدۇ؟ — دېدى كونېت نارىتون.

— ئاڭلىشىمچە، — دېدى ستىپىم، — يېقىندا ئۇ ياشانغان ھاممىسىنىڭ يىگىرمە مىڭ رۇبلى چامىسىدىكى مۈلكىگە ۋارىس بوپتۇ. ئەپسۇسكى، ئۇ تازا بەتخەج، قۇرۇق سۆلەت بەگزادىمىش.

— يۈرۈڭلار ئەپەندىلەر، — دېدى ئاندىرى ئورنىدىن

تۇرۇپ، — مېھمانخانىغا كىرىپ قارتا ئويناپ تۇرايلى، كىروف بىزگە چۇشلۇك غىزا تەييارلاپ بېرىدۇ.

بىز ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ قارتا ئويناشقا باشلىدۇق. ئەسلىدىمۇ ئانچە باي ئەمەس ستېپم ئاتمىش رۇبلىسىنى ئۇتتۇرۇپ قوياي دەپ تۇراتتى، شۇ ئارىدا ئۆيگە كىروف كىرىپ:

— زودمىلىسكى كەلدى! — دېدى.

— بىزنى بەك ئىنتىزار قىلدىڭىزغۇ! — دېدى مىكلوۋىسكى ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، — قېنى كېلىڭ! — ئاندىن بىزگە بۇرۇلۇپ، — كاپىتان زودمىلىسكى، بۇلار سىزنىڭ يېڭى ھەمراھلىرىڭىز، ھەممىسى باتۇر، جەڭگە ماھىر ھەربىيلەر.

— ئەپەندىلەر، پولكىڭلارغا كەلگىنىمگە ئىنتايىن خۇشالمەن. بۇ مېنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇيۇم ئىدى. مەندىن بىزار بولمىساڭلار، سىلەر مېنى قىزغىن قارشى ئالغىنىڭلاردەك، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە بولغانلىقىمنى ئۆمرۈمدىكى ئەڭ زور خۇشاللىق دەپ بىلىمەن، — دېدى زودمىلىسكى، — ئوھۇ! سىزمىدىڭىز كاپىتان. ھېلىمۇ ناھايىتى ياخشى تۇرۇپسىز! — دېدى ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قولىنى سوزۇپ، — مانا بىز يەنە ئۇچراشتۇق. سىز قەدىناسىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟

ئۇ خۇش تەبەسسۇم بىلەن ماڭا شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان ستېپم ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى. ستېپم پولكتا ھېچكىم بىلەن چىقىشالمايتتى. قاپقىدىن قار ياغىدىغان، كەم سۆز بۇ ئادەم بىز بىلەن ئانچە چوڭقۇر ئارىلىشىپمۇ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ زودمىلىسكى بىلەن تونۇشمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ زودمىلىسكىغا نېمىشقا ئۆچلۈك قىلىدىغانلىقىغا چۈشەنمەي قالدىم.

بىرى زودمىلىسكىغا تاماكا تۇتتى. ئۇ تاماكىنى ئالدى ۋە يېنىدىكى ئوفىتسېرنىڭ تاماكىسىدىكى ئوت بىلەن تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، باشقىلار بىلەن خۇددى كونا قەدىناسلاردەك پاراڭغا چۇشۇپ كەتتى.

— سىز بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرامسىز؟ — دېدى بېلېيېپ.

— شۇنداق، ئەپەندى، — دېدى زودمىلىسكى جاۋاب بېرىپ، — مېنىڭ ئارزۇيۇمچە بولغاندا، قانچە ئۇزۇن تۇرسام شۇنچە ياخشى، — ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىپ ئەتراپىدىكىلەرگە ھۆرمەت يۈزىسىدىن كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن بۇ يەردىن ئۆي - جاي سېتىۋالدىم، قەدىنىمنىڭ رازىنىسكىنىڭ ئۆيىگە يېقىن. ئۇ مېنىڭ پېتېربۇرگتىكى ۋاقتىمدا تونۇشقان ئەڭ يېقىن ئاغىنەم. ھازىر مېنىڭ بىر نەچچە ئېتىم، بىر ئۇستا ئاشپىزىم، بىر ئېغىز ئادەتتىكىدەكلا كىتابخانام، كىچىككىنە گۈللۈكۈم بار، يەنە قارىغا ئېتىشنى مەشىق قىلغۇدەك يېرىممۇ بار، مەن ئۇ يەردە خۇددى زاھىتلاردەك تىنچ، پادىشاھدەك شاد - خۇرام ياشايمەن. بۇ دەل مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك تۇرمۇش.

— ئوھو، سىز قارىغا ئېتىشنىمۇ مەشىق قىلىدىكەنسىز - دە! — دېدى سىتېپ غەلىتە تەلەپپۇز بىلەن.

ئۇنىڭ چىرايىدىن مەسخىرە كۈلكىسى چىقىپ تۇراتتى. زودمىلىسكى ئۇنىڭغا تەئەججۇپ بىلەن قاراپ قويدى.

— بۇ مېنىڭ ئادىتىمگە ئايلىنىپ قالغان، ھەر كۈنى سەھەردە ئون ئىككى پاي ئوقنى قارىغا ئاتىمەن، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ.

— بۇ گەپچە سىز شۇنداق نىمىلەرگە ئىنتايىن قىزىقىدىغان ئوخشايسىز، — دېدى سىتېپ گويا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك. كېيىن يەنە، — مېنىڭچە ئۇۋ ئوۋلاشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قارىغا ئېتىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، — دەپ



www.uyghurkitap.com

قوشۇپ قويدى.

زودىيىلىسكىنىڭ ئاپئاق يۈزى غەزەپتىن بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ستېپمغا بۇرۇلۇپ، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن قەتئىي ئاھاڭدا:

— ئەپەندى، ئەگەر سىز قارىغا ئېتىش مەشىقىنى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش دەپ قارىسىڭىز خاتا قىلىسىز. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئېھتىياتسىزلىقتىن ئېيتىلغان بىر ئېغىز گەپمۇ ئۆلپەتلەر ئوتتۇرىسىدا دۇئېلغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇنداق چاغلاردا، مەرگەن يولسىزلىق قىلىپ جېدەل چىقىرىشنى كۆڭۈللۈك ئىش دەپ بىلىدىغان ئادەملەر ئالدىدا، ئەلۋەتتە، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. — دېدى.

— ۋاي - ۋۇي، بۇ سەۋەب بولالمايدۇ كاپىتان. دۇئېلمۇ ھەمىشە باشقا ئىشلاردەكلا تەلەيكە باقىدۇ. مەن يەنىلا ئىلگىرىكى قارىشىمدىمەن. سالاپەتلىك بىر ئېسىلزادىگە مۇنچىۋالا ئېھتىياتچانلىق قىلىش ھاجەتسىز!

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— بۇنى ئەلۋەتتە سىزگە چۈشەندۈرۈپ قويىمەن، — دېدى ستېپم، — كاپىتان، سىز قارتا ئويناشنى بىلەمسىز؟

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟

— مەن ھەممەيلەننىڭ چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن مۇمكىن قەدەر ئېنىق، چۈشىنىشلىكرەك قىلىپ سۆزلەپ بەرمەكچىمەن. ھەممىمىزگە ئايان، شۇنداقمۇ قارتا ماھىرلىرى بولىدۇكى، ئۇلار ھەمىشە قارتىنى شىلاۋېتىپ كوزىرلارنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن تىقىۋالالايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئۇستىلىقى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ. قوشنىسىنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلىغان ئادەم بىلەن ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر پەرقنىڭ بارلىقىغا زادىلا كۆزۈم يەتمەيدۇ، — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىغا تەكەببۇرانە تەلەپ-

www.uyghurkitap.com

پۈز بىلەن، — مەن بۇنى سىزگە قارىتىپ دەۋاتقىنىم يوق كاپىتان، مۇنداقلا دەپ قويدۇم، — دېگەن گەپنى قوشۇپ قويدى.

— ئەپەندى، سىز ئادەمنى بەكمۇ بوزەك قىلىۋاتىسىز! — دېدى زودمىلىسكى ۋارقىراپ دېگۇدەك، — مەن كاپىتان ئالېكسىي ستېپانوۋىچنىڭ بىزگە سىكوندانتلىق قىلىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىمەن، — ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ، — مېنىڭ ئىلتىماسىمنى رەت قىلمايدىغاندۇرسىز؟ — دېدى.

— ئارتۇقچە گەپنىڭ ھاجىتى يوق، كاپىتان، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى ستېپم، — بايا سىز ماڭا ھەمىشە قارىغا ئېتىشنى مەشق قىلىپ تۇرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىز، مەن پەقەت دۇئېلغا چىققان كۈنىلا ئاتىمەن. سىز بىلەن دۇئېل ۋاقتىدا ئۇچراشساقلا بولىدۇ. كونكرېت ئىشلارنى ستېپانوۋىچ ئەپەندى ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىمىز، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ساھىبخانىغا، — خەير-خوش، مىكلوۋىچ، مەن چۈشلۈك تاماقنى پولكوۋنىكنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يەيمەن، — دېدى-دە، ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

ئۇلار ئىككىسى گەپ تالىشىۋاتقاندا ھېچكىم زۇۋان سۈرمىگەنىدى. ستېپم چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ياشىنىپ قالغان كاپىتان پىرنىكىن:

— ئەپەندىلەر، بىز ئۇلارنى دۇئېلغا چۈشۈرمەيلى، — دېدى.

زودمىلىسكى ئۇنىڭ بىلىكىگە ئاستا نوقۇپ قويدى.

— كاپىتان، — دېدى ئۇ، — مەن بۇ يەرگە يېڭى كەلدىم، بۇ يەردىكىلەر مېنى تېخى چۈشەنمەيدۇ. مەن ئابرۇيۇمنى ساقلىشىم لازىم. بۇ جېدەلنى ھەرگىز مۇشۇنداقلا ئۆتكۈزۈۋېتەلمەيمەن. دۇئېل قىلماي بولمايدۇ. مەن بۇ ئەپەندىنى قەيەردە رەنجىتىپ قويغانلىقىمنى بىلەلمىدىم، ئۇنىڭ ماڭا ئۆچمەنلىكى

باردەك قىلىدۇ.
— ھەقىقىي سەۋەبنى بىلمەكچى بولسىڭىز، زودمىلىسكى، سىتېپم سىزگە ئېچى تارلىق قىلىۋاتىدۇ، — دېدى كېنىت نارىتوف، — ئۇنىڭ راۋىنىسكى خېنىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ.
— ئەمدى گەپ چۈشىنىشلىك بولدى، — دېدى زودمى-لىسكى، — سىلەرنىڭ ھېسداشلىقىڭلارغا ۋە ياخشى نىيىتىڭلارغا رەھمەت.
— ئەپەندىلەر، ئەمدى تاماق يەيلى، — دېدى مىكلوۋىچ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭلار. كروف، شورپا ئاچىق، شورپا!
«مەرمەھەت» سۆزىنىڭ ئېيتىلىشى بىلەن تەڭ ئوفىتسېر-لار خۇددى سىتېپمنى ئېسىدىن كۆتۈرۈۋەتكەندەك بىردىنلا جانلى-نىپ كېتىشتى، پەقەت زودمىلىسكىلا بىر ئاز خاپىدەك قىلات-تى. ھەممەيلەن زودمىلىسكىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق ئالاھىدە كۈتۈۋېلىنغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، بوغۇق ئاۋازى بىلەن ئوفىتسېرلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.
— سىتېپانوۋىچ، — دېدى زودمىلىسكى ھەممەيلەن تا-ماقلىرىنى يەپ بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا ماڭا قاراپ، — سىتېپم دۇئېلدا سىزنىڭ ماڭا سىكونادانت بولىدىغانلىقىڭىزنى بىلدى ھەم بۇنىڭغا قوشۇلدى. شۇڭا، سىز ئۇنى تېپىپ ئىشلار-نى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسىڭىز، ئۇنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى قو-بۇل قىلىمەن. ئاندىن ئۆيۈمگە بېرىپ كاپىتان پرافكىن ئىككىمىز بىلەن كۆرۈشۈڭ. ئۆيگە قايسىمىز بالدۇر بارساق كۈتۈپ تۇراي-لى، بىز ھازىر راۋىنىسكى ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بارىمىز.
— دۇئېلىنىڭ ۋاقتىنى بىزگە ئېيتىپ بېرەلمەسسىزمۇ؟ — سورىدى بىر نەچچە ئوفىتسېر تەڭلا.

— ئەلۋەتتە ئۇقتۇرىمىز. ئەپەندىلەر، ئىككىڭلاردىن بىرى بىلەن ۋىدالاشقىلى مەرھەمەت قىلارسىلەر.

راۋىنىسكىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ھەممىمىز تارقالدۇق. ھەممەيلەن زودمىلىسكى بىلەن خۇددى قەدىناسلاردەك قول ئېلىشىپ خوشلاشتى.

## 2

مەن سىتېپمنىڭ ياتىقىغا كەلسەم ئۇ مېنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن. سىتېپ مۇنداق شەرت قويدى: يەرگە ئىككى قىلىچ سانجىلىدۇ. ئىككى تەرەپ ئۇنىڭدىن بىر قەدەم يىراقلىقتا قولىنى سوزۇپ تۇرۇپ، «بىر، ئىككى، ئۈچ» دەپ بۇيرۇق بېرىلىشى بىلەن تەڭ تاپانچىسىنى ئاتىدۇ. بىراق، ئىككى تاپانچىنىڭ بىرىگىلا ئوق سېلىنىدۇ.

مەن مۇنداق ئېتىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا خېلى تىركىشىپ باقتىم، لېكىن سىتېپم پەقەتلا قوشۇلماي تۇرۇۋالدى.

— ئۇ مېنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىم بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن دۇئېلغا چىقماقچىمەن، — دېدى سىتېپم، — بۇ ئىشنى مەن ئۇنىڭ ئوقى بىلەن ئۆلگۈم كېلىپ قىلىۋاتقىنىم يوق. ئۇ چوقۇم مەن قويغان شەرت بويىچە دۇئېلغا چىقىشى كېرەك، بولمىسا مەن ئېتىشمايمەن. ئۇ ھالدا مەن، جانابى زودمىلىسكى ئۆزىگە خەۋپ - خەتەر يوقلۇقىغا ئىشەنگەندىلا، ئاندىن باتۇرلۇق قىلالايدىكەن، دەپ ئىسپاتلاپ چىقىمەن.

زودمىلىسكى ماڭا سىتېپمنىڭ ھەر قانداق شەرتىنى قوبۇل قىلىشنى ئېيتقانىدى، شۇڭا مەن سىتېپمنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلدىم.

مەن زودمىلىسكىنىڭ ئۆيىگە كەلدىم، ئۆيدە ھېچكىم يوق

ئىكەن. مەن قىزىقىش بىلەن تۆت ئەتراپقا قارىدىم، ئۆيلەردىكى جاھازلار كۆركەم، لېكىن ئانچە ھەشەمەتلىك ئەمەس، شۇنداق-تىمۇ نەپىس، يارىشىملىق بولۇپ، بىر قاراشتىلا ئۆي ئىگىسى-نىڭ ئالىيجاناب ئادەم ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى. مەن ئورۇندۇقنى بالكونغا يېقىن قويۇپ پەستىكى تەپتەكشى تۈزلەڭ-لىككە قاراپ ئولتۇردۇم. بۇ چاغدا يىراقتىن گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، يامغۇرمۇ تامچىلاشقا باشلىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا قاتتىق يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلاتتى.

ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە زومىلىسكى بىلەن پرافكىن كىر-رىپ كەلدى. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردىم.

— كاپىتان، بىز كېچىكىپ قالدۇق، — دېدى زودمىد-لىسكى، — بالدۇرراق قايتايلى دېۋىدۇق، زادىلا مۇمكىن بولمىدى. سىتېم نېمە دېدى؟

مەن ئۇنىڭ رەقىبىنىڭ شەرتلىرىنى ئېيتىپ بەردىم. مەن گېپىمنى تۈگەتكەندە ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل ئاچچىق كۈلكە غىل - پال كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ پېشانىسىنى سىلاپ قويدى، كۆزلىرىدە كۈچلۈك نۇر چاقناپ تۇراتتى.

— شۇنداق بولۇشىنى بۇرۇنلا ئويلىغانىدىم، — دېدى ئۇ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن، — شەرتلەرنى قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟

— بۇ ھەقتە ئۆزىڭىز ئېيتقانىدىڭىزغۇ؟

— شۇنداق.

زودمىلىسكى ئۈستەلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئىشىككە قاراپ ئولتۇردى، پرافكىن دېرىزىگە يېقىن ئولتۇردى، مەن تام مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. قانداقتۇر بىر خىل شۇملۇق سېزى-مى ئېغىر يۇكتەك يۈرىكىمىزنى بېسىپ تۇراتتى. ئۆي ئىچى مۇسىبەتكە چۆمگەندەك جىمجىت ئىدى.

ئۇشتۇمتۇت ئىشىك ئېچىلىپ، بېشىغا شىلەپە كىيگەن بىر ئايال ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ، خىزمەتكارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ

www.uyghurkitap.com

ئالدىمىزدا توختىدى. ئۇنىڭ شىلەپىسىدىن يامغۇر سۈيى تامچىلاپ تۇراتتى. چۇمپەردىسى يۈزىنى توساپ تۇراتتى. ئۇ چۇمپەردىسىنى ئارقىغا قايرىۋىدى، بىز ئۇنىڭ مارىئاننا راۋىنىسكى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

پرافكىن ئىككىمىز ھەيران بولۇپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدۇق. زودمىلىسكى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى ـ دە:

— نېمە بولدى؟ بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭىز؟ — دېدى.

— نېمە دەپ كېلەتتىم، گىئورگى، — دېدى ئۇ ئۈنلۈك قىلىپ، — مېنى بۇ يەرگە كەلتۈرگەن ئۆزىڭىز ئەمەسمۇ؟ بۈگۈن ئاخشام بەلكىم ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئاخشام بولۇپ قالار، مەن بۇ يەرگە يەنە نېمىشقا كېلەتتىم؟ سىز بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم. بىز ئىككى سائەت ئىلگىرىلا كۆرۈشكەن بولساقمۇ، ئەتىكى ئىشلار توغرىسىدا بىرەر ئېغىزمۇ سۆزلەشمىدۇققۇ، گىئورگى؟

— مەن بۇ يەردە يالغۇز ئەمەسمەن، — دېدى زودمىلىسكى ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — مارىئاننا، سىز ئابرۇيىڭىزنى، ساپ نامىڭىزنى ئويلىشىڭىز كېرەك.

— گىئورگى، سىز مېنىڭ بارلىقىم ئەمەسمۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە يەنە تەپتارتقۇدەك نېمىسى بار؟

ئۇ غۇلچىنى كەڭ ئېچىپ زودمىلىسكىنىڭ بوينىنى چىڭ قۇچاقلاپ بېشىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە چىڭ باستى.

پرافكىن ئىككىمىز ئىشىككە قاراپ مېڭىپ، ئۇيەردىن چىقىپ كېتەي دەپ تۇرۇشىمىزغا:

— كەتمەڭلار ئەپەندىلەر، — دېدى مارىئاننا بېشىنى كۆتۈرۈپ، — مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى ھامىنى كۆرۈدۇڭلار، ئەمدى سىلەردىن يوشۇرغۇدەك ھېچنېمە قالمىدى. ماڭا

بەلكىم ياردىمىڭلار تېگىپ قالار. گىئورگى، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۆتۈنۈپ سورايمەن، — مارىئاننا يىغلاپ كەتتى، — سىتېم بىلەن دۇئېلغا چىقماڭ، ئەرزىمەس ئىش بىلەن ئىككى ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولماڭ. سىزنىڭ هاياتىڭىز ماڭا مەنسۇپ، ئۇ سىزنىڭلا ئەمەس، گىئورگى، گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسىز؟ بۇنداق ئىشنى قىلماڭ.

— مارىئاننا، خۇدا ھەققى ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى بۇنداق قىينىماڭ! مېنىڭ بۇ دوئېلدىن باش تارتىشىم مۇمكىنمۇ؟ شۇنداق قىلسام ئابرۇيۇمنى يەرگە ئۇرغان بولمامدىمەن! ئەگەر مەن ئاشۇنداق قورقۇنچاقلىق قىلسام، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىزا سىتېمنىڭ ئوقىدىنمۇ بەتتەر جېنىمنى ئالمامدۇ!

— كاپىتان، سىز پولكتىكى ئابرۇيلۇق ئادەم، دۇئېل قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارغا سىز ھۆكۈم قىلالايسىز. ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، دۇئېلنى رەت قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز. بۇنىڭ دۇئېل ئەمەس، بەلكى قاتىللىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ. كاپىتان، گەپ قىلىڭا، ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىدى، سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلايدۇ، — مارىئاننىڭ پرافكىنغا يېلىنىپ تۇرۇۋالدى.

بۇ گەپلەر پرافكىنغا قاتتىق تەسىر قىلدى بولغاي، ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مارىئانىنانىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئېھتىرام بىلەن ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويۇپ، ئاندىن تىترىگەن ئاۋازدا:

— خېنىم، سىزنىڭ قايغۇڭىزنى تۈگىتىش ئۈچۈن جىسمىمنىڭ پارە - پارە بولۇپ كېتىشىگە رازىمەن. لېكىن، زودىلىسكى ئەپەندىنى دۇئېلنى رەت قىلىشقا دەۋەت قىلالمايمەن. بۇنداق قىلغاندا ئۇ بىر ھەربىيدە بولۇشقا تېگىشلىك ئابرۇيدىن مەھرۇم بولىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز شەرتىنى قويۇشقا ھوقۇقلۇق. قانداقلا شەرت قويۇلسۇن، كاپىتان چوقۇم دۇئېلغا

www.uyghurkitap.com

چىقىشى كېرەك. ئۇ مەرگەن. ئەگەر ئۇ ستېپىننىڭ شەرتىنى رەت قىلسا، پەقەت ئۆز ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپلا باشقىلار بىلەن دۇئېلللىشالايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

— بولدى قىلىڭ، مارىئاننا، — گېئورگى زودمىلىسكى ۋارقىراپ كەتتى، — بەختسىز قىز، ماڭا قانداق تەلەپ قويۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەمسىز! سىز مېنىڭ ئابرۇيۇمنىڭ تۆكۈلۈشىنى خالامسىز! شۇنداق بولغاندا، سىزمۇ مەن ئۇچۇن نومۇس قىلىسىز. ئېيتىڭا، سىز ئاشۇنداق ئابرۇيى تۆكۈلگەن بىر يىگىتنى ياخشى كۆرەمسىز؟

مارىئاننا ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇردى، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ شلەپىسىنى كىيىشكە باشلىدى.

— گېئورگى، سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىز توغرا، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ مەن سىزنى ئېلگىرىكىدەكلا ياخشى كۆرسەممۇ، ئەمما سىز ئېھتىمال مۇشۇ ئىش ئۇچۇن ماڭا نەپرەتلىنەرسىز. ئەمدى بىز پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرەيلى. قولىڭىزنى بېرىڭ، گېئورگى، ئېھتىمال بىز ئەمدى كۆرۈشەلمەسمىز. خەير — خوش، سۆيۈملۈكۈم!

ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى زودمىلىسكىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى، كۆزىدە بىر تالمۇ ياش يوق ئىدى، ئەمما چەكسىز ئۈمىدسىزلىككە چۆمگەنىدى.

مارىئاننا ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن دېگەن بولسىمۇ، لېكىن زودمىلىسكى ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئاپىرىپ قويدى.

زودمىلىسكى قايتىپ كەلگەندە كېچە بىر يەرگە بېرىپ، ئەل ئايىغى بېسىققانىدى، سائەتمۇ ئون ئىككىنى سوقتى.

— سىلەر ئارام ئېلىڭلار، — دېدى زودمىلىسكى ئىشىكتىن كىرىپ بىزگە، — مېنىڭ يەنە يازىدىغان بىر نەچچە پارچە خېتىم بار، شۇلارنى يېزىپ بولۇپ ئۇخلايمەن. سائەت بەشكە

ئۆلگۆرۈپ دۈئېل مەيدانىغا بېرىشىمىز كېرەك.

مېنىڭ تازا ئۇيقۇم كەلگەنىدى، ئۇنىڭ گېپىنىڭ تۈگىشىنى كۈتمەيلا ئۇخلىغىلى كىرىپ كەتتىم. پرافكىن مېھمانخانىغا كىرىپ ئارام ئالدى. مەن زودمىلىسكىنىڭ ياتىقىدا ئۇخلىدىم، ئۇ كۈتۈپخانىغا كىرىپ كەتتى.

سەھەرنىڭ سوغۇق ھاۋاسى مېنى ئويغىتىۋەتتى. دېرىزىنىڭ سىرتىغا قارىسام تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلگەنىكەن. مەن مېھمانخانىغا، پرافكىننىڭ يېنىغا كىردىم. زودمىلىسكىمۇ ئارقىمىدىنلا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان، ئەمما ئۆزى ناھايىتى سالماق ئىدى.

— ئاتلار تەييارمۇ؟ — دېدى ئۇ.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم:

— ئۇنداق بولسا ماڭايلى!

بىز كالياسكىغا چىقتۇق، ئاتلار ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

3

— قاراڭلار! — دېدى پرافكىن بىردىنلا، — مىكلوۋىچنىڭ كالياسكىسى كېلىۋاتىدۇ. توغرا، دەل شۇ. بىزنىڭ بىر ئادىمىمىزمۇ بار ئىكەن، نارىتونمۇ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ كافكاز ئارغىمىقىنى مىنىۋاپتۇ. باشقىلارمۇ ئارقىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ. يەنىلا بىز بالدۇر مېڭىپتۇق.

كالياسكىمىز راۋىنىسكىلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتەتتى. مەن ئىختىيارسىز يۇقىرىقى قەۋەتكە قارىدىم، بىچارە قىز دېرىزە ئالدىدا خۇددى ھەيكەلدەك قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ ھەتتا بىزگە بېشىنى لىڭشىتىپمۇ قويمىدى.

— تېز ھەيدە! تېز! — زودمىلىسكى ھارۋىكەشكە ۋاقىرىدى. مەن ئۇنىڭ مۇشۇ ئەلپازىدىنلا مارىئاننانى كۆرگەنلىكىنى

پەملىدىم.

بىزنىڭ كالىياسكىمىز باشقا كالىياسكىلارنى خېلى ئارقىدا قالدۇرۇپ دۇئېل بولىدىغان جايغا ناھايىتى تېزلا يېتىپ كەلدى. بۇ تۈزلەڭ يەر بولۇپ، ئوتتۇرىدا يوغان ئىككى توپا دۆڭ بار ئىدى. ئەتراپتىكىلەر بۇلارنى ئاكا - ئۇكىلار قەبرىسى دەپ ئاتىشاتتى. ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان قۇياش نۇرى دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن يەرگە چۈشۈپ كېچىلىك تۇماننى تارقاتماقتا ئىدى.

مىكلوۋچمۇ ئارقىمىزدىنلا يېتىپ كەلدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن يىگىرمىگە يېقىن كىشى توپلاندۇق. شۇ ئارىلىقتا شېغىللىق يولدىن شاراقلىغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. قارشى تەرەپنىڭ ئادەملىرى كەلمەكتە ئىدى. ستېپم ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قولىدا تاپانچا سېلىنغان بىر ساندۇقچە بار ئىدى. ئۇ زودمىلىسكى ۋە باشقا ئوفىتسېرلارغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئەپەندىلەر، كىم بۇيرۇق بېرىدۇ؟ — دېدى ئۇ.

ستېپم، زودمىلىسكى ۋە ئۇلارنىڭ سېكوندانتلىرى بۇرۇلۇپ ئوفىتسېرلارغا قارىدى. ئوفىتسېرلارمۇ تەڭلىكتە قالغاندەك ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. بىر ئادەممۇ پىداكارلىق بىلەن ئۆزىنى مەلۇم قىلالمىدى. ئاشۇ دەھشەتلىك «بىر، ئىككى، ئۈچ!»، دېگەن سۆزنى دېيىشنى ھېچكىم خالىمايتتى، چۈنكى بۇ بۇيرۇق بېرىلىشى بىلەنلا ھەمراھلىرىدىن بىرى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلەتتى.

— مايور، — دېدى زودمىلىسكى بېلېيېپقا مۇراجىئەت قىلىپ، — ئېغىر كۆرمەي ياردەم قىلىسىڭىز!

ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىنغاچقا مايور رەت قىلالمىدى. ئۇ قول ئىشارىتى بىلەن قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈردى.

— ئەپەندىلەر، مەرھەمەت قىلىپ بىزگە ئورۇننى بەلگى-



www.uyghurkitap.com

لەپ بېرىڭلار، — دېدى زودمىلىسكى ۋە قىلىچنى ماڭا تۇتقۇ-
زۇپ پەلتوسىنى سالدى، — تاپانچىغا ئوق سالايلى.
— ئۇنداق قىلساڭلار ئىناۋەتسىز، — دېدى
ستېم، — ئىككى تاپانچىنى مەن ئەپكەلدىم، بىرى ئوقلانغان،
يەنە بىرىدە قۇرۇق پىستان بار.
— قايسى تاپانچىنىڭ ئوقلانغانلىقىنى سىز
بىلەمسىز؟ — سورىدى پرافكىن.
— بۇنىڭ ھېچ ئالاقىسى يوققۇ؟ زودمىلىسكى ئەپەندى
ئاۋۋال تاللىۋالسۇن، — دېدى ستېم.
— مەيلى، — دېدى زودمىلىسكى.
بىلېيېپ قىلىچنى قىنىدىن چىقىرىپ ھېلىقى ئىككى توپا
دۆۋىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سانجىدى. ئاندىن يەنە بىر قىلىچنى
ئېلىپ سانجىلغان قىلىچنىڭ ئالدىغا سانجىدى. ئىككى قىلىچ-
نىڭ ئارىلىقى بىر چامداملا كېلەتتى. ئىككى تەرەپ قىلىچنىڭ
كەينىدە تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئىككىيلەن قولىنى سوزسا
قوللىرىدىكى تاپانچىنىڭ ئاغزى قارشى تەرەپنىڭ يۈرىكىگە تېگەي-
لا دەپ قالاتتى. بىلېيېپ تەييارلىق قىلىۋاتقاندا ستېم قىلىچ-
نى يېشىپ پەلتوسىنى سالدى. ئۇنىڭ سىكوندانتى تاپانچىلار
سېلىنغان ساندۇقنى ئاچتى. زودمىلىسكى ساندۇق ئالدىغا بې-
رىپ قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆزى تەرەپتىكى تاپانچىنى ئالدى.
ئاندىن بىر قىلىچنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇردى.
ستېم ئۇنىڭ چىرايىنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتمەكتە ئىدى.
زودمىلىسكىنىڭ چىرايى ناھايىتى خاتىرجەم ئىدى، ئۇنىڭدىن
قىلچە قورقۇش ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇنداق تەمكىن
تۇرۇشى ھەرگىز ئۇنىڭ ئەتەي شۇنداق تۇرۇۋالغانلىقىدىن ئە-
مەس، بەلكى قورقۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنلىكىدىن ئى-
دى.
«يۈرەكلىك ئىكەن» دېدى ستېم ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.

www.uyghurkitap.com

ئۇ يەنە بىر تاپانچىنى ئېلىپ رەقىبىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قىلىچىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇردى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ چىرايى تاتارغانىدى. لېكىن، زودمىلىسكى بىر خىل جەسۇرلۇق بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى، ستېپىنىڭ كۆزلىرىدىن بولسا خاتىرجەمسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ كۆزلىرىنى نەگە تىكىشنى بىلمەيتتى. مېنىڭ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتاتتى.

بىلېيىپ ئالدىغا ئۆتتى، ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— تەييار بولدۇڭلارمۇ، ئەپەندىلەر؟ — دېدى بىلېيىپ.

— بۇيرۇقىڭىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتىمىز، مايور، — دېدى زودمىلىسكى بىلەن ستېپ تەڭلا. ئىككىيلەن بىرلا ۋاقىتتا تاپانچىلىرىنى كۆتۈرۈپ رەقىبلىرىنىڭ يۈرىكىگە توغرىلىدى.

ئەتراپ ئېغىر جىمجىتلىققا چۆمدى، پەقەت يېقىن يەردىكى دەرەخلىكتىن قۇشلارنىڭ سايرىشىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مۇشۇندان دەھشەتلىك جىمجىتلىق ئىچىدە ياڭرىغان مايورنىڭ ئاۋازى ھەممىنى ئىختىيارسىز شۈركۈندۈرۈۋەتتى.

— بىر ... ئىككى ... ئۈچ!

بۇ چاغدا بىز زودمىلىسكىنىڭ تاپانچىسىنىڭ تەپكىسى پىستانغا تېگىپ تاپانچىدىن «لاپ» قىلىپ ئوت چىققانلىقىنى كۆردۇق، لېكىن تاپانچا ئېتىلمىدى. ستېپ تاپانچىنى ئاتماي، تاپانچىسىنىڭ ئاغزىنى زودمىلىسكىنىڭ كۆكرىكىگە قارىتىپ چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى.

— ئېتىڭ! — دېدى زودمىلىسكى ئادەتتىن تاشقىرى سالماقلىق بىلەن.

— سىز بۇيرۇق بەرمەسلىكىڭىز كېرەك، ئەپەندى، — دېدى ستېپ، — ئېتىش - ئاتماسلىقىمنى مەن بەلگىلەيمەن. بۇ يەنىلا سىزنىڭ سوئالىمغا قانداق جاۋاب بېرىشىڭىزگە باغلىق.

— قېنى ئېتىڭ، بىراق، خۇدا ھەققى تېزرەك بولۇڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزنى ئۇزاق ساقلاتمايمەن.

بىز پۈتۈن دىققىتىمىز بىلەن ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدۇق.

— مەن بۇ يەرگە سىزنىڭ جېنىڭىزنى ئالغىلى كەلمىدىم، ئەپەندى، — دېدى ستېپىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بەلكى تەلەيسىزلەرنىڭ تەقدىرى بىلەن ئويناشقاندەك ئىش قىلىدىغان مۇئامىلىسى بىلەن كەلدىم. تۇرمۇش بۇنداق كىشىلەرگە رەھىم قىلمايدىكەن. لېكىن، سىز، ئەپەندى، مال - مۈلكىڭىز بار، ھەممىلا يەردە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم. ئىستىقبالىڭىز پارلاق، ھاياتمۇ سىز ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك. لېكىن، تەقدىر ئىلاھى سىز بىلەن قېرىشىپ قالغاندەك قىلىدۇ. سىز ھازىر ئۆلۈشىڭىز كېرەك، مەن بولسام يەنە ياشايمەن. مۇنداق بولسۇن، ئەپەندى، سىز پەقەت بۇنىڭدىن كېيىن ھەدېسىلا دۇئېللاشماسلىققا ۋەدە بەرسىڭىز مەن ئاتمايمەن.

— مەن قاچان سىز بىلەن ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق دۇئېللاشماقچى بولدۇم، ئەپەندى، — ئادەتتىكىدەكلا خاتىرجەملىك بىلەن جاۋاب بەردى زودىملىسكى، — ئۆزىڭىز مېنى چىدىغۇسىز ئوخشىتىشلار بىلەن مەسخىرە قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزنى نائىلاج دۇئېلغا چاقىردىم. بولدى، ئېتىۋېرىڭ، مېنىڭ سىزگە دەيدىغان باشقا گېپىم يوق.

— مېنىڭ شەرتىم ھېچقانچە ئېغىر ئەمەس، سىزنىڭ ئابرۇيىڭىزغا قىلچە نۇقسان يەتكۈزمەيدۇ، — دېدى ستېپىم سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ، — مايور، سىز بىزگە ھۆكۈم قىلىڭا، — ئۇ مايورغا بۇرۇلۇپ مۇراجىئەت قىلدى، — مەن سىزنىڭ ھۆكۈمىڭىزگە بويسۇنىمەن، مېنىڭچە زودىملىسكىمۇ بويسۇنىدۇ. زودىملىسكى ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسەتتى. ئۇ مېنىڭ تاپانچامنىڭ ئوقىدا ئۆلمەي قالسا بۇ ئۇنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس، — ئۇ ئەتراپتا تۇرغان ئوفىتسېرلارغا كۆز

يۇگۇرتۇپ، — باشقىلار تاڭغان شەرتنى زودمىلىسكى قوبۇل قىلسا بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بولىدۇ! — دېيىشتى ئوفىتسېرلار تەڭلا ۋارقىراپ، — بۇ ئۇنىڭ ئابرۇيىغا قىلچە نۇقسان يەتكۈزمەيدۇ.

زودمىلىسكى قىمىر قىلماي تۇراتتى.

— زودمىلىسكى قوشۇلدى، — دېدى ياشانغان پرافكىن ئالدىغا چىقىپ، — بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن زودمىلىسكى ئاسانلىقچە باشقىلار بىلەن دۇئېللاشمايدۇ.

— ياق، بۇنى سىز ئېيتىۋاتىسىز كاپىتان، زودمىلىسكى تېخى مۇنداق دېگىنى يوق.

— سىز مېنىڭ سۆزۈمگە قوشۇلامسىز، زودمىلىسكى؟ — دېدى پرافكىن. تەقەززالىقتىن ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى يىلىنغاندەك چىقىپ كەتتى.

— قوشۇلىمەن، — دېدى زودمىلىسكى ناھايىتى پەس ئاۋاز بىلەن.

— ھەببەللى! — ئوفىتسېرلار تەڭلا ۋارقىراشتى. ھەممەيلەن بۇ دۇئېلنىڭ مۇشۇنداق ئاخىرلاشقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ قىن - قىنىغا پاتماي كېتىشتى، بەزىلەر ھەتتا شەپكىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىپ كەتتى.

— مەن سىلەردىنمۇ بەكرەك خۇشال، — دېدى سىتېپم، — ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك ئاخىرلاشتى. كاپىتان، ئىرادىلىك ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، دۇئېلدا مەرگەنلىكىنىڭ ھېچقانچىلىك ئەھمىيىتى يوق، پەقەت ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن قورقمايدىغانلىقىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز. پەقەت پۇرسەت ئوخشاش بولسىلا، مەرگەن قارىغا ئاتالمايدىغانلارنىڭ ئالدىدا ھېچقانچە بىر ئارتۇق پايدىغا ئىگە بولالمايدۇ. مەن سىزنى ئېتىپ ئۆلتۈرمەكچى ئەمەسمەن، پەقەت ئۆلۈم ئالدىدا قورقىدىغان - قورقمايدىغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ باقماقچى ئىدىم. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، سىز ھەقىقەتەن باتۇر ئىكەن-

سىز، تەبرىكىمنى قوبۇل قىلغايسىز، بۇ ئىككى تاپانچىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ئوق يوق ئىدى.

ستېم گەپ قىلىۋېتىپ تاپانچىنىڭ تەپكىسىنى باسقانىدى، تاپانچە ئېتىلمىدى.

زودمىلىسكى خۇددى يارىلانغان شىردەك غەزەپ بىلەن توۋ-لىۋەتتى.

— خۇدا ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، — دېدى ئۇ ۋارقى-راپ، — بۇ ھەددىدىن زىيادە قەبىھلىك، ئىلگىرىكىدىنمۇ بەتتەر چىدىغۇسىز ئىش. سىز بۇ ئىشنى مۇشۇنداق تۈگىتىمەن دەمسىز؟ ياق ئەپەندى، بىز باشقىدىن ئېلىشىمىز، ئۇ چاغدا ئەگەر مېنىڭ رايىمچە بولسا، ھەر ئىككىلا تاپانچىدا ئوق بولىدۇ.

— ياق، كاپىتان، — دېدى ستېم ناھايىتى خاتىرجەم-لىك بىلەن، — مەن سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى كەچۈرۈم قىلغاند-كەنمەن، ھەرگىزمۇ يېنىۋالمايمەن. سىز مېنى قانچىكى ھاقا-رەتلىمەڭ، مەن ئەمدى بەربىر سىز بىلەن دۇئېللاشمايمەن.

— ئۇنداق بولسا مەن بىلەن دۇئېللىشامسىز، ستېم ئەپەندى، — دېدى پرافكىن پەلتوسىنى سېلىۋېتىپ ئۇنلۇك ئاۋازدا، — سىزنىڭ بۇ قىلىقىڭىز لۈكچەكلەرنىڭ قىلىقى. سىز زودمىلىسكىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ سىكونداتتىنىمۇ ئالدىدى-ڭىز، بەش مىنۇت ئىچىدە جەسىتىڭىزنى ئايىغىمنىڭ ئاستىغا يېقىتمىسام مەن ئادەم ئەمەس!

ستېم گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئىشنىڭ بۇنداق بولۇ-شىنى ئويلىمىغانىدى.

— ئەگەر سىزنى پرافكىن ئاتالمىسا، مەن ئېتىپ تاشلاي-مەن! — دېدى نارتوپ.

— مەنمۇ ئېتىپ تاشلايمەن! مەنمۇ! — دېيىشتى ئوفىت-سېرلار بىردەك ۋارقىرىشىپ.

www.uyghurkitap.com

— قويساڭلارچۇ! مەن ھەممىڭلار بىلەن بىراقلا دۇئېللىشالمايمەنغۇ! — دېدى سىتېپ، — ئاراڭلاردىن بىرىڭلار چىقىڭلار، گەرچە بۇ دۇئېل ئەمەس، بەلكى سۇيىقەست بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىمەن!

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئەپەندى، — دېدى مايور بېلىپ-يىپ، — بىز ھەربىيلەرنىڭ شان - شۆھرىتىگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمىز. بىز سىزنىڭ ھاقارىتىڭىزگە ئۇچرىدۇق. سىز ھەربىي مۇندىر كىيگەن مۆتتەھەم ئىكەنسىز. سىز ھەممەيلەن بىلەن تەڭلا دۇئېللىشالمايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىۋاتىسىز، مېنىڭچە ھەر قانداق بىرىمىز بىلەنمۇ دۇئېللىشالمايسىز. سىز بىردەم كۈتۈپ تۇرۇڭ، ھازىر سىزگە كۆپچىلىك ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەپەندىلەر، بۇ ياققا كېلىڭلار.

بىز مايورنىڭ چۆرىسىگە يىغىلدۇق. ھەممەيلەننىڭ پىكرى بىردەك بولۇپ، ھېچقانداق مۇنازىرىسىزلا ھۆكۈم چىقىرىلدى. مايور ۋاقىتلىق باشقۇرغۇچى سۈپىتىدە سىتېپنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەپەندى، سىز جىمىكى شان - شەرەپ مىزانىنى يوقىتىپ قويدىڭىز. سىزنىڭ جىنايىتىڭىز ۋەھشىيانە سۇيىقەست، سىز تاپانچىلاردا ئوق يوقلۇقىنى بىلگەنلىكىڭىز ئۈچۈن خاتىرجەم تۇرۇپ، زودىلىسكىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان ئادەمنىڭ روھىي ئازابلىرىغا سالدىڭىز. يەنە كېلىپ سىز قوشلاپ زىيانكەشلىك قىلغان ئادەم بىلەن دۇئېللىششىنى رەت قىلدىڭىز.

— تاپانچىغا ئوق سېلىڭلار، ئوق سېلىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى سىتېپ خىجىللىقتىن غەزەپكە كېلىپ، — مەن خالىغان بىرىڭلار بىلەن دۇئېللىشىمەن!

مايور مەنسىتمىگەن قىياپەتتە كۈلۈپ بېشىنى چايقىدى.

— ياق، لېيتېنانت ئەپەندى، — دېدى ئۇ، — سىز ئەمدى ھەمراھلىرىڭىز بىلەن دۇئېللىشالمايسىز، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھەربىي نامىڭىزنى بۇلغاپ بولدىڭىز، بىز ئەمدى سىز بىلەن ھەرگىزمۇ بىر سەپتە بولالمايمىز. ئۇلار سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويۇشۇمنى تاپشۇردى، بىز سىزنىڭ سالاپىتىڭىزگە لايىق بولمىغان بۇ قىلىقىڭىزنى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلماقچى ئەمەسمىز. شۇڭلاشقا، سىز سالامەتلىكىڭىزنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سەۋەب قىلىپ ئىستېپا بېرىشىڭىز كېرەك. بارلىق زۆرۈر ئىسپىراپكىنى دوختۇر تەييارلاپ بېرىدۇ. بۈگۈن 5 - ماي كۈنى، سىز 5 - ئىيۇنغىچە پولكتىن كېتىشىڭىز كېرەك.

— مەن ئەلۋەتتە كېتىمەن، لېكىن سىلەرنىڭ تەلىپىڭلار بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ ئارزۇيۇم بويىچە كېتىمەن.

ستېپم سۆزىنى تۈگىتىپ، يەرگە سانجىقلىق قىلىچىنى ئېلىپ يېنىغا ئاستى، پەلتوسىنى كىيدى، ئاندىن ئېتىغا مىنىپ، ئارقىغا قاراپ بىر نېمىلەرنى دەپ تىللىدى - دە، يېزىغا قاراپ چېپىپ كەتتى.

بىز ھەممىمىز زودمىلىسكىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتۇق. ئۇنىڭ چىرايىدىن خاپىلىق چىقىپ تۇراتتى. ياق، بۇنداق دېگەندىن كۆرە ئۇنى قاتتىق ھەسرەت چەكمەكتە، دېگەن توغرىراق بولاتتى.

ئەپەندىلەر، بايا سىلەر مېنى نېمىشقا ئۇ ئەبلەخنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىشقا قىستىدىڭلار؟ — دېدى ئۇ، — ئەگەر سىلەر دەۋەت قىلمىغان بولساڭلار مەن ئۇنىڭ شەرتىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمىغان بولاتتىم.

— مەن ھەمراھلىرىم بىلەن بىللە جىمىكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالىمەن، — دېدى مايور، — سىز ئىنتايىن ئالىيجاناب پەزىلىتىڭىزنى نامايان قىلدىڭىز، شۇڭلاشقا مەن مۇشۇ سورۇندىكى بارلىق ھەربىيلەرنىڭ نامىدىن سىزگە شۇنى ئېيتى-

مەنكى، زودمىلىسكى، سىز ھەقىقەتەن باتۇر، قورقماس ئادەم ئىكەنسىز، — ئاندىن ئۇ ئوفىتسېرلارغا قاراپ، — ئەپەندى-لەر، يۇرۇڭلار، قايتايلى. يۈز بەرگەن ۋەقەنى چوقۇم پولكوۋ-نىكقا دوكلات قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى.

بىز كالياسكىغا ئولتۇردۇق، بۇ چاغدا يىراقتىن سىتېم-نىڭ ئېتىنى چاپتۇرۇپ يېزىدىن چىقىپ تاغ باغرىدا كېتىۋاتقان-لىقىنى كۆردۇق. زودمىلىسكى ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— قانداقتۇر بىر بىشارەت كەيپىمنى بۇزۇپ تۇرىدۇ، — دېدى، — مەن ئۇنىڭ تاپانچىسىنىڭ ئوقلانغان بولۇشىنى، ئۇنىڭ ئوق ئۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىۋىدىم.

ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى يوقاتماقچى بولغاندەك ئېغىر خورسىنىپ بېشىنى چايقاپ قويدى.

— ئۆيگە قايتىمىز، — دېدى ئۇ ھارۋىكەشكە.

بىز كەلگەن يولىمىز بىلەن قايتقاچقا، يەنە مارىئاننا راۋ-نىسكى خېنىمنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كې-لەتتى. بىز ھەممىمىز بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قارىدۇق، دېرىزە تۈۋىدە ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— كاپىتان، — دېدى زودمىلىسكى ماڭا، — ئازراق ياردەم قىلالامسىز؟

— قانداقلىكى ئىشىڭىز بولسا ئېيتىۋېرىڭ، — دېدىم مەن.

— مېنىڭ ئورنۇمدا كىرىپ بىچارە مارىئانناغا بۇ پاجىئە-لىك ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى يەتكۈزۈپ قويسىڭىز.

— خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن. قاچان باراي؟

— ھازىرلا بېرىڭ، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى. ھار-ۋىنى توختات! — دېدى زودمىلىسكى. كالياسكا توختىدى. مەن كالياسكىدىن سەكرەپ چۈشۈشۈمگە، كالياسكا يەنە ئالغا قاراپ ئۇچقاندەك تېز يۈرۈپ كەتتى.

زودمىلىسكى قايتىپ كېلىپ ئەمدىلا ئۆيگە كىرىشىگە مەنمۇ ئۇنىڭ مېھمانخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدىم. ئۇ چاغدىكى چىرايىم ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولسا كېرەك، بولمىسا زودمىلىسكى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئالدىمغا ئېتىلىپ كەلمىگەن بولاتتى.

— يا پەرۋەردىگارا! كاپىتان، نېمە بولدىڭىز؟

مەن ئۇنى مېھمانخانىدىن تاشقىرىغا ئاچىقتىم.

— بىچارە دوستۇم، ئەگەر مارىئاننانى يەنە بىر كۆرۈۋالغۇڭىز بولسا دەرھال بېرىڭ. بىز دۆئېلغا كېتىپ بارغاندا ئۇ دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرغانىكەن، ستېپىنىڭ ئېتىنى مىنىپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بىرلا چىرقىراپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇ ستېپ ھايات قالغانىكەن، دېمەك، سىزنى چوقۇم ئۆلدى دەپ ئويلىغان گەپ. شۇنىڭدىن تارتىپ تېخىچە ھوشىغا كەلمەپتۇ.

زودمىلىسكى ۋارقىراپ:

— ئاھ، شور پېشانىلىكىمنىڭ بېشارىتى! شۇملۇقنىڭ بېشارىتى! — دېگىنىچە شەپكىسىنى كىيمەي، قىلىچىنىمۇ ئاسماي ئېتىلىپ كوچىغا چىقىپ كەتتى.

ئۇ راۋىنىسكى خېنىمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ پەلەمپەيدىن چىقىۋېتىپ، يۇقىرىدىن چۈشۈۋاتقان دوختۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— دوختۇر، — دېدى زودمىلىسكى دوختۇرنى توختىتىپ، — ئۇ ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟

— ھەئە، — دېدى دوختۇر جاۋاب بېرىپ، — ياخشى بولۇپ قالدى، ئەمدى ئۇ ھەرگىزمۇ ئازاب چەكمەيدىغان بولدى.

— قازا قىلدى؟ — زودمىلىسكى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى. ئۇ چىرايى تاتىرىپ، تامغا يۆلىنىپ ئارانلا تۇرۇپ قال -

www.uyghurkitap.com

دى، — قازا قىلدى؟ !

— بىچارە قىز، مەن دائىم ئۇنىڭغا يۇرىكىنىڭ ئاچىرلىقىنى ئېيتىپ، ئادەتتىن تاشقىرى ھاياجانلىنىشتىن ساقلانغىن، دەيتتىم.

زودمىلىسكى دوختۇرنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىمىدى، ئۇ ئاللىقاچان پەلەمپەيگە چىقىپ، دالاندىن ۋە مېھمانخانىدىن ئۆتۈپ، خۇددى ئېلىشىپ قالغاندەك ۋارقىرىغىنىچە كېتىۋاتاتتى.

— مارىئاننا، مارىئاننا!

ياتاقخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا مارىئاننانىڭ تەربىيىچىسى تۇراتتى. ئۇ زودمىلىسكىنى توسىۋالدى، زودمىلىسكى ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ ئۆيگە كىردى.

مارىئاننا كارىۋىتىدا تىپتىنچ ياتاتتى. چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، چىرايى خۇددى ئۇخلاۋاتقاندەك شۇ قەدەر خاتىرجەم ئىدى. زودمىلىسكى كارىۋات ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى، قولى ئاللىقاچان مۇزلاپ كەتكەنىدى، قولىدا زودمىلىسكىنىڭ بىر تۇتام قارا، بۇدۇر چېچى چىڭ سىقىمداقلىق ئىدى.

— مېنىڭ چېچىم! — دېدى زودمىلىسكى ۋارقىراپ ۋە ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى.

— شۇنداق، سىزنىڭ چېچىڭىز، — دېدى تەربىيىچى، — سىلەر پېتېربۇرگتا ئايرىلغان چاغدا ئۇ چېچىڭىزدىن كېسىۋالغان. مەن دائىم ئۇنىڭغا، بۇ ئىككىڭلاردىن بىرىڭلارغا بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ دەيتتىم، مانا دېگىنىمدەك بولدى.

ئەگەر زودمىلىسكىنىڭ كېيىن قانداق بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ترويكا مۇناستىرىغا بېرىپ، مۇناخ ۋاسىلىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرسىڭىزلا بولىدۇ. مۇناستىر مۈرىتلىرى سىزنى ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. ئۇ يەردىكىلەر

ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمىنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ نېمە ئۇچۇن ياپپاش تۇرۇپلا (يىگىرمە ئالتە ياش) مۇناخلىق تونىنى كىيىۋالغانلىقىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ئۇنىڭ سۆيگەن قىزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھەسرەت چېكىپ بۇ يەرگە كېلىپ مۇناخ بولغانلىقى ھەققىدىلا ئاز - تولا بىر نېمىلەر دەپ بېرەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بەربات بولغان ئەقىدە

## رابىندىرانات تاگور

مەريەم ساقىم تەرجىمىسى

بۇ بۇنىڭدىن كۆپ ۋاقىتلار بۇرۇن بولغان ئىش. ئۇ چاغدا مەن دارجىلىنغا بارغانىدىم. ئۇ چاغدا ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، ئاسمانىنى قاپقارا بۇلۇتلار قاپلىغانىدى. بۇنداق مانان ھاۋادا كىشىنىڭ تالاغا چىققۇسى كەلمەيتتى، بىراق ئۆيدە ئولتۇرۇشمۇ ئادەمنى تىت - تىت قىلىۋېتەتتى.

مەن مېھمانخانىدا ناشتا قىلىپ بولۇپ، قېلىن چەملىك ئۆتۈكۈمنى ۋە يامغۇرلۇقۇمنى كىيىپ، سەيلە قىلىپ يېڭى ھاۋا يېيىش مەقسىتىدە سىرتقا چىقتىم. سىرتتا سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. كۆلرەڭ بۇلۇتلۇق ھاۋانىڭ ئەپتى گويا ياراتقۇچى خۇدا بارچە ئالەمنى ھىمالايا تېغى بىلەن قوشۇپ ئېقىتىۋەتمەكچى بولغاندەكلا ئىدى.

مەن ئادەملەر شالاڭ كالكۇتتا يولىدا كېتىۋېتىپ ئويلاندىم: بۇ خىلۋەت تۇمانلار ماكانىدا ئادەم ئەجەبمۇ كۆڭۈلسىز يۈرىدىكەن. ئەگەر مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن رەڭمۇ رەڭ گۈللەرگە پۈركەنگەن، گۈپۈلدەپ خۇش پۇراقلار چېچىپ تۇرغان زېمىننى — ئانامنى مەھكەم قۇچاقلىۋالالىسام نەقەدەر شادلىنىپ چۆمگەن بولاتتىم - ھە!

بۇ چاغدا، يېقىنلا بىر يەردىن ئايال كىشىنىڭ ئېسەدەپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. خارابە، دەرد - ئەلەمگە تولغان بۇ

دۇنيادا يىغا ھەيران قالارلىق نەرسە ئەمەس. باشقا جاي، باشقا ۋاقىت بولسىدى، ئېھتىمال مەن بۇ يىغىغا ئېتىبار قىلمىغان بولاتتىم. بىراق، بۇ يىغا ئاۋازى قۇلىقىمغا بىپايان تۇمانلار دۇنياسىدا غايىب بولغان بۇ جاھاندىكى بىردىنبىر ئاۋاز بولۇپ ئىشىتىلدى، شۇڭا بۇنىڭغا پەرۋاسىز قاراپ ئۆتۈپ كېتەلمىدىم.

مەن ئالدىمغا مېڭىپ يىغا ئاۋازىنى ئىزلىدىم. ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا توق جىگەررەڭلىك كىيىم كىيگەن، تال ـ تال سېرىق چاچلىرىنى ماڭلىيىغا تۇگۇۋالغان بىر ئايال مۇناخىنىڭ يول ياقىسىدىكى ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ پەس ئاۋازدا ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. روشەنكى، بۇ يىغا ئاۋازى ھەرگىزمۇ يېڭى قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ داد ـ پەريادى بولماستىن، بەلكى ئۇزۇندىن بېرى يىغلىسپ كەلگەن، تولىمۇ ئەلەملىك يىغا ئاۋازى ئىدى. كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان بۇ يىغا گويا قارا بۇلۇتلار ۋە قاقاس تاغلار ئارىسىدىن ئۇزۇلۇپ ـ ئۇزۇلۇپ چىقىۋاتقاندەك ئىدى.

مەن كۆڭلۈمدە، ھىجران ئازابى ۋە ۋىسال شادلىقى بىلەن تولغان بىر ئائىلىۋى ھېكايىنى باشلاشنىڭ تازا بەلەن پۇرسىتى كەلدىغۇ، دەپ ئويلىدىم. بىراق، كۆك قەھرىگە تاقاشقان تاغ باغرىدا ئېچىنىشلىق ھالدا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكسۈپ يىغلاپ ئولتۇرغان ئايال مۇناخىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشۈمنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم.

بۇ ئايالنىڭ قايسى جەمەتتىن ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش قىيىن ئىدى، مەن ئىنتايىن مۇلايىملىق بىلەن:

— سىز كىم بولىسىز؟ نېمە ئىش بولدى؟ نېمە ئۈچۈن مۇنچە ئەلەملىك يىغلايسىز؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ جاۋاب بەرمەستىن، ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن قويۇق تۇمانلار ئارىسىدىن ماڭا تازا زەن قويۇپ قاراپ چىقتى.

— قورقماڭ، مەن مەدەنىيەتلىك ئادەم، — دېدىم مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئالدىراپ.

بۇنى ئاڭلاپ ئۇ كۈلۈمسىرىدى، ئاندىن غەيرىي بىر خاتىر-
جەم، ئىنتايىن يېقىملىق تەلەپپۇزدا:

— مېنىڭدە قورقۇش ئاللىقاچان يوقالغان، ھەتتا ئۇيىپ-
لىش، تەپ تارتىشمۇ قالغىنى يوق بېگىم. بىر زامانلاردا مەن
ئالتۇن قەسىردە ياشىغان، مېنىڭ رۇخسىتىمسىز بىر تۇغقان
ئىنىممۇ ھۇجرامغا ئاياغ باسالمايتتى. بۇگۈنكى كۈندە بولسا بۇ
كەڭرى جاھاندا ئۆزۈمنى غەيرىيلەردىن يوشۇرغۇدەك ھالىممۇ
قالمىدى، — دېدى.

دەسلەپتە مەن ئۇنىڭدىن خاپا بولدۇم. چۈنكى مېنىڭ كىيى-
نىشىم ۋە ئەجنەبىي موتىۋەرلىرىدەك سىياقىمغا قارىماي بۇ نەس
باسقان ئايال مېنى قىلچە ھېيىقماستىن «بېگىم» دەپ ئاتىغان-
دى. شۇڭلاشقا مەن بۇ ھېكايىدىن ۋاز كېچىپ، تاماكامدىن
پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىپ، مۆتىۋەرلەرنىڭ سالاپەتلىك پوزى-
زىغا ئوخشاش، مەغرۇرانە ھالدا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەك-
چىمۇ بولدۇم. بىراق، ئۇنىڭ ئىچكى سىرىغا قىزىقىش ئۈستۈن
چىقتى، شۇڭا ئۆزۈمنى چوڭ تۇتقان ھالدا گىدىيىپ تۇرۇپ:

— سىزگە نېمە قىلىپ بېرەلىشىم مۇمكىن؟ ئېيتىڭا،
سىزگە نېمە لازىم؟ — دېدىم.

ئۇ ئۆتكۈر نەزەر بىلەن چىرايىمغا گۇمانسىراپ قارىدى —
دە، بىر ئاز تۇختىۋېلىپ، ئاندىن قىسقىلا جاۋاب بەردى.

— مەن بودىرائون كىنەزى غۇلام زاتىرخاننىڭ قىزى.

بودىرائون كىنەزلىكى قەيەردە؟ غۇلام زاتىرخان قايسى دە-
رىجىلىك كىنەز؟ ئۇنىڭ قىزى قانداق دەرد — ئەلەم كېلىپ
ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كالكۇتتا يولى ياقىسىدا تىكەندەك يالغۇز
ئولتۇرۇپ يىغلايدۇ؟ بۇ نەرسىلەر ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە بۇ ئىشلارغا ئۆزۈممۇ ئىشىنەلمەي قالدىم. ۋاي
بولدىلا، ئادەمنىڭ ھەپسىلىسىنى پىر قىلىدىغان بۇ ئىشلارغا

نېمانچە قىلىپ كېتىمەن؟ ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن شەكىللىنىۋاتامدۇ؟

كىنەزنىڭ قىزىمەن دېگەن ھۆرمەتلىك نامىنى ئاڭلاپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن تەزىم قىلدىم ـ دە:

ــــ مەلىكەم، سىزنى تونۇماي قاپتىمەن، بۇ ئەدەپسىزلىكىم ئۈچۈن كەچۈرۈڭ! ــــ دېدىم.

تونۇماي قېلىشىمنىڭ سەۋەبلىرى بەكمۇ كۆپ. ئەڭ مۇھىمى، مەن ئۇنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان. ئاندىن قالسا، بۇ قويۇق تۇماندا ئادەم ئۆزىنىڭ پۇت ـ قولىنى پەرق ئېتىشىمۇ خېلى بىرگەپ، كىنەز قىزى مېنىڭ كەچۈرۈم سورىغىنىمغا قىلچە پىسەنت قىلمىدى. ئۇ ئوڭ قولى بىلەن ئالدىدىكى تاشنى كۆرسىتىپ، بۇيرۇق ئاھاڭىدا مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

مۇنداق قارىغاندا، بۇ ئايال مۇناخ ئەينى يىللاردىكى مەلىكىلىك كىيىرىنى زادىلا تاشلىمىغان. «شاھانە يارلىقلار» بىلەن كىشىلەرنى تىز پۈكتۈرىدىغان كۈچ ـ قۇدرىتىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى. مەن بۇ تۇماندا، مۇخ بېسىپ كەتكەن، ھۆل، قاتتىق تاش ئۈستىگە ئولتۇرۇش شەرىپىگە ئىگە بولۇپ، خۇددى ئەزەلدىن ئويلاشقىنىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان بىر ئىلتىپاتقا ئېرىشتىم. بۈگۈن بودىرائون كىنەزى غۇلام زاتىرخاننىڭ قىزى ماڭا دارجىلىننىڭ كالكوتتا يولىدا ئۆزى بىلەن باراۋەر ئولتۇرۇش ھوقۇقىنى ئاتا قىلدى. مەن يامغۇرلۇقۇمنى كىيىپ مېھمانخانىدىن چىققاندا بۇنداق ئامەتكە يولۇقىدىغىنىمنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم.

ھېمالايا تېغىنىڭ باغرىدىكى بۇ خىلۋەت جايدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان ئىككى يولۇچى قاتتىق تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، خۇددى يېقىندا دۇنياغا كەلگەن يېقىملىق داستاننى ئاڭلاۋاتقاندەك، قىز ـ يىگىتلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتى-

لىرىنى ئېيتىشىۋاتاتتى. بۇ جەزمەن كىتابخانىلارنىڭ قەلبىدە يىراقلاردىكى جىلغىدىن ئېقىپ كەلگەن بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىر-لىشىنى، كالىداسىنىڭ «خەۋەرچى بۇلۇت»، «چۈمۈلىنىڭ دۇن-ياغا كېلىشى» قاتارلىق سىرلىق، يېقىملىق مۇزىكىسىنى ئاڭلا-ۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

ھەر ھالدا شۇنىڭغا ئىشىنىڭلاركى، ماڭا ئوخشىغان پۇتىغا ئۆتۈك، ئۇچىسىغا يامغۇرلۇق كىيگەن زامانغا لايىق ئەپەندىگە كالكۇتتا يولى ياقىسىدا، يامغۇردىن ھۆل بولغان تاش ئۈستىدە مۇناخ سىياقىدىكى تونۇشمايدىغان بىر كىنەز قىزى بىلەن روبى-رو ئولتۇرۇپ ھېكايە ئېيتىشىۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ۋە قەدرى - قىممىتىنى ساقلىشى ئاسان ئىش ئەمەس. قويۇق تۇمان باسقان، قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بۇ مالىمان ئا-لەمدە ئوڭايسىزلىنىپ ۋە بىئارام بولۇپ، ئۆزىمىزنى باشقىلار-دىن يوشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىش تامامەن ئورۇنسىز. بۇ باش - ئۇچى كۆرۈنمەيدىغان تۇمانلار دۇنياسىدا پەقەت ئىككىمىز — بودرائون كىنەزى غۇلام زاتىرخاننىڭ قىزى ۋە مەن، يەنى ھىندىستاننىڭ زامانغا لايىق كىشىسى بىلەن فېئودال پادىشاھ جەمەتىنىڭ مەلىكىسى خۇددى توپان بالاسىدا تىرىك قالغان بىر-دىنبىر نىشانەدەك ئولتۇرۇپتىمىز. بۇ غەيرىي ئۇچرىشىشنىڭ غايەت زور لەززىتى پەقەت ئىككىمىز خاس بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقىلار بەھرىمەن بولالمايدۇ.

— مەلىكەم، سىزنى بۇ ئەھۋالغا سېلىپ قويغان كىم؟ — دەپ سورىدىم مەن.

مەلىكە تەقدىرگە تەن بەرگەن ئاھاڭدا:

— بۇ ئىشلارنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي؟ مۇشۇنچە زور قورام تاشلاردىن ھاسىل بولغان ھەيۋەتلىك ھىمالا-يا تېغىنى كۆرۈمسىز تۇمانلار بىلەن ئورىغان كىمدۇ؟ — دېدى.

مەن ھېچقانداق پەلسەپۋى مۇنازىرە قوزغىماي ئۇنىڭ سۆ-
زىگە قوشۇلدۇم:
— شۇنداق، تەقدىرنىڭ سىرىنى كىممۇ ئاچالىسۇن؟
ھەممىمىز ئاجىز بەندىلەرمىز.
مۇنازىرىلىشىدىغان بولساقمۇ، مەن كېنەز قىزىغا ئوڭايلىق-
چە بوش كەلمەيتتىم. بىراق، مەن تىل ئارقىلىق كۆڭلۈمدىكى-
لەرنى ئىپادە قىلىپ بېرەلمەيتتىم، چۈنكى، يېرىم - ياتا بىلى-
دىغان ئوردۇ تىلىدا بودىرائون كىنەزنىڭ مەلىكىسى ياكى باشقا
مەلىكىلەر بىلەن تەقدىرچىلىك ۋە ئەركىنلىك كۆز قارىشى توغ-
رىسىدا مۇنازىرە قىلىشقا چامام يەتمەيتتى.
— ھاياتىمدىن يېزىلغان ئاجايىپ ھېكايىنىڭ ئاخىرقى
سەھىپىسى بۈگۈن پۈتتى. تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشىمگە ئىجا-
زەت قىلامسىز؟ — دېدى مەلىكە.
— نېمانداق ئىجازەت سوراپ يۈرىسىز؟ سىزگە ئىجازەت
كېرەكمۇ تېخى؟ ھىم. ئەگەر سىز ئىلتىپات قىلىپ سۆزلەپ
بېرىدىغانلا بولسىڭىز، مەن قالتىس شەرەپ ھېس قىلىپ،
جان - دىلىم بىلەن تىڭشىغان بولاتتىم، — دېدىم مەن.
مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى ئېھتىمال ھېچكىممۇ چۈشەنمەس.
شۇنداق، مەن ئەلۋەتتە سۆزۈمنى چۈشىنىشلىك قىلىشنى خالايت-
تىم، ئەپسۇسكى، بۇنىڭغا قادىر ئەمەس ئىدىم، كىنەز قىزىنىڭ
ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سۆزلەر ماڭا خۇددى شەبنەم يۇيۇپ ياشارت-
قان تەكشى ۋە قاراڭغۇ دالىلاردىكى ئالتۇندەك سېرىق باشاقلارنى
يېنىك تەۋرىتىۋاتقان، كۆڭۈلگە ئارامبەخش ئېتىدىغان مەيىن
تاڭ شامىلىدەك تۇيۇلاتتى. بۇ سۆزلەر شۇ قەدەر يېقىملىق،
يۇمشاق، پاساھەتلىك ۋە راۋانكى، بۇنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە
ئاجىزمەن. مەن بولسام بەئەينى ياۋايى ئادەملەرگە ئوخشاش
تولىمۇ ئاددىي، قوپال ئىبارىلەر بىلەن ئارىلاپ لوقما سېلىپ
قوياتتىم. ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئاددىي ۋە نازاكەتلىك سۆزلىرىگە

چىن قەلبىمدىن ئاپىرىن ئەيلىمەي تۇرالمىدىم ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا تىلغا بەكمۇ كەمبەغەل كىشىنىڭ ئوڭايسىزلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

كىنەز قىزى ھېكايىسىنى باشلىدى:

— مېنىڭ دادام دېھلىدىكى پادىشاھلار ئەۋلادىدىن ئىدى. ئۇ ئالىيجاناب قانداشلىقىمىزنى ساقلاپ قالىمىز دەپ، مېنىڭ تۇرمۇش مەسىلەمنى ھەل قىلىشقا ئالدىراپ كەتمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ماڭا لايىق شاھزادە تېپىشى تەس بولغانىدى. كىنەز لاكناۋ ئەلچى ئەۋەتتۇيدى، دادام سىلىق - سىپايە سۆزلەر بىلەن ئۇزرە ئېيتىپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتتى. دەل شۇ چاغدا قوزغىلاڭ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ئارمىيىسى ئىچىدە ھۆكۈمەتكە قارشى چوڭ بوران چىقىپ، پۈتكۈل ھىندىستان ئوق - دورىنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ئىچىدە قالدى.

مەن ئاياللارنىڭ ئاغزىدىن، بولۇپمۇ كىنەز قىزلىرىنىڭ ئاغزىدىن ئاجايىپ گۈزەل ۋە نەپىس ئوردۇ تىلىنى پەقەت ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمەن. بۈگۈن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ شۇنى چۈشەندىمكى، بۇ تىل ئەسلىدە شاد - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئېسىلزادە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ، كەلمەسكە كەتكەن ئاشۇ زامانلارنىڭ تىلى ئىكەن. شۇڭا بۇ تىلدا سۆزلەشتە مەن قانداقمۇ ئاقسۆڭەكلەرگە تەڭ بولالايمەن! بۈگۈنكى كۈندە تۆمۈريول ۋە تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، سودا - سېتىقنىڭ گۈللىنىشى، نۇرغۇنلىغان بەگلىكلەرنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن بۇ پانىي ئالەمدىكى جىمى شەيئىلەر تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق زىنىنەتسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. پەقەت كىنەز قىزىنىڭ يېقىملىق سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا، ئاندىن بىر پادىشاھ قەسرى، ئەنگلىيىنىڭ كۆچمەنچى پۇقرالىرى يېڭىدىن بىنا قىلغان تاغلىق شەھەر

---

① بۇ، 1857 - يىلى ھىندىستاندا بولغان چوڭ مىللىي قوزغىلاڭنى كۆرسىتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

1364459082

دارجىلىن قويۇق تۇمان پەردىسى ئىچىدە ئاجايىپ بىر سېھرىي كۈچ بىلەن كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى. مانا يوغان ـ يوغان ئاق مەرمەردىن ياسالغان ئاسمان ـ پەلەك ھەۋەتلىك سارايلار؛ كوچىلارغا پاتماي كېتىۋاتقان زاتى ئېسىل ئاتلار ئۈستىدە زەر ۋە كالوتۇنلاردا نەپىس كەشتىلەنگەن كىمخاب ئىگەر ـ يوپۇقلار؛ ھەيۋەتلىك پىللارنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان ھەشەمەتلىك كاجۋىلار؛ رەڭگا رەڭ ئېسىل رومالىلىرى، كەڭ، ئازادە شىمىلىرى، بېلىگە ئاسقان ئەگرى قىلىچلىرى، قونچىغا سېرىق گۈل چېكىلگەن، ئۇچلۇق تۇمشۇقلىرى يۇقىرىغا قارىغان ئۆتۈكلىرى، بوش ـ بىكار چاغلىرىدا كىيىدىغان كەڭ، سۆرەلمە پەرىجىلىرى ۋە ئاجايىپ لاتاپەتلىك ئۆرپ ـ ئادەتلىرى!

كىنەز قىزى سۆزلەۋاتاتتى:

— ئۇ چاغلاردا قەسىرىمىز جۇمنا دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقانىدى. ئارمىيىمىزنىڭ قوماندانى ھىندى تىلىدىكى براخمان بولۇپ، ئىسمى كىشورلال ئىدى.

ئايالنىڭ ئاۋازىدىكى ئەڭ يېقىملىق مۇزىكا پەقەت مۇشۇ «كىشورلال» دېگەن سۆزنى ئېيتقاندا تولۇق گەۋدىلەنگەندەك بولدى. مەن سەل ھاياجانلاندىم ۋە ھاسامنى يەردە قويۇپ، ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشقا باشلىدىم.

كىنەز قىزى ھېكايىسىنى داۋام قىلدى.

— كىشورلال ھىندى دىنىنىڭ ھالال مۇرىتى ئىدى. مەن ھەر كۈنى سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ھۇجرامنىڭ دېرىزىسىدىن يوشۇرۇنچە كىشورلالنىڭ جۇمنا دەرياسى بويىغا چۈشۈپ، چوڭقۇر جۇمنا سۈيىدە چۆمۈلگىنىنى كۆزىتەتتىم. ئۇ يېڭىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشقا قاراپ قولىنى جۈپتەكلەپ ئىخلاس بىلەن سەجدە قىلاتتى. ئاندىن نەم كىيىملىرىنى كىيىپ قىرغاقتا ئولتۇرۇپ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئايەت ئوقۇيتتى، ئارقىدىن جاراڭلىق ۋە ساز ئاۋازدا مۇناجات قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا تاڭ

www.uyghurkitap.com

شەبنەمنى بېسىپ سارايغا قايتاتتى.

ئېيتماقچىمەن مۇسۇلمان قىزى ئىدىم، لېكىن ئۆز دىنىغا ئالاقىدار ئىشلارنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان ھەم دىنىي مۇراسىملارنىمۇ بىلمەيتتىم، ئۇ چاغلاردا قىز ـ جۇۋانلار بىلەن بەزمە قۇرۇش، شىكارغا چىقىپ سەيلە قىلىش ۋە ئىچىملىكلەر بىردىلىشتەك راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش ئەرلىرىمىزنى قۇرۇق تېرە تاراقشىتىدىغان دىنىي چۈقان ـ سۈرەنگە بېرىلىدىغان قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇلاردا ھەقىقىي دىنىي ھېسسىيات تۈگىگەندە، ھەتتا ئۇلاردا ئىچىدىمۇ دىندىن ھېچقانداق ئەسەر قالمىغانىدى.

ياراتقۇچى خۇدا مېنىڭ كۆڭلۈمگە تۇغما تەقۋادارلىق تۇيغۇسىنى سالغانمۇ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر باشقا بىر سەۋەب بارمۇ بىلمەيمەن، ئەمما، ھەر كۈنى جىمجىت سەھەردە پۈتكۈل كائىنات قىزىرىپ چىقىپ كېلىۋاتقان قۇياشنىڭ شەپەق نۇرىغا چۆمگەندە، كۆكۈچ جۇمنا دەرياسى بويىدا، ئاپئاق پەلەمپەيلەردە مېڭىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ تەقۋادار ئوبرازى بىردىن مېنىڭ قاتتىق غەپلەتتىكى قەلبىمنى ئويغىتىپ، مەندە تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدىغان بىر خىل شېرىن، تەقۋادارلىق ھېس پەيدا قىلاتتى.

باشتىن ـ ئاياغ ئېغىشمايدىغان، قائىدە ـ يوسۇندىن چىقمايدىغان، ئەخلاقلىق براخمان كىشىلەرنىڭ كېلىشكەن قامەتى چولپان يۇلتۇزدەك جازىبىلىك ئىدى. براخماننىڭ پاكلىقى ۋە سالاپىتى، تەڭداشسىز مەسئۇلىيەتچانلىقى مەندەك بىر مۇسۇلمان قىزنىڭ ساددا، پاك يۈرىكىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانىدى.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ بىردىن توختاپ قالدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىدىن كىشىلەرنىڭ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان براخماننىڭ ئوبرازىنى بايقىغاندەك بولدۇم. كېيىن ئۇ بار كۈچى بىلەن بۇ ئوبرازنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشقاندەك يەنە ھېكايە-

سىنى داۋام قىلدى. ئۇ ساپ سانسكرىت تىلى بىلەن بايان قىلغان كىشورلالنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلاپ مەست بولۇپ كەتتىم ۋە ئىچىمدە ئىختىيارسىز بۇ ھېكايىنى كىم سۆزلەۋاتىدۇ؟ كىنەز قىزىمۇ ياكى ئايال مۇناخىمۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدىم.

— مېنىڭ ھىندى دىنىغا ئىشىنىدىغان بىر خىزمەتكارىم بار ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى كىشورلالغا ئېگىلىپ سالام قىلىپ، ئۇنىڭ پۇتىدىكى چاڭ - توپىلارنى قاقاتتى. بۇنى كۆرگەندە مەن ھەم خۇرسەن بولاتتىم، ھەم ھەسەت قىلاتتىم. نەزىر - چىراغ بولغانلاردا ۋە ھېيت - بايراملاردا بۇ خىزمەتكار قىز براخمانلارنى چاقىرىپ زىياپەت بېرەتتى ۋە سەدىقىلەر قىلاتتى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا دائىم پۇل بېرىپ تۇراتتىم ۋە ھەمىشە «كىشورلالنى چاقىرمىدىڭمۇ؟» دەپ سورايتتىم. ئۇ بولسا ئەجەبلەنگەن ھالدا:

— كىشورلال جانابلىرى خەقنىڭ زىياپىتىنى ۋە سەدىقىسىنى پەقەت قوبۇل قىلمايدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەيتتى.

كىشورلالغا بولغان ھۆرمىتىمنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا بىلدۈرەلمەي ئىزتىراپ ئىچىدە ياناتتىم، بىزنىڭ قوۋمىمىز ئىچىدە براخمان قىز بىلەن توي قىلغانلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. مەن سارايىنىڭ ھۇجرىلىرىدا يۇرۇپ تومۇرلىرىمدا براخمانلارنىڭ ئېسىل قېنى ئېقىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم، بۇ خىل قانداشلىق كۆز قارىشى مېنىڭ، كىشورلال بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا مەلۇم يېقىنلىق بارغۇ، دېگەن خىيالىمغا ئاز - تولا بەرھەم بېرەتتى.

مەن خىزمەتكار قىزدىن ھىندى دىنىدىكىلەرنىڭ بارلىق تۇرمۇش ئادەتلىرىنى، ئەر - ئايال ئەۋلىيالار توغرىسىدىكى غەلىتە ئەپسانىلەرنى، «رومايانا» ۋە «ماخاپارات» دېگەن مەشھۇر داستانلارنى تەشنالىق بىلەن بېرىلىپ ئاڭلىدىم، بۇلارنى ئاڭلاۋېرىپ خىيالىمغا ھىندى دىنى دۇنياسىدىكى ئاجايىپ مەنزىرىلەر — پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەيكەللىرى، بۇتخانىلاردىكى

بۇرغا ۋە قوڭغۇراق ئاۋازلىرى، ئالتۇن رەڭ نەقىشلەر قىلىنغان ئىبادەتخانىلار، ئىسرىقدانلاردىن تۈگۈرلىنىپ چىقىۋاتقان ئىسلار، گۈل - گىياھلار بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈلۈۋاتقان سەندەلنىڭ دىماغنى يارىدىغان خۇش پۇراقلىرى، مۇناخلار ۋە زاھىتلارنىڭ ئاجايىپ قەيسەرلىكى، براخمانلارنىڭ مىسلىسىز ھەيۋىتى، ئادەملەر قويغان ياڭزىمۇ ياڭزا غەلىتە ئويۇنلار پەيدا بولاتتى. بۇ ئاجايىپ - غارايىپلىقنىڭ بارلىقى جەملىنىپ كۆز ئالدىمدا ئەڭ بۇرۇنقى ۋە خالىس كۆركەم دۇنيا گەۋدىلىنەتتى. قەلبىم خۇددى ئەمدىلا ئۇچۇرما بولغان قۇشتەك گۈگۈم قاراڭغۇلۇقىدا قەدىمىي قەسىرنىڭ كىچىك - كىچىك ھۇجرىلىرىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى، ھىندى دىنى دۇنياسى مېنىڭ سەبىي قەلبىمدە تولىمۇ قىزىقارلىق ئەپسانىلەر خەزىنىسى بولۇپ قالغانىدى.

ئەنە شۇ چاغدا ئەسكەرلەرنىڭ ئىنگلىز ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرەشى پارتلىدى. قوزغىلاڭنىڭ ئوت يالقۇنى بىزنىڭ كىچىككىنە قەسرىمىزدىمۇ يېنىشقا باشلىدى.

— كالا گۆشى يەيدىغان ئاق تەنلىكلەرنى ئالۋادتىن (ھىندىستاننىڭ بۇرۇنقى نامى) ھەيدەپ چىقارغاندىن كېيىن، ھىندى دىنىدىكىلەر بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر قېتىم كاللا سوقۇشتۇرۇش ئۇرۇشى باشلىنىپ كېتىدۇ، كىمنىڭ ئامىتى ئوڭدىن كەلسە شۇ ھىندىستاننىڭ تەختىنى ئىگىلەيدۇ، — دېدى كىشورلال.

مېنىڭ دادام ئۇچىغا چىققان مەككار ئادەم ئىدى. ئۇ ئىنگلىزلارنى ماختاپ:

— ئۇلارنىڭ قولى ھەممىلا يەرگە يېتىدۇ... ھىندىستانلىقلار ئۇلارنىڭ چىشىغا تەگمىگىنى ياخشى! مەن ئۇۋزۇمگە تەۋە بۇ كىچىككىنە قەسرنى ئوڭايلا قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمايمەن، شۇڭا ئۇلار بىلەن ئۇرۇشمايمەن، — دېدى.

ئۇ چاغدا ھىندىستاندا ھىندى دىنىدىكىلەر بىلەن مۇسۇلمان-لارنىڭ قېنى راسا قىزىغانىدى. شۇڭا ھەممىسىلا دادامنىڭ مۇنداق سودىگەرلەرچە مەككارلىقىنى ئەيىپلىدى، ھەتتا ھەرەم-دىمۇ غۇلغۇلا پەيدا بولدى.

كىشورلال تولۇق قوراللانغان قىسمىنى باشلاپ دادامنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

— كىنەز ئالىيلىرى، ئەگەر سىلى بىز تەرەپتە تۇرۇشنى خالىمىسىلا، بىز ئۇرۇش ئاياغلاشقانغا قەدەر سىلىنى نەزەربەند قىلىپ قويۇشقا مەجبۇرمىز، شۇنىڭدەك، قەسىرنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى ھازىردىن باشلاپ مەن ئۆتكۈزۋالىمەن.

— بۇنچە غەۋغانىڭ نېمە ھاجىتى، مەن سىلەر بىلەن بىر سەپتە بولىمەن، — دېدى دادام.

— ئۇنداق بولسا خەزىنىدىن بىزگە پۇل بېرەلەملا؟ — دەپ سورىدى كىشورلال.

دادام ئازغىنا پۇلنى بېرىپ دېدى:

— بۇنىڭدىن كېيىن يەنە لازىم بولسا قاراپ تۇرمايمەن.

مەن ئۆزۈمگە تەۋە بارلىق ئالتۇن - كۈمۈش بېزەكلىرىمنى بىر تۇگۈنچەك قىلىپ خىزمەتكار قىزدىن كىشورلالغا ئەۋەتتىم. ئۇ مېنىڭ ئىئانەمنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. بارلىق ئېسىل بېزەكلىرىمنى ئىئانە قىلىۋەتكەنلىكىمگە يۇرىكىم ئې-چىشمىدى، ئەكسىچە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم شادلىقتىن ئىختىيارسىز تىترەيتتى.

كىشورلال كونا مىلتىقلار ۋە قىلىچلاردىكى داتلارنى تازىلى-تىپ ھەربىي مەشىقنى باشلىۋەتتى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن تۇيۇق-سىز ۋىلايەتنىڭ ئىنگلىز ئوفىتسىرى قىزىل كىيىم كىيگەن ئاق تەنلىكلەرنى باشلاپ، چاڭ - توزان كۆتۈرۈپ قەسىرىمىزدە پەيدا بولدى.

دادام قوزغىلاڭ خەۋىرىنى ئوغرىلىقچە ئىنگلىز ئوفىتسىرى-

www.uyghurkitap.com

گە يەتكۈزۈپ قويغانىكەن.

بودىرائون ئارمىيىسى ئىچىدە كىشورلالنىڭ شۇ قەدەر يۇ-قىرى ئىناۋىتى بار ئىدىكى، ئۇ بۇيرۇق قىلسىلا بۇ ئارمىيە كونا قورال ـ ياراغلار بىلەن بولسىمۇ جېنىنى پىدا قىلىشقا ھەر زامان تەييار ئىدى.

ساتقىن دادامنىڭ سارىيى ماڭا دەھشەتلىك دوزاخ بولدى. يۈرىكىم تەشۋىش، دەرد ـ ئەلەم، نومۇس ۋە غەزەپتىن پارە ـ پارە بولماقتا ئىدى. بىراق، مەن بىر تامچىمۇ ياش تۆكمىدىم. بىر كۈنى مەن قورقۇنچاق ئىنىمنىڭ كىيىمىنى كىيىپ ئەرەنچە ياسىنىپ سارايلاردىن چىقىپ كەتتىم، مېنى ھېچكىم كۆرمەي قالدى.

بۇ چاغدا ئوق ـ دورا، ئىس ـ تۈتەكلەر تارقىلىپ، جەڭ-چىلەرنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى، مىلتىق ـ زەمبىرەك ئاۋازلى-رى تىنجىپ، پۈتكۈل ئەتراپ قورقۇنچلۇق جىمجىتلىققا چۆككەن-دى. قىپقىزىل قانلار بىلەن بويالغان جۇمنا دەرياسى ۋادىسىدا قۇياشمۇ پاتقان بولۇپ، سوغۇق، سۈزۈك كېچە ئاسمىنىدا ھىلال ئاي ئۆزىنىڭ كۈمۈشرەڭ نۇرىنى چاچاتتى.

جەڭ مەيدانىدا قانغا بويالغان جەسەتلەر بىلەن دەھشەتلىك مەنزىرە ھاسىل بولغانىدى. ئەگەر باشقا چاغ بولغان بولسا بۇ مەنزىرىدىن يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلىپ كەتكەن بولاتتى. بىراق، شۇ كۈنى مەن ئۇيقۇلۇقتا ئۆندەرەپ چىققاندەك تەمتىرەپ يۈرۈپ پەقەت كىشورلالنى ئىزلەيتتىم. ئۇ نەدىدۇ؟ مېنىڭ كاللامدا بۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى.

ئىزلە ـ ئىزلە، ئاخىرى تۈن يېرىمىدىكى ئاي يورۇقىدا جەڭ مەيدانىنىڭ چېتىدە جۇمنا دەرياسى بويىدىكى بانان دەرىخى-نىڭ تۈۋىدىن كىشورلال بىلەن ئۇنىڭ سادىق خىزمەتكارى روكى-نوندونىڭ جەسىتى تاپتىم، ئۇلار قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. مەن، ئۇلار ئېغىر يارىدار بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرى ـــ ياكى

كىشورلال خىزمەتكارنى، ياكى خىزمەتكار كىشورلالنى جەڭ مەيدانىدىن بۇ خەتەرسىز جايغا ئېلىپ چىقىپ ئاندىن بۇ يەردە جىممىدە جان بەرگەن ئوخشايدۇ، دەپ پەرەز قىلدىم.

ئاقىۋەت شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى زارىققان، ئىخلاسمەن قەل-بىم تۇنجى قېتىم قانائەت تاپتى. مەن كىشورلالنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلدىم، ئۇزۇن چاچلىرىمنى چۇۋۇپ ئۇنىڭ پۇتىدىكى توپىلار-نى تازىلىدىم ۋە ئۇنىڭ مۇزدەك ئاياغلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پېشانەمگە تەگكۈزدۈم، ئۇزۇندىن بۇيان تۇتۇپ كەلگەن ياشلىرىم يامغۇردەك قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

بىردىن كىشورلالنىڭ تېنى قىمىرلىدى، ئاندىن بىر ئىڭ-راش ئاڭلاندى. مەن چۆچۈپ كېتىپ دەررۇ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى يەرگە قويدۇم. ئۇ كۆزلىرى يۇمۇق ھالدا قۇرۇپ كەتكەن لەۋلە-رىنى قىمىرلىتىپ «سۇ!» دېدى.

مەن تېزلىك بىلەن جۇمنا دەرياسىغا چۇشۇپ، رومىلىمنى سۇغا چىلاپ كېلىپ كىشورلالنىڭ ئاران ئېچىلغان كالپۇكلىرىغا تېمىتتىم. ئۇنىڭ سول كۆزى بىلەن ماڭلىيى ئېغىر يارىلانغان-دى. مەن رومىلىمنى يىرتىپ ئۇنىڭ يارىسىنى تاڭدىم. مەن شۇ تەرىزدە جۇمنا دەرياسىدىن بىر قانچە قېتىم سۇ ئەكىلىپ ئۇنىڭ كالپۇكلىرىغا ۋە كۆزىگە تېمىتتىم. ئۇ ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كەلدى.

— يەنە سۇ ئىچەمسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— سەن كىم؟ — دەپ سورىدى كىشورلال.

مەن قاتتىق ھاياجان ئىچىدە:

— مەن سىزنىڭ قۇلىڭىز ۋە خىزمەتكارىڭىز، كىنەز غۇلام زاتىرخاننىڭ قىزىمەن، — دېدىم.

مەن، كىشورلال ھاياتىنىڭ ئاخىرقى پەيتىدە ئۆزىگە قاتتىق ئىخلاس قىلىدىغان خىزمەتكارنى تونۇپ، تۇنجى قېتىم، شۇ-نىڭدەك ئاخىرقى قېتىم مېنى ئۆز يېنىغا تارتىدۇ، ھېچكىممۇ

بۇ بەختنى مېنىڭدىن تارتىۋالمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.
توۋا خۇدايىم! كىشورلال مېنى تونۇپ، خۇددى شىردەك دەھشەتلىك ھۆركىرەپ:
— نومۇسسىز خائىن، ساتقىنىنىڭ قىزى! مۇرتەد! ئۆلۈم ئالدىدا ناپاك قولۇڭ بىلەن ماڭا سۇ ئىچكۈزۈپ، مېنىڭ تېنىمنى، دىنىمنى بۇلغىدىڭ! — دېدى.
ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا يۈزۈمگە قاتتىق بىر كاچات سالدى. كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، ئېسىمنى يوقاتقىلى تاس قالدىم.
بۇ چاغدا مەن ئون ئالتە ياش ئىدىم، تۇنجى قېتىم سارايدىن چىقىشىم ئىدى. چاقناپ تۇرغان قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرىنى تېخى يۈزۈمدىكى ئانار دەك قىزىللىقنى، كرىستالدەك سۈزۈكلۈكنى بۇزۇپ ئۆلگۈرمىگەنىدى. شۇ كۈنى مەن بىرىنچى قېتىم تاشقى دۇنياغا چىقىشىم بىلەن بۇ خىل ئىلتىپاتقا سازاۋەر بولدۇم، يەنى ئالەمدىن ۋە بۇ ئالەمنىڭ يارانقۇچىسىدىن تۇنجى رەت مانا شۇنداق بەخت ۋە مۇھەببەتكە ئېرىشتىم.

بۇ سەزگۈزەشتىلەرنى بايان قىلىپ بولۇپ، كىنەز قىزى توختاپ قالدى.
مەن خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپ، نەپسىمنىمۇ چىقارماي تىڭشاۋاتاتتىم، ھەتتا قولۇمدىكى تاماكىنىڭ ئۆچۈپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەپتىمەن. مېنى بۇنداق مەست قىلغان نەرسىنىڭ ئۇنىڭ كارامەت نەپىس تىلى ياكى يېقىملىق تەلەپپۇزى ۋە ياكى ھېكايىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي جىمىدە ئولتۇرۇۋەردىم.
ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىرى مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي:
— ھايۋان! — دەپ تىللىۋەتتىم.
كىنەز قىزى دەرھال:

— كىمنى ھايۋان دەۋاتىسىز؟ ھايۋان قاتتىق ئۇسساپ تۇرغاندا ئاغزىغا سۇ تېمىتىشنى رەت قىلامدۇ؟ — دەپ قارشى چىقتى.

— راست، سىزنىڭ دېگىنىڭىز توغرا، ئۇ ئەۋلىيا ئىدە-كەن! — دېدىم مەن ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

كىنەز قىزى سۆزۈمنى تارتىۋالدى:

— قانداقمۇ ئەۋلىيا بولسۇن؟ ئەۋلىيا دېگەن ئىتائەتمەن، سادىق خىزمەتكارىنى تاشلىۋېتەمدۇ؟

— شۇنداق، گېپىڭىز ئورۇنلۇق، — دېدىم-دە، گەپ-سۆز قىلماستىن ياۋاشقىنا ئولتۇرۇپ قالدىم.

كىنەز قىزى ھېكايىسىنى داۋام قىلدى:

— تۇنجى قېتىم كەلگەن بۇ زەربىدىن ماڭا گويا ئاسمان دۈم كۆمتۈرۈلۈپ چۈشكەندەك تۇيۇلدى. بىر ئازدىن كېيىن مەن ئېسىمنى يىغىپ، بۇ رەھىمسىز ۋە غۇبارسىز براخمانغا يىراق-تىن تۇرۇپ تەزىم قىلدىم. مەن كۆڭلۈمدە: «ئەي براخمان! سەن بىر ئاجىزەنىڭ ھىممىتىنى، غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ ئوزۇ-قىنى، بايلارنىڭ پۇل-مېلىنى، قىزنىڭ ياشلىقىنى، جۇۋاڭ-نىڭ مۇھەببىتىنى... ھېچنېمىنىلا خالىمايسەن ۋە قوبۇل قىلماي-سەن. سەن ھەممىدىن ئەركىن ۋە مەغرۇرسەن، تەنھا ھەم مۇستەقىلسەن، كامالەتكە يەتكەن ئادەمسەن. مەندە نەدىمۇ ساڭا يېقىن بېرىش ۋە ئۆزۈمنى ساڭا تەقدىم قىلىش ھوقۇقى بولسۇن» دەيتتىم.

كىنەز قىزنىڭ يەرگىچە ئېگىلىپ بەرگەن سالىمىنى كۆ-رۈپ كىشورلالنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭ چىرايى ھېچ نەرسىنى — يا ئەجەبلىنىشنى، يا باشقا نەرسىنى ئىپادە قىلمايتتى. ئۇ ماڭا ئېتىبارسىزلا قارىدى-دە، ئاستا قوللىرىغا تېيىنىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. مەن ساراسى-مىگە چۈشۈپ، ئۇنى يۆلىمەكچى بولۇپ قولۇمنى ئۇزاتتىم.

بىراق ئۇ قولۇمنى قاتتىق ئىتتىرىۋېتىپ، بەكمۇ تەسلىكتە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ جۇمىنا دەرياسى بويىغا باردى. كېمە توختايدىغان يەردە بىر قولۋاق تۇراتتى، ئەمما قولۋاقچى يوق ئىدى. كىشورلان قولۋاققا چۈشۈپ ئاغامچىنى يېشىۋەتكەنىدى. قولۋاق لەرزان يۈرۈپ كەتتى. مەن ئۈزۈپ كېتىۋاتقان قولۋاققا قاراپلا قالدىم. ئۇ ئاستا ـ ئاستا كۆزدىن غايىب بولدى. مەن پۈتكۈل قەلبىمنى، ياشلىقىمنى ۋە ئىخلاسىمنى ئاستا ـ ئاستا ئۈزۈپ كۆزدىن يىتكەن ئاشۇ قولۋاققا بېغىشلاشنى ئويلىغاندىم. مەن ئاخىر ئىنس ـ جىن يوق بۇ جىمجىت كېچىدە، ئاي نۇرىدا يالتىراپ جىمىرلاپ تۇرغان جۇمىنا دەرياسىنىڭ سۈيىگە قاراپ ۋاقىتسىز غازان بولغان گۈلگە ئوخشىغان ئەرزىمەس ھاياتىمدىن ۋە بۇ پانىي ئالەمدىن قولۇمنى يۇيۇش نىيىتىگە كەلدىم.

بىراق، مەن ئۇنداق قىلالمىدىم. ئاسمان بوشلۇقىدا سوغۇق نۇر سېپىپ تۇرغان ئاي، جۇمىنا قىرغىقىدىكى قويۇق قاراڭغۇلۇقتا چۆككەن ئورمان، قارامتۇل، كۆكۈچ سۇ، بانان دەرىخىنىڭ ئارىسىدىن غۇۋا ئاي يورۇقىدا يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قەسىرنىڭ ئۆگزىلىرى بىرلىشىپ، جىمجىتلىقتا ماتەم كۈيىنى ئېيتىۋاتاتتى. ھەتتا زېرىكەرلىك كائىنات، سوغۇق ئاي ۋە يۇلتۇزلار بېزەلگەن ئاسمان بوشلۇقىدىن تەركىب تاپقان بۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ سىرلىق دۇنيامۇ مېنى ئۆلۈمگە دەۋەت قىلاتتى. پەقەت جۇمىنا دەرياسىدا ئاستا ـ ئاستا ئۈزۈپ كۆزدىن غايىب بولغان قولۋاق ۋە شۇ يۇلتۇزلۇق كېچىنىڭ قوينىغا يوشۇرۇنغان گۈزەل، بەختىيار ۋە دائىمىي ھاياتنىڭ سېھىر كۈچىلا مېنى ئەجەل قۇچىقىدىن تارتىۋېلىپ، ھاياتلىق يولىغا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن جۇمىنا قىرغىقىنى بويلاپ، ئېگىز ئۆسكەن قومۇشلۇقلار، سۈيى قۇرۇغان سايلار، ئۆي ـ دۆڭ يوللار، قەبرىستانلىقلار، خەتەرلىك جىرالار، بۈك ئورمانلىقلار، خىلۋەت، قاقاس تاغلارنى بېسىپ ئۇنى ئىزلەپ ماڭدىم.

كىنەز قىزى يەنە توختاپ قالدى، مەنمۇ ئۈنچىقمىدىم. كۆپ ئۆتمەي ئۇ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— كېپىنكى ئىشلار تولىمۇ چىگىشلىشىپ كەتتى. مەن بۇلارنى قانداق قىلىپ تەرتىپلىك ۋە ئېنىق قىلىپ ئېيتىپ بېرىشىمنى بىلمەيمەن. مەن گويا بوك جاڭگاللىق ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك، قاچان، قەيەردىن، قايسى يول بىلەن چىقىشىمنى بىلمەي كۆپ تېنىدىم.

كېپىنكى ئىشلارنى نېمىدىن باشلاپ، نەدە ئاياغلاشتۇرۇشىنى، نېمىنى ئېيتىپ، نېمىنى ئېيتماسلىقنى، كىشىلەرگە قانداق قىلىپ بۇ ئىشلارنىڭ تەبىئىي، ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە گۇمانلانمايدىغان قىلىپ ئېيتىپ بېرىشنى بىلمەيمەن.

تۇرمۇشنىڭ مۇشۇ مەزگىلىدە مەن دۇنيادا ھېچقانداق بىر ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇقلى، تۈزەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ھاياتى ئوردا ئىچىگە بەند قىلىنغان بىر مەلىكىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تاشقى دۇنيا دېمىسىمۇ چۈشىنىش بەكمۇ قىيىن بىر نەرسە، ئەمما ئۇنىڭغا قارىتا خام خىيالمۇ جىق. ئادەم پەقەت بېشىنى ئېلىپلا چىقىپ كەتسىلا، پادىشاھلار ماڭىدىغان يول بولمىسىمۇ، ئىشقىلىپ بىر يول تېپىلىدىكەن. كىشىلەر ئەزەلدىن مۇشۇ يوللاردا مېڭىپ كەلگەنىكەن. بۇ يوللار ئوي - دۆڭ، ئەگرى - توقاي، ئاخىرى يوقتەك، ھەسرەتلىك، جاپا - مۇشەققەتلىك، ئەمما قانداقلا بولسۇن، بۇ تىرىكچىلىكنىڭ يولى.

كىشىلەر مېڭىپ ئۆتكەن بۇ ئاددىي يوللاردا كىنەز قىزىنىڭ ئۆزى تەنها مېڭىپ، قانچىلىك سەرسان بولۇپ يۈرگىنىنى تىڭشاشقا ئېھتىمال كىشىلەر ئانچە قىزىقمىسا كېرەك. چۈنكى بۇ ئاڭلىنىشقىمۇ مەززىسى يوق بىر گەپ. ئاز - تولا قىزىقىش بولغان تەقدىردىمۇ، مېنىڭدە بۇنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ ئاخىرلاشتۇرغۇدەك مادارمۇ يوق. بىر ئېغىز سۆز بى-

www.uyghurkitap.com

لەن ئېيتقاندا، مەن نۇرغۇن دەرد ـ ئەلەملەرنى، كولپەتلەرنى، بەختسىزلىكلەر ۋە بالا ـ قازالارنى، ھاقارەت ۋە كەمسىتىشلەرنى باشتىن كەچۈردۈم. بىراق، بۇلار تۈپەيلى ھايات چىدىغۇسىز بىر نەرسە بولۇپ كەتكىنى يوق. مىسالغا بىر پوچاقزىنى ئالايلى، ئۇنى قانچە جىق كۆيدۈرسە ئۇ شۇنچە تېز پىرقىرايدۇ، ئەمما ئۇنى ئەمدىلا تۇتاشتۇرۇۋىدىم دەپ ئويلىمايمەن. مانا بۈگۈن ھېلىقى غەزەپ ـ نەپرەت ۋە شاد ـ خۇراملىق مەشئىلىنى ھەش ـ پەش دېگۈچە قاياقتىندۇر سوققان بىر شامال ئۆچۈرۈپ تاشلىدى، مەنمۇ جانسىز نەرسىدەك تىرىكچىلىك يولى ياقىسىدىكى ئەخلەت ـ چاۋا ئارىسىغا تاشلاندىم. ھازىر ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ كۈچلۈك مۇھەببەت قويغان بۇ سەپەر ئاياغلاشتى، ھېكايەمۇ ئاياغلىشىپ قالدى.

مۇشۇلارنى ئېيتىپ بولۇپ، كىنەز قىزى چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمدى. مەن بېشىمنى چايقاپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «ۋاھ، ھېكايىنى مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىدى دېيىشكە زادى بولمايدۇ» دېدىم. بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن يېرىم يارتا ئوردۇ تىلى بىلەن:

— ئەدەپسىزلىكىم ئۈچۈن كەچۈرۈڭ، ھېكايىڭىزنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇۋەتسىڭىز، ماڭا كۆپ يېڭىلىك بېغىشلىغان بولاتتىڭىز، — دېدىم.

كىنەز قىزى كۈلۈمسىرەپ قويدى. مېنىڭ قولاشمىغان ئوردۇچە سۆزۈمنىڭ ئاز بولسىمۇ رول ئويناۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئەگەر مەن ساپ ئوردۇ تىلىدا سۆزلىگەن بولسام، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا خىجىللىقتىن خالىي بولالمىغان بولاتتى. مەن ئۇنىڭ ئانا تىلىدا شۇ قەدەر ناچار سۆزلەيتتىمكى، بۇ تىل توسالغۇسى ئارىمىزدا ئاز ـ تولا خىزمەت كۆرسىتەتتى.

ئۇ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن كىشورلال توغرىسىدا كۆپ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تۇردۇم. بىراق ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق قىلىپ ئۇچرىشالمى-

دىم.

ئۇ تانتىيا تابىنىڭ ئەترىتىگە قوشۇلغانىدى. قوزغىلاڭ ۋە ئىنقىلاب ئەۋج ئالغان جاھاندا ھېلى ئۇ يەردە، ھېلى بۇ يەردە چاقماقتەك پەيدا بولۇپ، يەنە ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولاتتى.

ئۇ چاغدا مەن ئالىققاچان موناخ بولۇپ كەتكەنىدىم. مەن بىنارىسلىق ئېپىسكوپ نەيۋا نەيدانى ئۇستاز تۇتۇپ، سانسكرىت تىلىدىكى مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇشقا كىرىشتىم. ھىندىستاندىكى بارلىق خەۋەرلەر بۇ يەرگە يىغىلاتتى. مۇقەددەس كىتابلارنى بېرىلىپ ئوقۇيتتۇم ۋە تەشۋىش ئىچىدە جەڭ خەۋەرلىرىنى كۈتەتتىم.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى قوزغىلاڭچىلارنىڭ لاۋۇلدىغان يالقۇنىنى ئاستا - ئاستا ئۆچۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشورلال توغرىسىدىكى خەۋەرلەرمۇ تۇيۇقسىز جىمىقتى. دەھشەت سالغۇچى ھالاكەتلىك ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىب بولىدىغان قەھرىمانىنىڭ ئوبرازى چوڭقۇر قايناپ يۇتقاندەك يوقاپ كەتتى.

مەن ئارتۇقچە تاقەت قىلالماي، ئۇستازىمنىڭ ھىماتخانىسىنى تاشلاپ يەنە موناخ قىياپىتىگە كىرىپ چىقىپ كەتتىم. مەن كۆپ جايلارنى كەزدىم، مۇقەددەس يەرلەرنى، ئىبادەتخانا ۋە بۇتخانىلارنى ئارىلىدىم. بىراق، ھېچ يەردىن كىشورلالنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدىم. ئۇنىڭ مەشھۇر نامىنى بىلىدىغانلاردىن: «ئۇ ياكى جەڭدە ئۆلدى، ياكى ھۆكۈمەت ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالدى» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. لېكىن، كۆڭلۈمدە بۇنى قەتئىي رەت قىلاتتىم. «مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. كىشورلال ھايات، ئۇ ئالىجاناب، ئۇلۇغ براخمان، ئۇنىڭدەك چەكسىز پارلاق نۇرنىڭ ئۆچۈپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ مېنىڭ روھىمنى قوبۇل قىلىشنى كۈتۈپ، قانداقتۇر بىر جايدا، ھېچ-

كىم يېقىنلىشالمايدىغان مېھرابتا يالقۇنجاپ يېنىپ تۇرىدۇ.

ھىندى دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدا ئاۋام خەلق دەرۋىش بولۇپ چىقىپ كەتسە ئاخىرى پاك براخمان بولالايدىغانلىقى توغرىسىدا كۆپ بايانلار يېزىلغان، بىراق مۇسۇلماننىڭ براخمان بولۇش - بولالماسلىقى ھەققىدە ھېچ نەرسە يېزىلمىغان. بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى، ئۇ چاغلاردا بۇ مەملىكەتتە مۇسۇلمانلار بولمىغان، كىشورلال بىلەن ئۇچرىشىش ئۇچۇن مەن ئۇزۇن ۋاقىت رىيازەت چېكىشىم كېرەكلىكىنى چۈشىنەتتىم. چۈنكى شۇ چاغقا بارغۇچە براخمان بولۇشۇم كېرەك ئىدى. يىللار كەينى - كەيىندىن ئۆتۈۋەردى. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇز يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا مېنىڭ قەلبىم، تەقى - تۇرقۇم، ئۆرپ - ئادەتلىرىم، سۆزلىرىم، ھەرىكىتىم سىپپى ئۆزىدىن براخمان بولدى. ئەمدى براخمان ئەجدادلىرىمنىڭ قېنى مېنىڭ قان تومۇرلىرىمدا ھېچبىر توسالغۇسىز ئاقاتتى. مەن پۈتكۈل ياشلىق باھارىمنىڭ سەھەر ۋە ئاخشىمىنى، ھاياتىمنىڭ ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيالىقىنى پەقەت ئاشۇ براخمانغىلا ئاتىدىم. بۇنىڭدىن ئېرىشكىنىم مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە چاقناپ تۇرىدىغان نۇر چەمبىرىكى بولدى، خالاس.

جەڭ بولۇۋاتقان چاغلاردا مەن كىشورلالنىڭ قەھرىمانلىقلىرى توغرىسىدا كۆپ ئاڭلىغانىدىم، بىراق بۇلارنىڭ بىرەرىمۇ كۆڭلۈمدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرمىدى. پەقەت ھېلىقى جىمجىت ئايدىڭ كېچە، تىپتىنچ يالتىراپ تۇرغان جۇمنا دەرياسى، كىشورلالنىڭ قولۋاقتا چۈشۈپ ئۇزاقلىشىپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشىلا قەلبىمگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنىدى. مەن كېچە - كۈندۈز: سۇباتلىق براخماننىڭ ئادەمزاتتىن ئەسەر يوق، قانداقتۇر بىر بەلگىسىز نىشانغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولاتتىم. ئۇنىڭ ھەمراھىمۇ، خىزمەتكارىمۇ يوق ئىدى، ئۇ ھېچقانداق ھەمراھقا موھتاجمۇ ئەمەس ئىدى، ئۆز ئىشىغا قاتتىق

بېرىلگەن، ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا براخمان ئىدى. كۆك ئاسمان گۈمبىزىدىكى قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارلا ئۇنى ئۇن ـ تىنسىز يورۇتۇپ تۇراتتى.

شۇ كۈنلەردە مەن كىشورلارنىڭ مەملىكەتتىن ھەيدىلىپ نېپالغا كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ نېپالغا قاراپ ماڭدىم. ئۇ يەردە يەنە كۆپ ۋاقىت ئىزلىدىم. ئاخىر كىشورلارنىڭ نېپالدىن خېلى يىراقلا كېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ھېچ كىممۇ ئۇنىڭ قايـ ـسى يۇرت، قايسى تاغ ـ دەشتلەردە يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى.

مەن تاغ ـ داۋانلار ئاشتىم، دەريالار كەچتىم، ئەمما ئۇنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدىم. ئاخىر بېرىپ ھىندى دىنىغا كىرمەيـ ـدىغان بىر مەملىكەتكە كېتىپ قالدىم. بۇ يەردە بۇتانلارنىڭ ھىندى دىنىغا كىرمەيدىغان، مۇقىم ئۆرپ ـ ئادىتى، قائىدە ـ يوسۇنى بولمىغان، دىنىي ئېتىقادى ۋە خۇدالىرى باشقىلارنىڭكىـ ـگە تامامەن ئوخشىمايدىغان بىر قەبىلىسى ياشايدىكەن. بۇ يەردە مەن ئۇزۇن ۋاقىتلار مابەينىدە دەرۋىشلىك قىلىش بەدىلىگە ھاـ ـسىل قىلغان پاكلىقىمنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ھەزەر قىلىشقا باشلىدىم. ئەمدى قولۋىقىمنىڭ قىرغاققا يېقىنلاپ قالـ ـغانلىقى، ھاياتىمدىكى ئەڭ پاك، ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ مۇقەددەس ئىقبالغا يېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى بىلدىم.

ئېيتارلىق ھېچنەرسىمۇ قالمىدى. ھەرقانداق سۆزنىڭ ئاـ ـخىرى بەكمۇ قىسقا بولىدۇ. ئۆچۈشكە باشلىغان شامنى بىرلا پۈلەشنىڭ ئۆزى كۇپايە، يەنە سوزۇپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىـ ـتى؟ توپتوغرا ئوتتۇز سەككىز يىلدىن كېيىن دارجىلىنغا كەلـ ـدىم. بۈگۈن سەھەردە ئاقىۋەت كىشورلالنى كۆردۈم.

ئۇ توساتتىن ھېكايىسىنى تاماملىدى. مەن تاقەت قىلالماي سورىدىم:

— سىز ئۇنى قانداق تاپتىڭىز؟ سىز نېمىنى كۆردىڭىز؟

— مەن قېرىپ كەتكەن كىشورلالنىڭ بوتانلار ئارىسىدا بوتانلىق ئايالى ۋە باللىرى بىلەن پاسكىنا، جۇل - جۇل كىيىملەردە ئېتىزدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، — دېدى ئۇ. ھېكايە ئەمدى ئاياغلاشقانىدى. مەن ئەمدى بۇ ئايالغا تەسەللى بېرىش كېرەك دېگەن ئويغا كېلىپ:

— ئوتتۇز سەككىز يىل مابەينىدە شۇنچە خەۋپ - خەتەرلەر ئارىسىدا يۈرۈپ، ئۆز دىنىنىڭ پاكلىقىنى ئۇ قانداقمۇ ساقلاپ قالالىغاندۇ؟ — دېدىم.

كىنەز قىزى سۆزۈمگە قارشى چىقتى.

— ئەجەبا، مەن بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەمدىمەن؟ شۇنچىۋالا ئۇزۇن يىللار سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم؟ ئۇ براخماننىڭ ئوبرازى مېنىڭ سەبىي قەلبىمنى ئۆز ئىلكىدە ئېلىۋالغان بولغاچقا، ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ بارلىقى پەقەت ئۇزۇندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي؟ مەن تېخى دىننى ئەبەدىي ئۆزگەرمەيدىغان، چېكى يوق، مەڭگۈ بىر خىل ھالىتىدە تۇرىدىغان نەرسە دەپ چۈشىنىپ قاپتىمەن. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇن ئالتە ياشلىق غۇنچە چاغلىرىمدا دادامنىڭ قەسرىدىن قېچىپ چىقىپ، جىمجىت ئايدىڭ كېچىدە پۈرەكلەپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان ياشلىق باھارىمنى، تۇنجى مۇھەببەت ئىلكىدە لەرزىگە كەلگەن ۋۇجۇدۇمنى ئىخلاسمەنلىك ھېسسىياتىم بىلەن ئۇنىڭغا بېغىشلايتتىممۇ؟ مەن ئېرىشكەن مۇكاپات براخماننىڭ ئۇرغان كاچىتىدىن كەلگەن ئېيتقۇسىز خورلۇق بولدى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنى ئۇستازنىڭ تەنبىھىدەك ھېس قىلىپ، ئۇن - تىنسىز باش ئېگىپ، تېخىمۇ چىن ئىخلاس بىلەن ئۆزۈمنىڭ تېگىشلىك بۇرچۇمنى ئادا قىپتىمەن. ئاھ خۇدا! ئەي براخمان، سەنغۇ ئۆزۈڭنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئەقىدەڭدىن ئاسانلا ۋاز كېچىپ باشقىچە بىر تۇرمۇش ئادىتى ۋە

ئەقىدە تاللىۋاپسەن، لېكىن مەنچۇ؟ مەن ئەمدى ئۆزۈمنىڭ غا-
زان بولغان ياشلىقىم ۋە ئاخىرلىشىۋاتقان ئۆمرۈمنىڭ ئورنىنى
ئالىدىغان باشقىچە بىرخىل تۇرمۇش ئادىتى ۋە ياشلىق باھارىنى
نەدىن تاپىمەن؟

بۇ ئېچىنىشلىق ۋە تەسىرلىك ھېكايىنى تاماملاپ ئايال
چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سانسكرىت تىلىدا:

ـــ ياخشى قېلىڭ ئەپەندى، ـــ دېدى.

ئاندىن گويا خاتاسىنى تۈزەتمەكچى بولغاندەك بۇ سۆزنى
ئەرەبچە ئېيتتى.

بۇ مۇسۇلمانچە خەيرلىشىش ئارقىلىق ئۇ گويا
توپا ـ چاڭلارغا مىلىنىپ ۋەيران بولغان براخمانىنىڭ ئۆزگىچە
غايىسىنىڭ ساقىندىلىرى بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك ئىدى. مەن
بىر نەرسە دېيىشكە تەمشىلىپ تۇراتتىم، ئاڭغىچە ئۇ بەئەينى
لەيلەپ يۈرگەن يېپىنىڭ بۇلۇتلاردەك، ھىمالايا تېغىنى قاپلىغان
قويۇق، كۆلرەڭ تۇمانلار ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بول-
دى.

مەن كۆزۈمنى يۇمدۇم. كۆڭۈل سەھنەمدە كىنەز قىزىنىڭ
تۇرمۇش كارتىنىلىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. مانا،
ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەن، غۇنچىدەك كىنەز قىزى جۇمد-
نا دەرياسى بويىدىكى قەسىرنىڭ دېرىزىلىرىدىن سىرتقا قاراپ
ئولتۇرىدۇ؛ بىر تەقۋادار ئايال موناخ مۇقەددەس مازارلاردا،
ئىبادەتخانىلاردا ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ؛ ئەنە، قويۇق تۇمان
ئىچىدە يۈرىكى پارە ـ پارە بولغان، جاپا مۇشەققەتتىن مۈكچەي-
گەن ئايال دارجىلىنىنىڭ يولى ياقىسىدا ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ نازا-
كەتلىك ۋۇجۇدىدا براخمانلار بىلەن مۇسۇلمانلار قېنىنىڭ توقۇ-
نۇشىدىن ھاسىل بولغان قالتىس مۈڭلۈق ناۋا تولىمۇ پاساھەت-
لىك ساپ تىلنىڭ گەۋدىلەندۈرۈشى بىلەن كاللامدا ئايلىنىپ
يۈرمەكتە.

www.uyghurkitap.com

مەن كۆزۈمنى ئاچتىم. قويۇق تۇمانلار تارقىلىپتۇ، پاياندسىز ئوچۇق ئاسماندا كۈلۈپ چىققان قۇياشنىڭ نۇرى كۆزلىرىنى چاقنىتاتتى. بىر توپ ئىنگلىز ئايالللىرى پەيتۇنلارغا چۈشكەن، ئەرلەر ئاتلارغا مىنگەن ھالدا سەيلىگە ماڭغانىدى. بويۇنلىرىغا شارپا ئورىغان بىر قانچە ھىندىستانلىق ماڭا قىيا قاراپ ئۆتۈپ كەتتى.

مەن چاقچاقلىق بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

قۇياش نۇرى چاقناپ تۇرغان جاھاندا، بايا تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان ھېكايەمنىڭ ئوڭۇم ياكى چۈشۈم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. گويا ماڭا تاماكامدىن پۇرقىراپ چىققان ئىس ۋە تاغ ـ جىرانى قاپلىغان قويۇق تۇماننىڭ بىرىكىشىدىن مۇشۇنداق بىر خىيالىي سۈرەت ھاسىل بولغاندەك تۇيۇلدى. ھېلىقى مۇسۇلمان براخمان، ھەممىگە تونۇش «فوتا» قەھرىمانى، جۇمىنا بويىدىكى قەسىردىكىلەرنىڭ جىمىسى گويا بۇ جاھاندا مەۋجۇت ئەمەستەك ئىدى.

# تۇمان ئىچىدىكى كېمە

## جىبران خېلىل جىبران (لىۋان)

ئازات سۇلتان تەرجىمىسى

بوران قوتراۋاتقان، قار راسا يېغىۋاتقان بىر ئاخشىمى مەن قادىسا جىلغىسىدىكى خىلۋەت بىر ئۆيدە ئۆي ئىگىسىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى خاتىرىلەپ ئولتۇراتتىم. ئۇ كۆسەي بىلەن ئوچاقتىكى ئوتنى چوقچىلاپ ئولتۇرۇپ گېپىنى باشلىدى:

— ئاغىنىلەر، سىلەر مېنى كېچە - كۈندۈز ئازابلاۋاتقان دەرد - ئەلەملەرنىڭ مەنبەسىنى سوراۋاتىسىلەر، مېنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىمنى بىلمەكچى بولۇۋاتىسىلەر. ئەلۋەتتە، مەنمۇ زۇۋانى بار ئادەم تۇرۇقلۇق ئۆزۈمنى تىڭشاپ، ئۈن - تىنسىز يۈرۈشلىرىم، ھە دېسىلا پىغانلىق ئۇھ تارتىپ ھەسرەت چېكىشلىرىم ئاللىقاچان سىلەرنىڭ جېنىڭلارغا تەگدى، بۇنى مەنمۇ بىلىمەن. ھەتتا ئاراڭلاردا بىرىنىڭ: ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ھەسرەتلىك دۇنياسىنى بىزدىن مۇشۇنداق سىر تۇتۇپلا يۈرىدىغان بولسا ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ باردى - كەلدى قىلغىلى بولىدۇ؟ دېگەنلىكىنىمۇ بىلىمەن. دەرھەق، شۇنداق. بىر - بىرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولالمايدىغان كىشىلەر باشقا ئىشلاردىمۇ ئورتاقلىشالمايدۇ - دە. بولدى، مەن بۈگۈن ھەممىنى دەپ بېرەي. بىراق، مەن سىلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىڭلارغا ئېھتىياجلىق ئەمەس. چۈنكى، پەقەت ئاجىز كىشىلەرلا باشقىلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىغا موھتاج بولىدۇ. مەن گەرچە دەردمەن ئادەم بولسامۇ

ئەمما بىچارە ئەمەسمەن.

بالا چاغلىرىمدىلا چۈش ۋە خىياللىرىمدا بوي ـ تۇرقى، خۇلق ـ مىجەزى ئۆزگىچە بىر قىزنىڭ سىماسى شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى. كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان زېرىكىشلىك كېچىلەردە مەن ئۇنى كارىۋىتىمنىڭ بېشىدا كۆرەتتىم. پۈتۈن ئەتراپ تىمتاسلىقتا چۆمگەن چاغلاردا ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلىناتتى. بەزىدە كۆزۈمنى يۇمسالملا ئۇنىڭ پەيدەك يۇمشاق قوللىرىنىڭ ماڭلىيىمنى يەڭگىل سىلىغانلىقىنى سېزەتتىم. شۇنداق چاغلاردا كۆزلىرىمنى دەرھال ئاچاتتىم، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان غايىبانە شىۋىرلاشلار شۇ زامان قۇلىقىمغا كىرەتتى.

ئەجەبا، مېنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىم مېنى مۇشۇنداق خىيالىي دۇنياغا ئەكىلىپ قويغانمىدۇ؟ گۈلچېھرە، خۇش ئاۋاز بۇ دىلبەر مېنىڭ قۇرۇق خىياللىرىمدىن ئاپىرىدە بولغانمىدۇ؟ مەن خىيالىي دۇنيادىكى بىر مەۋھۇم كۆلەڭگىگە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن كىشىلەردىن ئۆزۈمنى تارتىدىغان، ئۇنىڭ رۇخسارى ۋە ئاۋازىدىن بۆلەك ھېچنېمىنى كۆرمەيدىغان، ھېچنېمىنى ئاڭلىمايدىغان ساراڭغا ئايلىنىپ قالدىممۇ يا؟ بۇ مېنىڭ تەنھالىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنە بىر تەنھا كۆلەڭگىنى ھەمراھ قىلىۋالغىنىم، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ ئايالى قىلىۋالغىنىممىدۇ؟

مېنىڭ بۇ كۆلەڭگىنى «ئايالىم» دەپ ئاتىغانلىقىمغا سىلەر ھەيران بولۇۋاتقانسىلەر. بىزنىڭ بەزى ئىشلارغا ھەيران بولۇشىمىز ياكى ئۇنى ئىنكار قىلىشىمىز بۇ ئىشلارنىڭ قارىماققا مەۋجۇت بولمىغانلىقىدىندۇر. بىراق، تەئەججۇپلىنىش ياكى ئىنكار قىلىش بۇ ئىشلارنى بىزنىڭ خىيالىمىزدىن تەرك قىلىۋېتەلەيدۇ. شۇنى ئېيتىپ قويايكى، غايىبانە بۇ قىز ھەقىقەتەن مېنىڭ ئايالىم بولۇپلا كەتكەنىدى. ئۇ تۇرمۇشتىكى ھەممىۋا خۇشاللىقلاردىن مەن بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولاتتى. ئۇنىڭ قىدىزىقىشلىرى، ھەۋەسلىرى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمۇ ماڭا ئوپئوخ-

شاش ئىدى. ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە، مەن كۆزۈمنى ئېچىپلا ئۇنى يېنىمدا كۆرەتتىم. ئۇنىڭ سەبىي بالىلارغا خاس پاك، غۇبارسىز كۆزلىرى ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان بولاتتى. مەن نېمىلا قىلماي ئۇ ماڭا ھەمدەمدە بولاتتى. مەن ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرسام ئۇمۇ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ ئولتۇراتتى. بىز ھەمىشە شېرىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كېتەتتۇق. ھەر كۈنى كەچقۇ-رۇن ئۇ ماڭا: ئۆيدە ئولتۇرىۋېرىپ ئىچىمىز پۇشۇپ كەتتى، يۈرۈڭ، سىرتقا چىقىپ سەيلە قىلايلى، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن قولۇمدىكى ئىشىمنى تاشلاپ ئۇنىڭ بىلەن قول تۇتۇشۇپ سىرتقا چىقاتتىم. گۈگۈم قاراڭغۇسى يېقىنلاپ، ئەتراپ سىر-لىق جىمجىتلىققا چۆككەن چاغدا بىز بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىدە يانمۇ يان ئولتۇرۇپ يىراق - يىراقلارغا ئۇنسىز قارايتتۇق. ئۇ تۇرۇپ ماڭا قولى بىلەن قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا ئوتقاش-تەك تاۋلىنىپ تۇرغان بۇلۇتلارنى كۆرسەتسە، تۇرۇپ مىنى ئورماندىن قايتقان قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىغا قۇلاق سېلىشقا دەۋەت قىلاتتى.

دائىم كۆڭلۈم پەرىشان بولۇپ قايتقان چاغلاردا ئۇنىڭ ھۇجرامغا ئاستا كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسەملا روھىيىتىمدىن ھەسرەت تۇمانلىرى تارقاپ كۆڭلۈم پاللىدە يورۇپ كېتەتتى.

دائىم مېنىڭ كىشىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىم راسا ئەۋجە-گە يەتكەن چاغلاردا توساتتىن كىشىلەر ئارىسىدىن ئۇنىڭ گۈل-دەك چېھرىنى كۆرۈپ قالسام كۆڭلۈمدىكى قەھر - غەزەپ بورانلىرى نەلەرگىدۇر غايىب بولۇپ مۇقەددەس قەسىدىلەر ياڭ-راشقا باشلايتتى.

دائىم تۇرمۇشنىڭ غەم - ئەندىشىلىرى قەلبىمنى تىغلاپ، تۇرلۇك - تۈمەن مۇشكۈلاتلار گېلىمنى سىرتماقتەك بوغقان چاغلاردا مەن ئۇنىڭ ئالدىمدا تۇرغانلىقىنى كۆرەتتىم. بۇ چاغدا ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرىدىن شۇڭغۇپ چىققان نۇر قەلبىمنى پاللى-

ده يورۇتۇپ ۋۇجۇدۇمنى شادلىققا چۆمدۈرۈۋېتەتتى، تۈرمۈش ماڭا باشقىچە گۈزەل بولۇپ كۆرۈنۈپ كېتەتتى.
ئاغىنىلەر، سىلەر بەلكىم مېنىڭ بۇ ھالىتىمگە ھەيران بولىدىغانسىلەر؟ ماڭا ئوخشاش قىرانىغا يەتكەن ياش يىگىتنىڭ خام خىياللارغا مەلىكە بولۇپ يۈرۈشلىرى سىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغاندۇ؟
بىراق، شۇ خىياللار بىلەن ئۆتكۈزگەن شۇ ئاي، شۇ كۈنلەر مېنىڭ ھاياتىمنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ بەختىيار، ئەڭ شېرىن، ئەڭ غۇبارسىز چاغلىرى ئىدى. بىز ھەمىشە قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ، ئاي نۇرىدا يۇيۇنۇپ، دېڭىز دولقۇنلىرىدا تېخى ھېچكىم ئېيتمىغان كۈيلەرنى ئېيتىپ، ھېچبىر ئىنسان ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلاتتۇق. مېنىڭ تۇرمۇش دېگىنىم بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزدىكى مۇشۇ كەچۈرمىشلىرىمىز ئىدى. مەۋجۇدىيەت دېگىنىم بىز كۆرگەن ۋە باشتىن كەچۈرگەن، بىزنى خۇشال قىلغان ياكى ئازابلىغان نەرسىلەر ئىدى. بۇلار مېنىڭ مەنىۋى كەچۈرمىشلىرىم، مەن ئاشۇ كەچۈرمىشلەر دۇنياسىنى كېزىپ يۈرۈپ ئوتتۇز ياشقا كىردىم.
ئاھ خۇدا! مەن ئوتتۇز ياشقا كىرمىگەن بولسام ياكى ئوتتۇزغا كىرگۈچە ئۆلۈپ كەتكەن بولسام نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى ــ ھە. چۈنكى، مەن مۇشۇ نەس باسقان يىللاردا تۇرمۇش لەززەتلىرىدىن تامامەن مەھرۇم قالدىم. مېنىڭ كۆكلۈل يوپۇرماقلىرىم شامالLARغا جور بولۇپ شىۋىرلىمايدىغان، شاخلىرىغا قۇشلارمۇ ئۇۋا سالمايدىغان بىر تۈپ قاقشال دەرەخنىڭ تۈۋىگە دەپنە قىلىندى.
ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان، بېشى بىر چەتكە سەلگىنە قىيسايغاندى، ئىككى قولى ھالسىز ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. بىز ئۇنىڭ يېنىدا ئۇن ــ

تىنىسىز تـۇرۇپ قـالـدۇق. بىر پەستىن كېيىن ئۇ كۆزىنى ئاچتى - دە، ئۇزۇك - ئۇزۇك ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئېسىڭلاردا بولسا كېرەك، بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى ۋالىي مېنى ۋېنىتسىيىگە بېرىپ بىر ئىلمىي خىزمەتنى بېجىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپ، ماڭا ئاشۇ شەھەرنىڭ باشلىقىغا يازغان بىر پارچە خېتىنى بەردى. ۋالىي ئۇ باشلىق بىلەن ئىستانبۇلدا تونۇشقانىكەن.

مەن ئىتالىيىنىڭ بىر پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ لىۋاندىن يولغا چىقتىم. بۇ قۇياش كۈلۈپ تۇرغان مارت ئېيى ئىدى، مەيىن شامال دېڭىز يۈزىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى، ئاپئاق دولقۇنلار گويا ئاسماندىكى چىرايلىق بۇلۇتلاردەك ئاستا داۋالغۇيتتى. مەن پارا-خوتتا ئۆتكۈزگەن ئاشۇ چاغلىرىمنى قانداق تەسۋىرلەپ بېرىشىم-نى بىلمەيمەن.

شۇ چاغلاردا مەن روھىيىتىمدىكى يارىم بىلەن شۇنداق ئىجىل، شۇنداق شاد - خۇرام ئىدىمكى، بەختىنىڭ كەينىدە ئازاب بارلىقىنى زىنھار خىيالىمغا كەلتۈرمىدىم. مەن بىزنىڭ بەخت گۈلىمىزنىڭ بىر كۈنى سولىشىدىغانلىقىنى، سۆبھى قىز-نىڭ لەرزان ناخشىسىنىڭ تۈگەپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قوي-مايتتىم. مەن تاغ باغرىدىكى ئۆيۈمدىن ئايرىلىپ، هارۋا بىلەن پورتقا ماڭغان چېغىمدا ئۇ مەن بىلەن بىللە ئىدى. بېرىۋېتىن ئايرىلىشقا ئۈچ كۈن قالغۇچە ئۇ مېنىڭ يېنىمدىن زادىلا نېرى كەتمىدى، ھەتتا مەن دوستلىرىم بىلەن سۆھبەتلەشكەن چاغلار-دىمۇ ئۇ قېشىمدىن كەتمەيتتى، دوستلىرىمغا كۈلۈمسىرەپ قا-راپ ئولتۇراتتى. مەن نەگىلا بارماي ئۇ ھامان مېنىڭ بىلەن بىللە ئىدى، مېنى قولتۇقلاپلا يۈرەتتى. كەچقۇرۇنلۇقى بىز بىرلىكتە بـالـكـونغا چىقاتتۇق، شەھەرنىڭ شەھەرگە خاس ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىغا تەڭ قۇلاق سالاتتۇق، ئەتراپقا تەڭ كۆز تاشلاپ قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتەتتۇق.

كېمىگە چۈشۈپ بېيرۇت بوغۇزىدىن ئايرىلىپ، چوڭ پاراخوتنىڭ پەلەمپەيگە دەسسىگەن چېغىمدا گويا غايەت زور بىر قول بىلىكىمدىن تۇتۇپ تارتىۋاتقاندەك، قۇلىقىم تۈۋىدە قايتىپ كەل، ئۆزۈڭنىڭ ماكانىڭغا قايتىپ كەل، پاراخوت مېڭىپ كەتكۈچە كېمىگە چىقىۋېلىپ ئۆز ۋەتىنىڭنىڭ قىرغىقىغا يېتىۋال، دېگەن سادا جاراڭلىغاندەك بولۇپ، روھىيىتىمنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى.

پاراخوت ئورنىدىن قوزغالدى. مەن پالوبا ئۈستىدە تۇرۇپلا قالدىم. شۇ تاپتا گويا سانىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرىغا ئىلىنىپ مۇئەللەقتە ئېسىلىپ قالغان چۈجىگىلا ئوخشاپ قالغانىدىم. كەچ كىرگەندە لىۋاننىڭ ئېگىز - پەس تاغ تىزمىلىرى دېڭىز تۇمانلىرى ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. بىراق، مەن تېخىچە پاراخوتنىڭ ئالدىدا ئۆزۈم يالغۇز ئۆرە تۇراتتىم. مېنىڭ ئامرىقىم، جاندىن ئەزىز يارىم يېنىمدا يوق ئىدى. ئىلگىرى بېشىمنى كۆتۈرسەملا دىلبىرىمنىڭ جامالىنى كۆرەلەيتتىم، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايتتىم، قولۇمنى سوزساملا ئۇنىڭ قولىنى تۇتالايتتىم. هازىر پاراخوت پالوبىدا ئۇ يوق. بۇ مېنىڭ ئۇنىڭدىن تۇنجى قېتىم ئايرىلىپ قېلىشىم ئىدى. مەن تۇنجى قېتىم تەنها ئۆزۈم قاراڭغۇلۇق كېچىگە، قاراڭغۇ دېڭىزغا يۈزلىنىپ تۇراتتىم.

ئۆزۈم پالوبىدا، ئەس - يادىم ئۇنىڭدا ئىدى، يۈرىكىم ئۇنىڭ نامىنى زىكرى قىلاتتى، كۆزلىرىم ئاشۇ كۆپچۈپ تۇرغان دولقۇنلار مەۋجىدىن ئۇنىڭ چىرايىنى ئاختۇراتتى.

تۈن كېچە بولغاندا يولۇچىلار ئۇخلاش ئۈچۈن خانىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. ئەمدى مەن تېخىمۇ يالغۇز قالدىم. تېڭىرقاش، بىئاراملىق، پەرىشانلىق يۈرىكىمنى ئېزەتتى. ئۇشتۇمتۇت، يېنىمغا قارىسام ئۇ مەندىن پەقەت بىرنەچچە قەدەملا نېرىدا تۇمان ئىچىدە تۇرۇپتۇ. بۇ هال شۇنداق تۇيۇقسىز تۇيۇلدىكى،

ئىختىيارسىز شۇركۇنۇپ كەتتىم. مەن دەرھال ئۇنىڭغا قولۇمنى ئۇزىتىپ تولۇلىدىم: «سىز نېمىشقا مېنى يالغۇز تاشلاپ كېتىدىڭىز؟ سىز نەگە كەتتىڭىز؟ ئاھ جېنىم، سىز نەگە كەتكەن بولغىيتتىڭىز؟ جېنىم، بېرى كېلىڭ، مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ھەرگىز يالغۇز قالدۇرماڭ!»

ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كەلمىدى. مەن بۇنداق بولارىنى زادىلا كۈتمىگەنىدىم. ئۇنىڭ چىرايىدا ئىلگىرى زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان قايغۇ – ھەسرەت كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ زەئىپ ئاۋازدا: مەن دېڭىز تېگىدىن پەقەت سىزنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈنلا چىقتىم. ئەمەدى مەن يەنە كىرىپ كېتىشىم كېرەك. سىز خانىڭىزغا كىرىپ ئوبدان بىر ئۇخلىۋېلىڭ، ياخشى چۈش كۆرۈڭ، دېدى – دە، تون پەردىسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن گۆدەك بالىدەك قوللىرىمنى سوزۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تەلمۈرۈپ قاراپ قالدىم. نەم ھاۋانىلا قۇچاقلاپ قالدىم.

ھۇجرامغا قايتىپ كىردىم. كۆڭلۈم پاراكەندە ئىدى. شۇ تاپتا مەن چېكى يوق ئازاب دېڭىزىدا لەيلەپ يۈرگەن قېيىققىلا ئوخشاپ قالغانىدىم. لېكىن ئۆزۈمنى ھەيرانمەن، شۇنداق بىر كەيپىياتتا تۇرۇقلۇق يەنە يېتىپلا ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. چۈشۈمدە يارىمنى كۆردۈم. ئۇ چېچەكلەپ تۇرغان بىر تۈپ ئالما دەرىخىگە مىخلاپ قويۇلغانىمىش. ئۇنىڭ پۇت – قوللىرىدىن ئاققان قىپقىزىل قان دەرەخ شېخىنى بويلاپ سىرغىپ ئېقىۋاتقۇدەك ۋە چىملىقتا تۆكۈلۈپ ياتقان چېچەك بەرگىلىرى بىلەن بىرلىشىپ كېتىۋاتقۇدەك.

پاراخوت شۇ تەقلىدتە سەپەرنى داۋام قىلىپ كېتىۋەردى. مەن ئۆزۈمنىڭ چۈش كۆرۈۋاتقان ياكى ئويغاق ئىكەنلىكىمنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم، مەھبۇبەم شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز دىدارىنى كۆرسەتمەي قويدى. مېنىڭ نالە – پەريادلىرىم،

تىلەك ـ ئىلتىجالىرىم پەلەككە يەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ جامالىنى زادىلا كۆرەلمىدىم، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىم، بارلىق ئۇرۇنۇشلىرىم بىكارغا كەتتى.

15 ـ كۈنى چۈش بىلەن ئىتالىيە تەۋەسىگە يېتىپ كەلدۇق. كۈن كەچ بولغاندا پاراخوت ۋېنىتسىيە پورتىغا كىردى. پاراخوتىمىزنىڭ ئەتراپىغا يولۇچىلارنى شەھەرگە توشۇيدىغان ھەر خىل، ھەر ياڭزا قولۋاقلار، كىچىك كېمىلەر ئولاشتى.

ئاغىنىلەر، ۋېنىتسىيىنىڭ نەچچە ئونلىغان كىچىك ئاراللارنىڭ چاتمىسى ئىكەنلىكى ھەممىڭلارغا مەلۇم، تەرەپ ـ تەرەپكە سوزۇلغان كىچىك دەريالار، قانالار شەھەر كوچىلىرىنىڭ رولىنى ئوينايدىكەن. ئۆي ـ ئىمارەت، ئوردا ـ سارايمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىكەن. ئۇ يەردە قاتناش ھارۋا بىلەن ئەمەس قولۋاق ـ كېمىلەر بىلەن بولىدىكەن.

مەن پاراخوتتىن قولۋاققا چۈشكىنىمدە كېمىچى مەندىن:

— ئەپەندى، نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى.

مەن شەھەر باشلىقىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىۋىدىم. ئۇ ھۆرمەت نەزىرى بىلەن ماڭا قاراپ قولۋاقنى ھەيدەشكە باشلىدى. ئاڭغىچە ئەتراپ گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىغا چۆمۈپ، ھەممە يەر چىراغ نۇرلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. ئوردا ـ قەسىرلەرنىڭ، چېركاۋلارنىڭ، بىنا ـ ئىمارەتلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن چاقناپ تۇرغان نۇر سۇ يۈزىدە چاراقلايتتى. ۋېنىتسىيە ھەقىقەتەن كىشىگە شېئىرىي تۇيغۇ بېغىشلايدىغان ئاجايىپ گۈزەل شەھەر ئىكەن. مەن چۈشكەن قولۋاق بىر ئەگمىگە يېتىپ كېلىشىگە سانسىزلىغان قوڭغۇراقلار جىرىڭلاپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆكسۈپ يىغلىغاندەك چىققان ئۇزۇك ـ ئۇزۇك ساداسى كېچە ئاسمىنىنى يېرىپ ئۆتۈپ يىراق ـ يىراقلارغا كېتەتتى. گەرچە مەن ئېسىنى ۋە سىزىمىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك خاموش ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بولسامۇ، بۇ سادا مېنىڭ قەلبىمگە بىگىز سانجىغاندەك

تەسىر قىلدى.

قولۋاق قىرغاققا چىقىدىغان بىر تاش پەلەمپەينىڭ تۆۋىگە كېلىپ توختىدى. قولۋاقچى قولى بىلەن بىر چوڭ باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئوردىنى كۆرسىتىپ قويدى. مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدۈم، قولۋاقچى مېنىڭ چامادانىمنى كۆتۈرۈپ كەينىمدىن ماڭدى. ئوردا ئالدىغا كەلگەندە مەن كىرا ھەققىنى تۆلەپ ئۇنى قايتۇرۇۋەتتىم، ئاندىن ئىشىكنى ئۇردۇم، ئىشىك ئېچىلدى. ئوردا ئىچىدە بىر توپ خىزمەتكارلار بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۆكسۈپ يىغلىشىۋاتاتتى. بۇ كۆرۈنۈش مېنى چۆچۈتۈۋەتتى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم.

شۇ ئارىدا، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر خىزمەتكار يىغلىشىۋاتـ قانلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ ئالدىمغا كەلدى. ئۇ بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ مېنىڭ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىمنى سورىدى. مەن:

— بۇ شەھەر باشلىقىنىڭ ئوردىسىمۇ؟ — دەپ سورىـ دىم.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

مەن لىۋاننىڭ باش ۋالىيسىنىڭ خېتىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئۇ كونۋېرتنىڭ سىرتىدىكى ئادرېسقا ئۇن - تىنسىز قارىغاندىن كېيىن، مېنى ئـوردىنىڭ ئىچكىرىسىگە باشلاپ كىردى.

مەن كېتىۋېتىپ بۇ خىزمەتكار ئايالدىن ئوردىنىڭ ئىچىدىـ كى يىغىنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم.

— نېمە؟ سىز شەھەر باشلىقىنىڭ قىزىنىڭ بۈگۈن قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ — ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتـ مەيلا قوللىرى بىلەن يۈزىنى يېپىپ يەنە يىغلاپ كەتتى.

قېنى سىلەر دەپ بېقىڭلار، بىر ئادەم دېگىنىز - ئوكيانلارنى

كېزىپ ئىككى ھەپتىچە تۇمان بىلەن دولقۇندىن باشقىنى كۆرمەي، كېچە بىلەن كۈندۈزنى خۇددى ئەرۋاھلاردەك ئۆتكۈزۈپ مىنىڭ بىر مۇشەققەتتە مەنزىلگە يېتىپ كەلسە، ئۇنى ماتەم قايغۇسى، جۇدالىق زارى كۈتۈۋالسا، ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى قانداق بولىدۇ؟

خەتنى كۆرسەتكىلى كەتكەن خىزمەتكار قايتىپ كەلدى. ئۇ ماڭا تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— مەرھەمەت ئەپەندى، شەھەر باشلىقى سىزنىڭ كىرىشىڭىزگە ئىجازەت بەردى، — دېدى ۋە ئالدىمدا يول باشلاپ ماڭدى. بىز كارىدورنىڭ ئۇ بېشىدىكى بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. ئۇ مېنى كىرىشكە ئىشارەت قىلدى. مەن ئىشىكتىن كىردىم، بۇ بىر چوڭ زال ئىكەن. زالنىڭ ئىچى يوغان شاماللارنىڭ نۇرىدا كۈندۈزدەك يورۇپ تۇراتتى. بىرنەچچە كىشى ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇشقانىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پوپ سىياقىدىكى بىر ئادەممۇ بار ئىدى. مەن ئالدىمغا بىرنەچچە قەدەم مېڭىشىمغا ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ مۆكچەيگىنىچە ئالدىمغا كەلدى. ئۇ كىشىنىڭ چىرايىدىن مۇسىبەت ئازابى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— شۇنچە يول بېسىپ ئاران كەلگىنىڭىزدە سىزنى مۇسىبەت كۈتۈۋالغىنىنى قارىماسسىز. بىراق، بىزنىڭ قايغۇيىمىز سىزنىڭ ئۆز ۋەزىپىڭىزنى ئورۇندىشىڭىزغا دەخلى قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئوغلۇم — دېدى.

مەن ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتتىم ۋە ئاز - تولا تەسەللى بەرگەن بولدۇم.

بوۋاي مېنى ئۆزىنىڭ يېنىدىكى بىر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش جىمجىت ئولتۇردۇم. ئۇلارنىڭ ھەسرەتلىك چىرايلىرى، ئۇھ تارتىشلىرى مېنى تېخىمۇ

كۈچلۈك قايغۇغا چۆمدۈردى. بىرەر سائەتلەردىن كېيىن، ئول-تۇرغانلار بىر - بىرلەپ قايتىپ كېتىشتى. ئېغىر سۈكۈتتىكى چوڭ زالنىڭ ئىچىدە بوۋاي بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن، مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

— ئەپەندى، ئەمدى ماڭىمۇ ئىجازەت بەرسىڭىز، — دېدىم.

— ياق، سىز كەتمەڭ، بىزنىڭكىدە مېھمان بولۇڭ. بىزنىڭ مۇسىبىتىمىزنى دەپ كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — دەپ مېنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى رەت قىلالمىدىم، ئۇ-نىڭ رايىغا باقماي بولمىدى.

— سىلەر لىۋانلىقلار مېھماندوست كېلىسىلەر، ئەمدى بىزمۇ سىلەرنى كۈتۈۋالايلى. سىز بىزنىڭكىدە بىر نەچچە كۈن تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ.

شۇ گەپلەردىن كېيىن بۇ ھازىدار بوۋاي بىر كۈمۈش قوڭ-غۇراقنى جىرىڭلىتىۋىدى، پۈزۈر كىيىنگەن بىر خىزمەتكار كىرىپ كەلدى. بوۋاي مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— مېھماننى مېھمانخانىغا باشلاڭ، ئوبدان مېھمان قى-لىڭ، — دەپ تاپىلىدى.

خىزمەتكار مېنى كەڭتاشا ياسىداق بىر ئۆيگە باشلاپ كىر-دى. تۇرلۇك بېزەكلەر ۋە ھەرخىل سۈرەتلەر ئېسىلغان، ئۆي-نىڭ ئوتتۇرىسىدا قىممەت باھا كارىۋات قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈس-تىگە يوتقان - كۆرپە ۋە كەشتە ئىشلەنگەن ياستۇق تىزىلغانىدى.

خىزمەتكار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ھازىرقى ئەھۋالىم ۋە بۇ ياقا يۇرتتا ئۆتكەن بىر سائەتلىك كەچۈرمىشلىرىم ئۈستىدە ئويلىنىپ كەتتىم.

خىزمەتكار يېمەك - ئىچمەك ئەكىردى. تاماقتا زوقۇم يوق ئىدى، ئازراقلا يەپ قايتۇرۇۋەتتىم.

ئارىدىن ئىككى سائەت ئۆتۈپ كەتتى. مەن تۇرۇپ - تۇرۇپ

ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇيان - بۇيان ماڭاتتىم. گاھىدا بىرنىزە ئالدىغا كېلىپ ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ كېتەتتىم. كېمىچىلەرنىڭ هاي - هۇيلىرىغا، پالاقلارنىڭ شالاپلىغان ئاۋازلىرىغا قۇلاق سالاتتىم. ئاخىر پىكىرلىرىم قالايمىقانلىشىپ كاللام چارچىغان-دەك قىلغاندا ئۇخلاشقا ياتتىم. ئۇخلىغان بىلەن ئۇخلىمىغاننىڭ ئارىلىقىدا ياتاتتىم. مۇشۇ تاپتىكى هالىتىمنى دېڭىز دولقۇنلىرى توختىماي ئۇرۇلىدىغان قىيا تاشقا ياكى ئېككى قوشۇن رەھىم-سىز ئېلىشىدىغان جەڭگاھقا ئوخشىتىشقا بولاتتى.

مۇشۇ هالەتتە قانچىلىك ياتقانلىقىمنى بىلمەيمەن، بىرىنىڭ كارىۋىتىمنىڭ بېشىغا كېلىپ تۇرغانلىقىنىلا بىلىمەن. بىر سا-داسىز ئاۋاز مېنى چاقىرغاندەك، بىر شەكىلسىز قول ماڭا ئىشارەت قىلىۋاتقاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن قارشىلىق كۆر-سەتكىلى بولمايدىغان غەلىتە بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىخ-تىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ كارىدورغا چىقتىم. پۇتلىرىم مەي-لىمگە باقماي مېنى نەگىدۇر ئېلىپ ماڭدى. مەن ئويغاقمۇ ياكى چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن، بىلمەيتتىم. ئىشقىلىپ، يا ۋاقىت ئۆل-چىمى يوق، يا ماكان ئۇقۇمى يوق بىر سىرلىق دۇنيادا كېتىۋا-تىمەن. بىر چاغدا كارىدورنىڭ بىر بېشىدىكى چوڭ بىر زالغا كىرىپ قاپتىمەن، زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تاۋۇت تۇرۇپتۇ. تاۋۇتنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن شاملار يېنىپ تۇرۇپتۇ. مەن ئاستا بېرىپ تاۋۇتنىڭ قېشىدا تىزلىنىپ تاۋۇتنىڭ ئىچىگە قارىدىم.

كۆزلىرىمگە مەھبۇبەم كۆرۈندى. مېنىڭ قەلبىمنى كېچە - كۈندۈز يورۇتۇپ كەلگەن ئاشۇ چىرىغىم، مېنى كۆيدۈ-رۇپ كاۋاپ قىلغان ئاشۇ دىلبىرىم تاۋۇت ئىچىدە گۈلگە پۈركى-نىپ ياتاتتى.

ئەتراپ كىشىنى شۈركۈندۈرگۈدەك جىمجىت ئىدى.

ئاھ، يارانقان ئىگەم! سەن بىزگە هايات بەردىڭ، بىزنى يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە باشلاپ كىردىڭ. بىزگە يەنە

ئۈمىد ۋە ئازاب ئىچىدە سوقۇپ تۇرىدىغان يۈرەكمۇ ئاتا قىلدىڭ! ئېھ خۇدا، مانا ئەمدى مەھبۇبەمنىڭ مۇزدەك تېنىنىمۇ ماڭا سەت كۆرسىتىۋاتىسەن. ئەمدى بىلدىم، مېنى بىر ئەلدىن يەنە بىر ئەلگە ئەزرائىلنىڭ قۇدرىتىنى تونۇتۇپ قويۇش، قايغۇ - ھەسرەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈنلا باشلاپ كەلگەنىكەنسەن. سەن مېنىڭ كۆڭۈل ئېتىزىمغا ئاق ئەتىرگۈل تىكىپ مېنى ئۈمىدلەندۈرگەنىدىڭ، مانا ئەمدى قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن ئەتىرگۈلنى كۆرسىتىۋاتىسەن.

ئېھ بۇرادەرلەر، سىلەر مېنىڭ ياقا يۇرتلاردا يالغۇزلۇقنىڭ ئەلىمى ئۆتۈلگەندە سىغىنغان دوستلىرىم، كۆڭلۈمدىكى دەردىمنى سىلەرگە ئېيتماي كىمگە ئېيتىمەن. مەن خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئازاب شارابىنى ئىچتىم. بۇ چەكسىز ئالەمدە بىز ئىنسانلار دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى، ئاللانىڭ ئىرادىسى بىز ئۈچۈن مۇقەددەستۇر. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ئۆزىمىزگە خاس ئەمەس. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى شاد - خۇراملىقتا سەزگەن بولساق، بۇ شاد - خۇراملىقمۇ بىزنىڭ ئەمەس بەلكى ھاياتنىڭ. بىز ئاغرىق ھېس قىلساق بۇ ئاغرىقنىڭ سەۋەبى يارا ئەمەس تەبىئەتتۇر.

بۇ گەپلەرنى قىلىپ بەرسەم دەرد تۆكۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭلار، دەرد تۆككەن كىشى تۇرمۇشتىن گۇمانلىنىدۇ. مەن بولسام ناھايىتى كۈچلۈك ئېتىقادقا ئىگە مۇسۇلمانمەن. مەن ئۆزۈم ئىچكەن ئازاب شارابىنى ئاچچىق دەپ بىلمەيمەن، تېنىمگە سانجىلغان تىغلارنىمۇ گۈزەل، نەپىس دەپ قارايمەن. نەشتەرلەرنىڭ يۈرىكىمنى لەختە - لەختە قىلىشىنىمۇ مېھرىبانلىق دەپ چۈشىنىمەن.

مانا مەن ھېكايەمنى ئېيتىپ بولدۇم، لېكىن تېخى ئايىغى چىقمىدى، مەن ئۇنى ئاخىرلاشتۇرۇۋېتەي.

مەن چۈشلىرىمدە كۆرگەن دىلبىرىمنىڭ تاۋۇتى يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ دىدارىغا تىكىلىپ قارىغىنىمچە تاڭ

ئاتقۇزۇۋېتىپتىمەن. تاڭ ساباسى مەيىن قوللىرى بىلەن دىرىزىنى سىلاپ ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەندىلا، ئاندىن قەلبىمدىكى چەكسىز ئازابلارنى ۋۇجۇدۇمغا سىڭگىرىپ، پىراق ئازابىدىن ھالسىرىغان ۋۇجۇدۇمنى سۆرەپ خانىمەگە چىقىپ كەتتىم.

ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن، ۋېنىتسىيىدىن لىۋانغا قايتىپ كەلدىم. مەن ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرمىغان بولساممۇ، ئەمما ماڭا مىڭ يىل ئۆتۈپ كەتكەندەك بىلىندى. شۇنىڭ بىلەن مەن بارلىق لىۋانلىقلارغا ئوخشاش ئۇ يەردىكى تەنھالىقتىن بۇ يەردىكى يېگانىلىككە قايتىپ كەلدىم.

كەچۈرگەيسىلەر، تولىمۇ جىق سۆزلەپ كەتتىم!

# كونا كۆۋرۈك

## ۋ . بريۇسوف (رۇسيە)

غالىپ ھەسەن تەرجىمىسى

بېشىدىن جىق ئىش ئۆتمىگەن، ھە دېسىلا ئۆزۈمنىڭ راست دەيدىغان ئانتونىئو ئاكىسى — تەخت ۋارىسى مالكنى ئانچە كۆز- گە ئىلمايدىغان بولۇۋالدى. بۇ ئىشتىن ئوغىسى قايىنىغان شاھ ئاتىسى ئۇنى ئاسىي قاتارىدا مەملىكىتىدىن ھەيدەپ چىقارماقچى بولدى.

ئانتونىئو دوست - بۇرادەرلىرىدىن مەدەت تىلىسىمۇ ياكى ئاتىسىنىڭ ئاچچىقى يانغۇچە چەت ئەلدىكى مومىسىنىڭ يېنىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ كەلسىمۇ بولاتتى. لېكىن، ئۇ تەبىئىتىدىن ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان بولغاچقا، ئەگەر ئاتىسى شۇنداق قىلسا، يۈزى چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇچىسىدىكى بىر قۇر كىيىمى بىلەنلا ئوردىدىن بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

دېڭىز ياقىسىغا جايلاشقان بۇ پايتەخت سودا - سېتىق قىزىيدىغان، كەلدى - باردىلارمۇ كۆپ ئاۋات شەھەر ئىدى. كوچىدا لاغايلاپ يۈرۈشكە ئانتونىئونىڭ رايى بارمىدى. ئۇ ھازىر بىر ئاددىي پۇقرا، ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزى ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ تونۇش - بىلىشلەرنىڭ كۆزىدىن نېرى بولۇش ئۈ- چۈن، بىرەر قارا ئىش بولسىمۇ تېپىپ قىلاي دېگەن ئوي بىلەن پىرىستانغا كېلىپ، ھامماللاردىن ئۆزىنى شېرىك قىلىۋېلىشنى ئۆتۈندى، سەركار ماقۇل بولدى. كۈن پاتقانغا قەدەر ئۇ ساندۇق

كۆتۇرۇپ، تاغار يۇدۇپ ئىشلىدى.

ئانتونىئو چارچىدى، ھالسىدىن كەتتى، غورىگىل تامانى داق كارىۋات ئۇنى ماغدۇرىغا كەلتۇرەلمىدى، ئەتىسى ئىشنى يىغقۇچە ئاران چىدىدى، ئۇ ئىككى ھەپتە ئۆتتەك قىزىپ ئورنىدىن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ھېلىمۇ ياخشى ھامماللارنىڭ ئىنساپى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ھالسىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى.

ئانتونىئو خېلى ئېسىگە كېلىپ قالدى. ھامماللار ئۇنىڭغا، بىزنىڭ كۈنىمىزمۇ ئارانلا ئۆتۈۋاتىدۇ، ئەمدى سەندىن خەۋەر ئېلىپ كېتەلمەيمىز، دېدى. ئانتونىئومۇ بۇنى ھېس قىلىپ يەتكەندى. ئۇ شېرىكلىرىنىڭ خىراجەت قىلارسەن دەپ بەرگەن بىرنەچچە تەڭگە پۇلىنى رەھمەت بىلەن ياندۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا باشقا بىر پاناھ جاي ئىزدەپ ماڭدى.

بۇ قېتىم ئانتونىئوغا ئىش تېپىش تولىمۇ تەسكە توختىدى. ئۇنى كېسەل چېقىۋەتكەن، پۇت - قوللىرى تىترەپ تۇراتتى، قىزىتمىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، كۆزلىرى پىلدىرلاپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەپتىدىن ئىش قىلالىشىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ يالغۇزلۇق بارمىغان كىمچى، سودىگەر قالمىدى، بىرەرىمۇ ئۇنى يېقىن يولاتمىدى. كەچ كىرگەندە ئانتونىئو قەبرىستانلىقتا كېلىپ لاغىلداپ تىترىگىنىچە بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كەتتى. ئۇ ئاخىر چىدىماي ئۈچىنچىدىكى كىيىمىنى سېتىۋەتتى، بۇ كىيىم ئوردىدا ئادەتتىكىچىلا كىيىم ھېسابلانسىمۇ، بىر سەرگەردان ئۈچۈن خېلى ئوبدانلا كىيىم ھېسابلىناتتى. ئانتونىئو ئۈچىنچىدىكى كىيىمىنى سېتىۋەتكەندىن كېيىن دىۋاندىغىلا ئوخشاپ قالدى.

كىيىمنى ساتقان پۇل ئانتونىئونىڭ قورسىقىغىلا چىقىش قىلاتتى، ئۇنى غەم - قايغۇدىن خالاس قىلالمايتتى. قاراڭغۇ، جۇدۇنلۇق كېچە يەنە يېقىنلاپ كەلدى. ئانتونىئونىڭ قىزىتمىسى

يەنە ئۆرلىگىلى تۇردى. ئۇ ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى سۆرىگىنىچە مىڭبىر مۇشەققەتتە شەھەردىن چىقىپ دەريا بويىغا كەلدى. دەريانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان بىر كۆۋرۈك بار ئىدى، كىشىلەر ئۇنى كونا كۆۋرۈك دەپ ئاتىشاتتى.

كۈۋەجەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىدىن ئادەمنىڭ تېنى شۇر-كۇنەتتى، كۆكتە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزنىڭ سۇغا چۈشكەن شولىسىدىن يۇلتۇزلار دولقۇنى ھاسىل بولاتتى. شەھەردىن جاق تويغان ئانتونىئوغا بۇ يەر گۈل كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ، جاھان ماڭا مۇشۇنداق تار كېلىۋاتسا، جېنىمنى قىيىنغۇچە ئۆلۈپلا تۈگەشسەم بولمىدىمۇ، دېگەن يەرگە كەلدى.

ئۇ پەسكە چۈشۈپ دەريا ساھىلىغا كەلدى. شۇ ئەسنادا، ئۇپۇق سىزىقىدىن كۆتۈرۈلگەن تولۇن ئاي كۈمۈشتەك نۇرىنى چېچىپ دەريا يۈزىنى چاقنىتىۋەتتى، سۇرلۇك كۆرۈنىدىغان كونا كۆۋرۈكمۇ باشقىچىلا تۇسكە كىردى. ئانتونىئوغا ئۇلار خۇددى بىر مۆجىزىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «ئۈمىد ئالدىڭدا، ھەرگىز مەيۇسلەنمە!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى.

«راست ئەمەسمۇ، — ئانتونىئو ئۆزىگە تەسەللى بەردى، — يەيدىغان رىزقىم تېخى تۈگىمىگەن بولغىيتتى! يېنىمدىكى نەچچە تەڭگە بىلەن بىرنەچچە كۈن قورسىقىمنى باقا-لارمەن، كېچىسى تۈنەيدىغان يەر بولمىسا، مۇشۇ كۆۋرۈكنىڭ ئەگمىسىدە تۈنىسەم بولىۋەرمەمدۇ؟»

ئانتونىئو خېلى تەستە كۆۋرۈكنىڭ تۈۋىگە كەلدى. كۆۋ-رۈك ئەگمىسىنىڭ ئىچى نەم بولسىمۇ، شامالدىن خالىي، خېلى ئىسسىق ئىدى. ئۇ ئەپلىكرەك بىرەر جاينى تېپىپ ئەمدىلا ياتاي دەپ تۇرۇشىغا، شاپۇر - شۇپۇر قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر ئاق كۆلەڭگە لەپپىدە ئۆتۈپ كەتتى.

ئانتونىئو سىنچىلاپ قارىدى، ئۇ بىر قىز ئىدى.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، — دېدى ئانتونىئو، — قورقماڭ، ئۆزىڭىزنى قاچۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — سورىدى قىز پەس ئاۋازدا.

— بىر بىچارىمەن، ياتىدىغان يەر ئىزدەپ بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا كىرىۋىدىم.

— پايلاقچىدۇر سىز تايىنلىق؟

ئانتونىئو قىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى.

— ماڭا ئىشىنىڭ، — دېدى ئانتونىئو، — مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن. سىزمۇ ياتقۇدەك جاي ئىزدەپ كەلگەن بولسىڭىز، بۇياققا كېلىڭ، ماۋۇ يەردە ئورۇن بار، ئىككىمىزگە كەڭتاشا يېتىدۇ.

— گەپلىرىڭىزدىن قارىغاندا، ياقا يۇرتتىن كەلگەندەك قىلىسىز، — دېدى قىز خىيالغا پاتقاندەك، — مەن تېخى سىزنى زەڭگى پېتروۋمىكىن دەپ قاپتىمەن. ئۇ مېنى ئىزدەپ يۈرىدۇ، سىز بۇ يەرگە تاسادىپىيلا كېلىپ قالغان ئوخشىمامسىز؟

— ئەزبىرايى شۇنداق.

— ئۇنداقتا… — قىز سەل دودۇقلاپ سورىدى، — كېچىدە يېنىمغا كېلىۋالمايدىغانسىز؟

— ئايىمقىز، مەن ئاياللارنىڭ نام - ئابرۇيىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىمەن.

بېشى قېيىپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، پۇتلىرى تىترەپ تۇرالماي قېلىۋاتقان ئانتونىئو شۇنداق دەپ سالدى. بۇ ئۇردىدىكىلەرلا ئۆزئارا دېيىشىدىغان گەپ ئىدى.

— مەيلى ئەمىسە، — دېدى قىز، — ئىككىمىز مۇشۇ يەردە ئۇخلايلى … بىراق، شۇنى ئېسىڭىزگە سېلىپ قوياي،

يېنىمدا خەنجەر بار ... سىز مۇشۇ يەردە ... ۋاي ياق، مېنىڭ يېنىمدا ئەمەس، ئاۋۇ يەردە ... ئاۋۇ ئېغىزنى كۆردىڭىزمۇ؟

ئانتونىئو قوغۇشۇن قۇيۇۋەتكەندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن پۇتىنى سۆرىگىنىچە قىز كۆرسەتكەن يەرگە باردى، ئۇ يەر ئانچە نەم ئەمەس ئىدى. ئۇ شىبەن ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپلا ئېسىنى يوقاتتى.

قۇياشنىڭ سارغۇچ نۇرى ئانتونىئونى ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغاتتى، ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا يېنىدا بىر قىزنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، قىزنىڭ چىرايى جۇدەڭگۇ ھەم تاتىراڭغۇ ئىدى، ئۇچىسىغا كۆرۈمسىز بىر خالات كىيىۋالغان، بېلىنى كەمەر بىلەن باغلىۋالغان، يوپكىسىنىڭ ئېتەكلىرى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەنىدى.

— قانداقراق ئۇخلاپسىز؟ — سورىدى قىز.

— رەھمەت سىزگە، — ئانتونىئو ئورنىدىن تۇرماقچى بولدىيۇ، لېكىن مادارى يەتمەي يەنە يېتىپ قالدى ۋە ئىڭراپ سالدى.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟

— نەچچە كۈندىن بېرى تازا مىجەزىم يوق ئىدى، — دېدى ئانتونىئو ئارانلا، — ئۇنىڭ ئۇستىگە تۈنۈگۈن بەكلا چارچاپ كېتىپتىمەن.

— قورسىقىڭىز ئاچ ئوخشايدۇ، سىزگە يېگۈدەك بىر نېمە ئەكىلىپ بېرەي.

— بولدى، رەھمەت سىزگە... ئەگەر ئېغىر كۆرمىسىڭىز، ئازراق ھاراق ئەپكېلىپ بەرگەن بولسىڭىز، بىر ئاز ئىچىۋالسام ئوڭشىلىپ قالىمەن ... يېنىمدا ئازراق پۇلۇم بار.

— ئوھوي، پۇلىڭىز بارمۇ تېخى؟ — ئۇنىڭ يېنىدىن بىر نەچچە تەڭگىنى چىقارغانلىقىنى كۆرگەن قىز بەكلا ھەيران بولدى، — ماقۇل، ھازىرلا ئەپكېلىپ بېرىمەن.

قىز ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىرنەچچە تال زەيتۇن، بىر بوتۇلكا ئاق هاراقنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. ئانتونىئو هاراقتىن بىر نەچچە يۇتۇم ئىچىپ، زەيتۇندىن بىرنى يېگەندىن كېيىن، سەل ماغدۇرىغا كەلدى بولغاي، تىكلىنىپ ئولتۇردى.

— بۇ يەردىن هەرگىز چىققۇچى بولماڭ، — دېدى قىز، — سوغۇق تېگىپ قالسا كېسىلىڭىز تېخىمۇ ئېغىرلاپ كېتىدۇ... ماۋۇ پۇلىڭىزنى سېلىپ قويۇڭ... بولمىسا، — قىز سەل ئىككىلىنىپ قالدى، — مېنىڭ يېنىمدا يېتىڭ، ئۇ يەر ئىسسىقراق.

قىز ئانتونىئونى ئۆزىنىڭ ياتىدىغان يېرىگە باشلاپ ئەكەلدى، بۇ يەر خېلىلا كەڭرى، ئاستىغا پاخال سېلىنغانىدى. يەنە بىر كىچىك قازان، بىرنەچچە پىيالە تۇراتتى، قارىماققا بىر كىچىك ئۆيگىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى.

— كەچتە مەن قايتىپ كەلگۈچە مۇشۇ يەردە يېتىپ تۇرۇڭ، — دېدى قىز ئۇنىڭغا جېكىلەپ، — سىز بولكا، يەنە هارىقىڭىزنىمۇ ئەكىرىپ قويدۇم.

— ئىسمىڭىز نېمىكىن؟ — دېدى ئانتونىئو ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا.

— مارىيە، — دېدى قىز.

ئانتونىئو ئۆزى يالغۇز قالدى. بۇ يەر خېلى سوغۇق ئىدى، بىراق ئىسسىق پاخال ئۇنىڭغا خېلى خۇشياقتى. ئۇ مۇشۇنچىلىك ماكانغا ئېرىشكىنىگە شۈكۈر دەيتتى.

كەچ بولغاندا، مارىيە هېرىپ - ئېچىپ قايتىپ كەلدى، مۇزلاپ چىرايى كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

— ئەمدى ئوت يېقىپ تاماق ئېتەيلى، — دېدى قىز، — ئۈۋۈمىزمۇ ئىسسىپ قالىدۇ.

ئانتونىئو ئۇنىڭغا قاراپ ياتتى، مارىيە تاماق ئەتتى.

— نېمە ئىش قىلىسىز؟ — سورىدى ئانتونىئو.

— تىلەمچىلىك، — دېدى مارىيە ھېچقانداق ھودۇقماي.
ئانتونىئونىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى.
— ۋۇي، سىزگە جان بېقىشنىڭ باشقىچە بىر يولى تې-پىلمىدىمۇ؟ — دېدى ئانتونىئو جىددىيلىشىپ، — قورساق-نى بېقىش ئۈچۈن قىلمەن دېسە ئىش جىق ئەمەسمۇ؟
— سىز بىلمەيسىز، نەگىلا بارسام ئەر خەقلەر يېپىشىۋا-لىدۇ، جاق تويۇپ كەتتىم، — دېدى قىز قازاننى ئارىلاشتۇر-غاچ گەپ باشلاپ، — دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئايال قوشنىمىز، بىر دەللالنىڭ خانىمى ئىچ ئاغرىتىپ مېنى بېقىۋال-غانىدى... مەن خېلى چوڭ بولۇپ ئىشقا يارىغۇدەكمۇ بولۇپ قالغانىدىم... دوستلىرىم ئوقەت قىلمىز دەپ ئەرلەرنىڭ كەينى-دىن كېتىشتى. مەن ئۇنداق قىلىشنى خالىمىدىم، ئەرلەردىن شۇنداق بىزار بولۇپ كەتكەنىدىم، ئاخىر ئۆيدىن قېچىپ چىق-تىم. بىراق، نەگىلا بارسا قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن... ئاخىر باشقا يول تاپالماي كۆزدىن نېرىراق مۇشۇ يەرگە كېلىۋالدىم. راست گېپىمنى دېسەم، بۇ يەردىمۇ بىر كىم كۆرۈپ قالارمىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ... ھە، تاماقمۇ پىشىپتۇ، قېنى ئىسسىقىدا يەۋالايلى.
ئىككىيلەن تاماق يېيىشتى، ھاراق ئىچىشتى. ئانتونىئو، ئىسمىم تونى، چەت ئەلدىن كەلدىم، بۇ شەھەردە ھېچقانداق ئۇرۇق - تۇغقىنىم، تونۇش - بىلىشىم يوق، دەپ ئۆزىنى يالغان تونۇشتۇردى.
ئوت ئۆچتى، ئۇلارنىڭ ئۈۋىسىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى، مارىيە چىقىپ كەتمەكچى بولدى.
— بۈگۈن سىز مۇشۇ يەردە ئۇخلاڭ، مەن ئاخشام يانتاق يەرگە كىرىپ ئۇخلاي، — دېدى قىز.
— ياق، بولمايدۇ، — ئانتونىئو ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، — ئۇ يەر بەك سوغۇق. قەسەم ئىچىپ بېرەي،

سىزگە ھەرگىز چىقىلمايمەن، بولمىسا مەن چىقىپ كېتەي.

مارىيە سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن شۇ يەردە يېتىۋېرىش نىيتىگە كەلدى.

ئەتىسى ئانتونىئو ئورنىدىن خېلى ئوبدانلا تۇردى، سىرتقا چىقىپ دەريا بويىنى ئايلاندى.

دەريادا كېمىلەر، يۈك پاراخوتلىرى ئۈياقتىن بۇياققا ئۆتۈپ تۇراتتى، دەريا ياقىسىدىكى چوڭ يولدا ھامماللار، پىيادىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئانتونىئو ئۆزىنى ئىلگىرىكى تۇرمۇش چەمبىرىكىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ يېڭى بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

بۈگۈنمۇ مارىيە ئىككىسى ئۈزۈنغىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئۇ مارىيەنىڭ تىلەمچىلىك قىلغان ئىشىنى كاللىسىدىن زادىلا ئۆتكۈزەلمىدى.

— كۈنۈم ئەركىن - ئازادىچىلىك ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار ئىكەن؟ مۇھىمى، ھېچقانداق ئادەمگە قەرزدار بولمايمەن، — دېدى مارىيە ئۆزىنى ئاقلاپ.

— قانداقسىگە قەرزدار بولمىغان بولىسىز، باشقىلار سىزگە سەدىقە بېرىدۇ، بۇ باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېگەنلىك ئەمەسمۇ؟

— ئۇلار سەدىقە بەرسە، خۇدا ئۇلارغا يەنە نەچچە ھەسسىلەپ بېرىدۇ ئەمەسمۇ.

مارىيە بۇرۇنقى تۇرمۇشى، ساناقلىقلا بىرقانچە تونۇش ئادەملىرى، ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنىمۇ قويماي سۆزلەپ، ئىچ باغرىنى ئۇنىڭغا تۆكۈپ بەردى. ئاخشىمى ئىككىسى ئاكا - سىڭىللاردەك قىستىلىشىپ بىر يەردە ئۇخلىدى.

ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئانتونىئو پۈتۈنلەي ئوڭشىلىپ كەتتى، يېنىدىكى پۇلىمۇ تۈگىدى. ئەمدى قورساقنىڭ غېمىنى قىلمىسا بولمايتتى. ئۇ ئىش ئىزدەپ ئايلىنىپ باقتى،

بىراق ھېچ يەردىن ئىش چىقمىدى. مارىيەنىڭ زورلىشى بىلەن ئۇ كەچلىك تاماققا يەنە شېرىك بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ كەچلىك تاماقنىڭ قانداق يول بىلەن كەلگەنلىكىنى ئويلىسىلا چىۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالاتتى. لېكىن، بۇ مارىيەنىڭ كۆڭلى، ئۇنى قانداقمۇ رەت قىلغىلى بولسۇن؟ كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالدى، ھېچنېمىنى ئويلىمايلا ئالدىغا كەلگىنىنى يەۋېرىدىغان بولدى.

ئىككىسىنىڭ كۆنى بىر خىلدا تىنچ ئۆتمەكتە. بىراق، قىزنىڭ ھەم خۇشاللىقمۇ ئۇلاردىن نېرى ئەمەس ئىدى. ھەر ئەتىگىنى ئىككىسى «ئۆي» دىن تەڭ چىقاتتى، مارىيە شەھەرگە، ئانتونىئو شەھەر سىرتىدىكى دېڭىز بويىغا يول ئالاتتى. ئانتونىئو دېڭىز ساھىلىدا قىرغاققا ئۇرۇلۇپ تۇرغان دولقۇنلارغا قاراپ سائەت - سائەتلەپ خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. سەلتەنەتلىك ئوردا، بۇرۇنقى قەدىناس دوستلىرى ئۇنىڭدىن بارغانسېرى يىراقلاشماقتا، ھەتتا غايىب بولماقتا ئىدى. ئۇ كېمىلەرگە قاراپ بېرىپ، ئىشچىلارغا قارىشىپ بېرىپ يۈرۈپ بىر نەچچە تەڭگىگىمۇ ئىگە بولۇپ قالدى. ئىشقىلىپ، ئۇ مۇنداق تاپقان پۇللىرىنى ئەكىلىپلا مارىيەگە بېرەتتى.

ئۇ مارىيە بىلەن كۆپىنچە كەچتە كۆرۈشەلەيتتى، مارىيە بىر كۈن قاتراپ يۈرۈپ تاپقان بولكا ۋە كۆكتاتلارنى ئەكىلىپ تاماق ئېتەتتى. ئىككىسى ئوتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كۈندۈزى ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرى ئۈستىدە مۇڭدىشاتتى. ۋاقىت كۈلكە - پاراڭلار بىلەن بىلىنمەي ئۆتۈپ كېتەتتى.

بەزىدە مارىيەنىڭ دوستى لولا كېلىپ قالاتتى. ئۇ مارىيە بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولسىمۇ، يۈزلىرىگە ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتۈپ، چېچىنى ئېگىز باغلاپ يۈرىدىغان قىز ئىدى. ئۇنىڭغا ئانتونىئو كەلگەندىن بۇيان مارىيەنىڭ يۈرىكى چوڭلاپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇ ئانتونىئونى مارىيەنىڭ سۆيگىنى دەپ قالدى،

www.uyghurkitap.com

مارىيەمۇ بۇنى ئىنكار قىلىپ ئولتۇرمىدى. ئۇلار ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ مۇڭدىشاتتى. ئانتونىئو لولانى، مارىيە ئىككىمىزنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىمىزغا دەخلى قىلدى، دەپ يامان كۆرۈپ قالدى.

مارىيە بىرەر كۈن دەم ئالسىمۇ يەتكۈدەك پۇل يىغىلىپ قالغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئانتونىئو گويا ھېيت بولغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى. ئىككىسى دېڭىز ساھىلىغا باردى، داللارنى ئايلاندى، ئورمانغا كىرىپ ئەپلىكرەك بىرەر جاينى تېپىپ ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىشتى. مۇڭداشتى، كۈلۈشتى، كېيىن بىر ـ بىرىگە يۆلەنگىنىچە ئۆزلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كېتىشتى. شۇ تاپتا ئۇلار بەخت قاينىمىغا غەرق بولغانىدى، كېچە شەبنىمى چۈشكەن بولسىمۇ، مارىيەنىڭ قارىياچلىقتىكى ئوتلاقتىن ئايرىلغۇسى، ئانتونىئونىڭ مۇرىسىدىن بېشىنى كۆتۈرگۈسى يوق ئىدى.

قىش كىرىپ قالغان، ئاخشاملىرى خېلىلا سوغۇق ئىدى. ئۇلار ئىسسىق يېتىش ئۈچۈن قۇچاقلىشىپ ئۇخلايدىغان بولدى. ئانتونىئو تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قىزنىڭ ئىنچىكە بەللىرىدىن قورۇپ قۇچاقلايتتى، مارىيە كۆڭلىنى توق تۇتۇپ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغانىدى. بىراق، ئانتونىئو ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتىنى بىراقلا ئاشكارىلىۋېتىشكە خىجىل بولاتتى، مارىيەنىڭ بۇدۇر چاچلىرىغا سۆيۈپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنەتتى، ئۇنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىككە تىرىشاتتى.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتىۋەردى. قىش تۇمانلىرى ئاسماننى قاپلاپ تۇراتتى. قۇياش ئورمانلىق ئارقىسىدىن كېچىكىپ چىقاتتىيۇ، يەنە بالدۇرلا دېڭىزغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتەتتى. مارىيە بىلەن ئانتونىئونىڭ بىللە بولىدىغان ۋاقتى ئۈزىراشقا باشلىدى. ئۇلار بەزىدە سىرتقا چىقالماي ئاچمۇ قالاتتى. ئانتونىئو بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى، چۈنكى ئۇ مارىيەنىڭ سىماسى كاللىسىغا

كىرىپلىشۋالغان، مارىيەنى كۆرمىسە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغا-
نىدى، ئەمما قىزغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشقا پېتىنالمايتتى،
سەۋرچانلىق بىلەن پۇرسەت كۈتۈپ يۈرەتتى. كەچ كۈز كۈنلىرى-
نىڭ بىرىدە ئاخىر پۇرسەتمۇ كەلدى.

ئۇنىڭ مارىيەنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىغا خېلى بولدى. قانداق-
تۇر بىر تۇيغۇ ئۇنى ئاخىر دەريا بويىغا باشلاپ كەلدى. توساتتىن
ئېچىنىشلىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، يىراقتا
بىر قىزنىڭ قارىسىنى كۆردى ـ دە، شۇ تەرەپكە قاراپ ئۇچقان-
دەك يۈگۈردى. ھايال ئۆتمەيلا دوغىلاق بىر تىلەمچىلەرنىڭ
باشلىقىنىڭ مارىيەنى ھەدەپ دۇمبالاۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— مەن باشتىلا دېگەنىدىمغۇ، بىزنىڭ قائىدىنى بۇزۇشقا
بولمايدۇ، تىلەمچىلىك قىلىمەن دەيدىكەنسەن، بىزگە قو-
شۇلۇشۇڭ كېرەك، ئۆز ئالدىڭغا ھەرىكەت قىلىشىڭغا رۇخسەت
يوق، — تىلەمچىلەرنىڭ باشلىقى جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايت-
تى.

مارىيە ئۇ لۈكچەكنىڭ قولىدىن يۇلۇنۇپ چىقتى. ئۇنىڭ
قولىدا ۋالىلداپ تۇرغان بىر خەنجەر تۇراتتى. ئانتونىئو ئوقتەك
بېرىپ قىزنىڭ ئالدىغا ئۆتتى، غەزەپتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچ
ـ قۇۋۋەتكە تولغانىدى. ئۇ لۈكچەكنىڭ دولىسىدىن كۈچەپ بىر
ئىتتىرىۋىدى، لۈكچەك بىرنەچچە قەدەم سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ
يىقىلىپ چۈشتى.

— سىز نېرى تۇرۇڭ، تونى، نېرى تۇرۇڭ، — دېدى
مارىيە، — بۇ ئەبلەخكە ئۆزۈم تېتىيمەن!

ئانتونىئو مەغرۇر ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا لۈكچەكنىڭ
ئورنىدىن تۇرۇشىنى كۈتۈپ مارىيەنى توسۇپ تۇردى. لۈكچەك
ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بازغاندەك مۇشتلىرىنى تۈگكىنىچە،
يەۋېتىدىغان ئەلپازدا يېقىنلاپ كەلدى، بىرقەدەم، ئىككى
قەدەم… لېكىن ئۇنىڭ قەدىمى بارغانسېرى ئاستىلاپ ئاخىر توخ-

تاپ قالدى، ئاخىر ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ قويۇپ تىكىۋەتتى.
ئانتونىئو بىلەن مارىيە ئۆزلىرىنىڭ ماكانىغا قايتىپ كەل-
دى.
— مارىيە، قەدىرلىكىم! — ئۇ مارىيەنىڭ تىترەپ تۇر-
غان قوللىرىنى سىلايتتى، — سىزنى سۆيىمەن، سىز بىرەر
بەختسىزلىككە ئۇچرىسىڭىز مېنىڭمۇ هايات شامىم ئۆچىدۇ.
— مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ئۆلگۈدەك ياخشى
كۆرىمەن، — مارىيە ناز بىلەن ئۇنىڭغا تاشلاندى.
— مەن بەكلا خۇشالمەن، ئىككىمىز هازىر جاهاندا ئەڭ
بەختلىك ئادەملەرمىز!
— شۇنداق، تونى، ئىككىمىز ئەڭ بەختلىك.
ئانتونىئو سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:
— ئوبدان ئىش بولدى، بىراق ئىككىمىز بەكلا نامرات،
توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزەلمىگۈدەكمىز، ئەتە چېركاۋغا بېرىپ
ئىككىمىزنىڭ قوشۇلغان نىكاهىغا بەخت تىلەپ كېلەيلى. مارى-
يە، بولغۇسى خوتۇنۇم، شۇنداق قىلساق قانداق؟ — دېدى.
مارىيە ئىزا تارتىپ ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى، چىرايىنى مەيۈس-
لۈك قاپلىغانىدى.
— نېمە بولدىڭىز، سۆيۈملۈكۈم؟ — ئانتونىئو تەئەج-
جۈپ بىلەن سورىدى، — ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى ياخشى
كۆرىمىز ئەمەسمۇ؟ بىز مۇهەببەتنىڭ هەممە ئىلتىپاتلىرىدىن
بەهرىمەن بولالىلچۇ ... مانا بۇ يەر بىزنىڭ كاتتا هۇجرىمىز،
ماۋۇ پاخال بىزنىڭ ئىپار - زەپەر پۇراپ تۇرىدىغان تۆشەكىمىز
بولسۇن.
مارىيە يىغلاپ كەتتى.
— بولدى گەپ قىلماڭ، تونى! بىز ناهايىتى بەختلىككۇ؟
باشقىلارغا ئوخشاش توي قىلىمىز دەپ يۈرۈشىمىزنىڭ نېمە ها-
جىتى؟

ئانتونىئو ۋۇجۇدىدىكى قايناق ھېسسىياتنى باسالماي قالغاـ نىدى، ئۇ مارىيەنىڭ چاچلىرىغا سۆيۈپ تۇرۇپ مەڭگۈ ئايرىلماسـ لىققا قەسەم ئىچتى، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى. مارىيە ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇنۇپ چىقىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئانتونىئو، ئۇ مۇشۇ پېتى كەتسە ئىككىنچىلەپ بۇ يەرگە دەسسىمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى ـ دە، ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى مەھكەم قۇچاقلىغىنىچە يۇم ـ يۇم يىغلاپ كەتتى:

—— مارىيە، نەگە بارىسىز؟ مېنى تاشلاپ كەتمەكچىمۇـ سىز؟

—— قورقۇۋاتىمەن، تونى… مەن يەنە كېلىمەن. راست چوقۇم كېلىمەن… سىز بىلەن بىللە تۇرۇشتىن قورقۇۋاتىمەن، تونى.

ئانتونىئو قەسەم ئىچىپ تۇرۇۋالدى:

—— بۇرۇن قانداق ئۆتكەن بولساق شۇنداق ئۆتەيلى، بايا ئۆزۈمنى باسالماي قاپتىمەن، ھەرگىز كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ.

ئانتونىئونىڭ گەپلىرى شۇنداق مۇلايىم، شۇنداق مىسكىن ئىدى. مارىيەنىڭ يۈرىكى ئېرىدى. ئۇ ئانتونىئونىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ يىغلاپ تۇرۇپ قېپقېلىشقا ماقۇل بولدى. ھەر ئىككىسى چارچىغان بولسا كېرەك، بىردەمدىلا بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىغىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى.

تاڭ ئاتقاندا، پۈتۈن شەھەرنى بىر ئالغان قوڭغۇراق ئاۋازىـ دىن ئىككىيلەن چۆچۈپ ئويغاندى. مارىيە ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، نېمە بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كېتىپ، بىردەمدىن كېيىنلا، پادىشاھ ئۆلۈپتۇ، دېگەن قورقۇنچلۇق خەۋەرنى كۆتۈرۈپ كىردى.

ئانتونىئو: «ئاتام ئۆلگەن بولسا، كۈشەندەم مالىك تەختكە ۋارىسلىق قىلىدىغان بوپتۇ ـ دە» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ئانتونىئونىڭ كاللىسىغا، چىقىپ قاراپ باقايچۇ، دېگەن خىيال كەلدى. ئۇ ئادەملەرگە قوشۇلۇپ، ئاياغ بېسىپ باقمىغىلى ئۇزۇن بولغان شەھەرگە كىردى. پەرماندار بەگنىڭ ئەترابىغا بىرمۇنچە كىشىلەر ئولىشىۋالغانىدى. ئانتونىئو قىستىلىپ يۈرۈپ ئىچكىرىلەپ كىردى.

شۇ ئەسنادا، بىرنەچچە ئاتلىق كوچىدىن ئۆتتى. ئانتونىئو نۆكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە كېتىپ بارغان كىشىنىڭ تاغىسى ئونولېئو ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالدى، تاغىسىنىڭ يېنىدا ئانتونىئونىڭ بۇرۇنقى بولغۇسى خوتۇنى مارد كېتىپ باراتتى.

ئونولېئو ئاتتىن لىككىدە چۈشتى، كىشىلەر دەرھال يول بوشاتتى. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئانتونىئوغا يېتىشىۋالدى. ئانتونىئو كـۈتـۈلـمىگـەن بۇ ئىشتىن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

ئونولېئو يۈكۈنۈپ تۇرۇپ:

— ئالىيلىرى، سىلىگە بىرىنچى بولۇپ ساداقىتىمنى بىلدۈرۈشۈمگە ئىجازەت قىلغايلا، — دېدى.

— تاغا، نېمە دەپ يۈرىدىغانسىز؟ تۈزۈكرەك قىلىق قىلسىڭىزچۇ، — دېدى بۇ گەپتىن قاتتىق چۆچۈگەن ئانتونىئو.

— سىلىگە يالغان گەپ قىلىشقا تىلىم كۆيىدۇ، — دېدى ئونولېئو خۇشاللىق بىلەن. ئۇ شـۇئـان نـۆكەرلىرىگە بۇيرۇق بەردى، — مۇزىكا ئورۇندالسۇن! مانا بۇ بىزنىڭ يېڭى پادىشاھىمىز ئانتونىئو Ⅲ بولىدۇ.

نۆكەرلەر ئانتونىئونىڭ جۇلجۇل كىيىملىرىنىڭ ئۈستىگە توق قىزىل تون كىيدۈرۈپ ئاتقا يۆلەپ مىنگۈزدى - دە، ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئوردىغا ئېلىپ ماڭدى.

ئونولېئو يولدا ئۇنىڭغا يېقىندا يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. تەخت ۋارىسى مالك شىكاردا ئاتىسىنىڭ ۋاپات



www.uyghurkitap.com

بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرۇپ، توختىماي ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلۈپ كەتكەنىكەن.

بۇ ئىشلار يۈز بېرىشتىن خېلى بۇرۇنلا پادىشاھنىڭ ئاچچىقى يېنىپ قالغانىكەن. ئۇ شاھزادە ئانتونىئونىڭ دىۋانە قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ پايتەختنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، بىرنەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدەتكەن بولسىمۇ تاپالماپتۇ.

بەش مىنۇتتىن كېيىن، نۆكەرلەر ئانتونىئونى ئوردىغا ئېلىپ كىردى. ئوردا ئەھلى ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ سالام بەردى. شاھزادىنىڭ ئوردىغا قايتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر بىردەمدىلا پايتەختكە تارقالدى، پۇقرالار ئوردا ئەتراپىغا يىغىلىشىپ قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى.

تېخى يېقىنقى كۈنلەرگىچە چۈشلۈكىگە تاپسا كەچلىكىگە يوق، نامراتچىلىقتا ئۆتكەن ئانتونىئو يەنە باياشات كۈنلەرگە ئېرىشتى. ۋاقىت ئۇنى تەربىيىلەش، قوتلۇقلاش ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ نوپۇز - مەنسەپ ۋە خۇشامەتلەردىن خۇدىنى يوقىتىپ، كونا كۆۋرۈك ئاستىدىكى قىزنىڭ جۇدەڭگۈ چىرايىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى.

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە. قىش كېتىپ ئەتىياز كەلدى. يېڭى پادىشاھ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئوردىنىڭ تۇرمۇشى يەنە ئىزىغا چۈشتى. ئانتونىئونىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا، سىزنىڭ جورا تاللايدىغان ۋاقتىڭىز بولۇپ قالدى، سىزگە سەمىمىي رەپىقىدىن بىرى كېرەك، پۇقرالارمۇ بېشىنى سىلايدىغان بىر خانىشقا موھتاج، دەپ بىشارەت بېرىشكە باشلىدى. ئۇنولېئومۇ، ئوردىدا مېنىڭ قىزىمغا يېتىدىغان قىز يوق، دەپ قىزىنى ئانتونىئوغا سايە قىلىپمۇ ئۆلگۈردى.

ئانتونىئونىڭ كۆڭلىدىكى غەلىتە نادامەتنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى. ئۇ كۆڭلىدىكى ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يا ئوردا

ئىشلىرىغا بېرىلەتتى، يا هاراق ـ شاراب ئىچىپ تاماشا بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. لېكىن بۇلار كار قىلمىدى، ئۇنىڭ يېنىدا بىر كىم كەمدەكلا قىلاتتى، كۆڭلى بىر نېمىگە ئىنتىلەتتى. بىر كۈنى كېچىسى ئۇ ئېسىگە بىر نېمە كېلىپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، قۇلىقىغا: «مارىيە كەم!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى.

كۆكتە يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان بىر ئاخشىمى پەلتو كىيگەن تۆت كىشى ئوردىدىن چىقىپ كونا كۆۋرۈككە قاراپ ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى. كۆۋرۈكنىڭ ئاخىرقى ئەگمىسىگە كەلگەندە ئۇلار ئاتتىن چۈشتى. بىرەيلەن كۆۋرۈك ئەگمىسىگە قاراپ ماڭدى. بۇ پادىشاھ ئانتونىئو ئىدى. ئۇ قولىدا مەشئەل، پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى.

بۇ ئۇنىڭغا تونۇشلۇق كۆۋرۈك ئەگمىسى ئىدى. مەشئەل يالقۇنى ئەگمە ئىچىدە غايىب بولدى. مەشئەل يورۇقىدىن چۆچۈپ ئويغانغان مارىيە ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، تاش تامغا چاپلىشىپ تۇرۇپلا قالدى. ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ ئانتونىئو ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە بولسا ئۆزىنى ئۇنىڭ قوينىغا ئاتتى.

— تونى، قايتىپ كەپسىز ـ دە! ئېھ، سۆيۈملۈكۈم، جىگىرىم! نېمىشقا مېنى تاشلاپ كەتتىڭىز؟ بىر نەچچە ئايدىن بېرى تىكەندەك يالغۇز قېلىپ بەك قورقتۇم — ··· مارىيە ئۇنىڭ بويىنىنى قۇچاقلىغىنىچە جىۋىرلاپلا كەتتى.

ئانتونىئو ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپلا تۇراتتى، گەپ قىلالمايتتى. مارىيە ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كاتتا كىيىملەرنى كۆرۈپ هاڭ ـ تاڭ قالدى.

— تونى، قولىڭىزغا پۇل كىرىپتۇ ـ دە، مېنى ئۇنتۇپ قالماپسىز، رەھمەت.

— مەن بىلەن كېتىڭ، — دېدى ئانتونىئو ئۇنىڭغا.

— نەگە.

— قورقۇۋاتامسىز؟

— سىز بىلەن بىللە بولسام ھېچنېمىدىن قورقمايمەن.

ئانتونىئو پەلتوسىنى سېلىپ ئۇنىڭ ئۇچىسىغا ئارتىپ، ئۇنى يېتىلەپ سىرتقا چىقتى.

تاراق - تاراق قىلغان ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازى ئۇيقۇدا ياتقان كوچىنى لەرزىگە سالغىنىچە ئوردىغا كىرىپ كەتتى.

— تونى، بۇ ئوردىغۇ؟

ئۇلار مەخپىي بىر پەلەمپەي بىلەن پادىشاھ ھۇجرىسىغا كىردى. ئانتونىئو باياتىن ئۇندىمەي تۇرغان نۆكەرلىرىگە گەپ ئاچتى:

— بۇرادەرلەر، سىلەر ماڭا بولغان ساداقىتىڭلارنى سۆ-كۈت بىلەن ئىپادىلىدىڭلار، سىلەرگە ئىنئام سۈپىتىدە خانىشنى تۇنجى بولۇپ كۆرۈشكە ئىجازەت بېرىمەن. سىلەرگە راست گې-پىمنى قىلاي، دۇنيادا مۇشۇ قىزدىن باشقا ھەرقانداق قىز ماڭا خانىش بولالمايدۇ.

پادىشاھنىڭ ئۈچ نۆكىرى سەل ئارىسالدى بولۇپ مارىيەگە سالام بەردى.

— تونى، بۇ نېمە ئىش؟ — سورىدى مارىيە پەس ئاۋاز-دا.

— سىز بايا تـوغـرا دېـدىـڭىز، مـارىيە، — دېدى پادىشاھ، — بۇ پادىشاھ ئوردىسى، سىزنىڭ نامرات دوستىڭىز ھازىر بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى بولدى. ئىككىمىز ئىلگىرى ئې-غىر كۈنلەردە بىللە بولغان، راھەت - پاراغەتنىمۇ بىللە كۆرەي-لى. جۇلىئان ئەپەندى، بۇ قىزنى ئۇنىڭغا تەييارلاپ قويغان ھۇجرىغا ئەكىرىپ قويۇڭ.

مارىيە رەت قىلىپ تۇرۇۋالماقچى بولدى، ئەمما پادىشاھ چىقىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن نائىلاج جۇلىئان ئەپەندىنىڭ كەي-نىدىن ئۆز ھۇجرىسىغا ماڭدى.

چىرايلىق كىيىنگەن كېنىزەكلەرنىڭ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغى-
نىغا خېلى بولغانىدى. ئۇ كىرىش بىلەنلا ئالدىغا بېرىپ كۈتۈ-
ۋالدى. گاڭگىراپ قالغان مارىيە ئۆزىنى كېنىزەكلەرنىڭ ئىخ-
تىيارىغا بەردى، ئۇلارنىڭ مەسخىرىلىك قاراشلىرىنى، چىرايى-
دىكى نارازىلىق ئالامەتلىرىنى سەزمىدى.

بىر سائەتتىن كېيىن مارىيە ئىپار - زەپەر پۇراپ تۇرىدى-
غان بىر تۆشەككە ياتقۇزۇپ قويۇلدى. ئۇ تۇرۇپ پاخال ئۈستىدە
ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەيتتى، تۇرۇپ قورقاتتى. لېكىن، خا-
تىرجەملىك ئۇنىڭغا يار بولدى، تاڭ ئاتقاندا ئۇيقۇسىغا قېنىپ
ئويغاندى.

ئونولېئو ئۇنى يوقلاپ تۇردى. مارىيە بۇنىڭغا تولىمۇ رازى
بولدى ۋە ئىچىدىكى گېپىنى ئونولېئوغا دېدى.

ئونولىئو مارىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھېسداشلىقىنى بىل-
دۈردى. ئۇ مارىيەگە، پۇقرالار ئۇنىڭ پادىشاھ بىلەن توي
قىلىشىغا قارشى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ پادىشاھ بىلەن توي
قىلسا بۇنىڭدىن كېيىن كۆرىدىغان كۈنى ياخشى بولمايدىغانلى-
قىنى ئېيتتى. مارىيە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئوتقا دەسسىۋالغاندەك
تىپىرلاپ كەتتى ۋە ئۇنىڭدىن بىر ئامال قىلىپ بۇ قىيىن ئەھ-
ۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندى. بۇ گەپ مۇغەمبەر
ئوردا ئەمەلدارى ئونولېئوغا ياغدەك ياقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ئىككىنچى قەدەمدىكى پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشتى.

بىر كۈنى پادىشاھ سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، ئونولېئو قەس-
تەن مارىيەنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقماي تۇرۇۋالدى، ئۇ كۈنى
مارىيەنىڭ كۆڭلىمۇ باشقىچىلا ئىدى. ئۇ، مەن خانىش بولۇشقا
لايىق ئەمەس، ياتلىق بولۇشتىن قورقىمەن، ياتلىق بولغىنىم-
دىن كۆرە موناستىرغا كىرىپ موناخ بولغىنىم ياخشى، دېدى.

— ئالىيلىرى سىزنىڭ موناخ بولۇشىڭىزغا يول
قويمايدۇ، — دېدى ئونولېئو، — سىز ئۇنىڭغا، مەن سىزنى

ياخشى كۆرىمەن، دېگەن ئەمەسمىدىڭىز، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى رەت قىلىشقا سەۋەب كۆرسىتەلمەيسىز... بىراق، ئەگەر بايا دېگەن گېپىڭىز راست بولسا، كەمىنىڭىز سەمىڭىزگە شۇنى سېلىپ قويماقچىمەن، ئويلاپ كۆرەرسىز. ئالىيلىرى نېمە ئۇچۇن سىزنى خانىش قىلىمەن دەپ بۇ يەرگە سولاپ قويىدۇ؟ ئۇنىڭغا مۇشۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. ئەگەر سىز خەيرىخاھلىق قىلسىڭىز، ئالىيلىرىنىڭ بىردەملىك قېپنى قىزىقلىقى يانىدۇ، سىزمۇ ئاز ئاۋارىچىلىك تارتىسىز. سىز خانىش بولسىڭىز، پۇقرالار پادىشاھقا بويسۇنمايدۇ، شۇڭا پادىشاھنى بۇ مۇشكۈلچىلىكتىن خالاس قىلىپ، ئۆزىڭىزنىمۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرغىنىڭىز تۈزۈك.

— ياخشىسى ئۆلگىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ، — مارىيە ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

ئونولېئو گەپنى تازا قاملاشتۇردى. مارىيە، ماڭا ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق ئىكەن، دېگەنگە ئىشىنىپ قالدى، ئۇ كېچىچە دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ ئونولېئونىڭ گېپى بويىچە ئىش كۆرمەكچى بولدى.

ئەتىسى مارىيە چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ زىياپەتكە قاتناشتى، كېچىچە يىغلاپ چىققانلىقىنى ھېچكىمگە چاندۇرمىدى.

پادىشاھ ئۇنى يوقلاپ كەلدى، ئۇ مارىيەنى كۆرۈشكە شۇقەدەر تەشنا ئىدى! بىراق، مارىيە پادىشاھنىڭ يېنىدا بولسىمۇ، كۆڭلى بىر قىسمىلا ئىدى.

— ئېچىلىپ - يېيىلىپ يۈرۈڭ، مارىيە، — دېدى پادىشاھ، — تۇيۇقسىز بولغان بۇ ئۆزگىرىشنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، مېنى بۇرۇنقى تونى دەپ بىلسىڭىز بولىدۇ.

— ئۇنداق قىلالمايمەن، ئالىيلىرى، — دېدى مارىيە، — ئوردىدا ئۆزۈمنى قەپەسكە سولىنىپ قالغاندەك

هېس قىلىۋاتىمەن.
— سىز مېنىڭ بولغۇسى خوتۇنۇم، مارىيە.
— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئالىيلىرى، مېنى توي قىلىشقا زورلىمىسىلا!
— ئەندىشە قىلماڭ، — دېدى پادىشاھ ئۇنى سۆيۈپ تۇرۇپ، — بۇرۇن تەلىپىمنى رەت قىلغىنىڭىزدا مەن قوبۇل كۆرگەن، ھازىر ئەھۋال ئوخشىمايدۇ، ئىككىمىزنىڭ نىكاھى پوپنىڭ قۇتلۇقلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.
مارىيە يىراقلارغا تىكىلگىنىچە مەيۇس ھالدا:
— ئالىيلىرى، قورقۇۋاتىمەن! بەلكىم سىلى، قەستەن بېشىمنى ئاغرىتىۋاتىدۇ، دەپ مېنى ئەيىبلەشلىرى مۇمكىن. راست گېپىمنى قىلسام، مەن ھېچنېمىنى تەلەپ قىلمايمەن، ھەشەمەت ئىچىدە ياشاشنىمۇ خالىمايمەن ... مەن سىلىنى سۆيىدىمەن، بىراق بۇ بىر خىل ساپ مۇھەببەت...
— راستىما؟ — پادىشاھ مارىيەنى باغرىغا باستى، — ئاخىر يۈرىكىڭىزدىكى گەپنى قىلدىڭىز، سىز مېنى سۆيىسىز، تونىيىڭىزنى سۆيۈپ قويۇڭ، ئۇنى قۇچاقلاڭ، مەھكەم قۇچاقلاڭ!
مارىيە پادىشاھنىڭ قوينىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان، چىرايلىرى تاتارغانىدى. ئانتونىئو بۇنى، مېنى ھەقىقىي سۆيگەنلىكىدىن بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى، مارىيەمۇ قارشىلىق قىلمىدى.
تاڭ يورۇپ قۇياش نۇرى دېرىزىدىن ھۇجرىغا چۈشتى، پادىشاھ مارىيە بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىدىغان چاغدا:
— ئوردا ئەھلى نېمە دېسە دەۋەرسۇن، يەنە بىر ئايدىن كېيىن ئىككىمىز توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىمىز. ئېسىڭىزدە بولسۇن، مارىيە، سىز مېنىڭ خوتۇنۇم، — دېدى.
پادىشاھ ئۆزىنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئادەم ھېسابلايتتى،

ئەمما ھوجرىدا قەپقالغان مارىيە قاتتىق ئازاب ئىچىدە قالغانىدى. ئۇ ئاخىر بۇ يەردىن چىقىپ كېتىپ ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كەلدى.

كېنىزەكلەر ئەتىگەندە مارىيەنى يۇيۇپ - تاراپ كىيىندۈرگىلى كىردى. مارىيەنىڭ كاللىسىغا بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كېتىش دېگەن ئوي كىرىۋالغاچقا، كېنىزەكلەرنىڭ دارىتما گەپلىرىگە پىسەنت قىلىپ كەتمىدى.

كېنىزەكلەر ئىچىدە ئاق كۆڭۈل بىر قىز بار ئىدى. بىردەمدىن كېيىن ھوجرىدا ئۇ قىز بىلەن قالغاندا، مارىيە ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، بۇ يەردىن قېچىپ كېتىشىگە ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدى.

مارىيەنىڭ كۆز يېشى ۋە ھەسرەت - نادامىتى كېنىزەكنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىۋەتتى. ئۇ مارىيەنى پۇقراچە كىيىندۈرۈپ ئوردىدىن چاندۇرماي چىقىرىپ قويدى. ھايال ئۆتمەيلا مارىيە ئۆزىگە تونۇشلۇق پۇقرالار ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى.

ئۇ كونا كۆۋرۈككە كېلىپ پەسكە چۈشتى. كۆۋرۈكنىڭ ئەگمىسى بۇرۇنقىدەك تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى «ئۆي»گە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى، پەقەت سىرتىدىنلا ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇردى، كېيىن سۇدىن چىقىپ تۇرغان بىر خادا تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بۇژغۇن ياساپ دەم - دەم ئۇرۇلۇپ تۇرغان دولقۇنلارغا ئۇن - تىنسىز قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. كېمىدە كېتىپ بارغان كىشىلەر ئۇنىڭغا ۋارقىرايتتى، چاقچاق قىلاتتى، لېكىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېچنېمە كىرمەيتتى.

كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشتى، كۆكتە يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى، جاھاننى تۇمان قاپلىغانىدى. ئاخىرقى ۋاڭ - چۇڭلارمۇ بېسىقىپ كونا كۆۋرۈك يەنە ئېغىر ئۇيقۇغا كەتتى.

خـادا تـاش يېنىدىـكـى سـۇ يـۈزى بىردىنلا ئىككىگە بۆلۈندى - دە، يەنە بىردەمدىلا ئەسلىگە كەلدى...

مارىيەنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ كې-

www.uyghurkitap.com

نىزەكلەرنىڭ بىرىنى قويماي ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دەپ ھەسرەت بىلەن ۋارقىراپ كەتتى، ئادەم ئەۋەتىپ شەھەرنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ئىزدەتتى، لېكىن ھېچيەردىن ئۇنىڭ دېرىكى چىقمىدى.

شۇ يىلى كۈزدە ئانتونىئو III ئونولېئونىڭ قىزى ماردا بىلەن كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. پۇقرالار قانغۇچە يەپ - ئىچىشتى، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندى، جارچى كىشىلەرگە تۇتاملاپ تەڭگىلەرنى چاچتى.

# يۇلتۇز ھېكايىسى

## ئالپونس داۋدېت (فرانسىيە)

### زۇلپىقار بارات تەرجىمىسى

رۇبېرون تېغىدا قوي باققان كۈنلىرىمدە دائىم دېگۈدەك ھەپتە ـ ھەپتىلەپ بىرمۇ ئادەمنى كۆرمەيتتىم. كۈنلىرىم ئىتىم رابۇل ۋە قوي ـ قوزىلار بىلەن يالغۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكىنى ئۆتكەنىدى. ئاندا ـ ساندا يوۋئېر تېغىدىكى دەرۋىش دورا يىغىش ئۈچۈن بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالاتتى، بەزىدە پىئامون تاغلىق رايونىدىكى چىرايى قاپقارا كانچىلارمۇ ئۇچراپ قالاتتى. بىراق، بۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا كىشىلەر يالغۇزچىلىقتا ئۆگىنىپ كەتكەچكە، خەق بىلەن پاراڭلاشمايتتى، تاغ تۈۋىدىكى يېزا ـ بازارلاردىكى ئىشلاردىنمۇ خەۋەرسىز ئىدى. شۇڭا، قورۇقتىن ھەر بەش كۈندە بىر قېتىم ئاشلىق كەلگەندە، تاغ يولىدا ئېشەكنىڭ قوڭغۇراق ساداسى ئاڭلانسا، قورۇقتىكى يىللىقچىنىڭ بېشى ياكى نورات ھاممىنىڭ قىزغۇچ شىلەپىسى كۆرۈنسە باشقىچە خۇشاللىنىپ كېتەتتىم. ئۇلاردىن تاغ تۈۋىدە بولۇۋاتقان ئىشلار، كىملەرنىڭ توي قىلغانلىقى، كىملەرنىڭ چوقۇنۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنلىكىنى سورايتتىم. ھەممىدىن بەكرەك ستافانېتنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىغا بەكرەك قىزىقاتتىم. ئۇ قورۇق خوجايىنىمىزنىڭ قىزى بولۇپ، بۇ ئەتراپتىكى قىزلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق قىز ئىدى. مەن ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى يوشۇراتتىم، ئۇنىڭ بايراملارغا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا قاتنىـ

شىدىغان ـ قاتناشمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئەلچى كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى ئادەتتىكىدەكلا سوراپ قوياتتىم. ئەگەر بىرى مەندەك كۈنى تاغ قاپتاللىرىدا پادا بېقىش بىلەنلا ئۆتىدىغان پادىچىدىن، بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ نېمە قىلىسەن، دەپ سورىسا، مەن: «مەن يىگىرمە ياشقا كىرىپتىمەن، ستافىيت مەن مۇشۇ ياشقىچە كۆرگەن قىزلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل قىز» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم.

بىر يەكشەنبە كۈنى ماڭا ئەۋەتىلىدىغان ئاشلىق بەك كېچىكىپ كەلدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا مەن تېخى: «بۈگۈن مىسسا بايرىمى، ئاشلىق كېچىكىپ كېلىدىغان بولدى» دەپ ئويلىغانىدىم. چۈشكە يېقىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتكەچكە، «يول بەك تېيىلغاق بولۇپ كەتتى، ئېشەك يولغا چىقالمايدىغان بولدى» دەپ پەملىگەنىدىم. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەر بىلەن ھاۋا ئېچىلىپ بىر چاغدا قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىغىنى ئاڭلاندى. قوڭغۇراق ئاۋازى شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدىكى، بەجايىكى تىرىلىش بايرىمىدىكى سائەتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى. بۇ قېتىم كەلگىنى يىللىقچىمۇ ئەمەس، نورات ھاممىمۇ ئەمەس، بەلكى مەن تەلپۈنىدىغان ستافانىت ئىدى. ئۇ سۆگەت تاللىرىدا توقۇلغان سېۋەتلەرنىڭ ئارىسىدا تەمكىن ئولتۇراتتى. تاغنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى سالقىن ھاۋاسىدا مەڭزىلىرى قىزىل گۈلدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— يىللىقچى ئاغرىپ قالدى. نورات ھاممام بايرامنى بىللە ئۆتكۈزگىلى بالىسىنىڭكىگە كەتتى، — توزدەك ياسىنىۋالغان ستافانىت ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشۈۋېتىپ شۇنداق دېدى ھەم يولدا ئېزىپ قېلىپ كېچىكىپ قالغانلىقىنىمۇ ئىزاھلاپ ئۆلگۈردى. ئۇنىڭ چىرايلىق بايراملىق كىيىملىرى ئۇنى يولدا ئادىشىپ قالغاندەك ئەمەس، بەلكى تانىسىدىن چىققاندەك كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى ھېچقاچان ھازىرقىدەك يېقىندىن كۆرۈپ باقمى-

غانىدىم. قىش كۈنلىرى قويلارنى تاغدىن ھەيدەپ چۈشۈپ ئوتـ-لاقلارغا قويۇپ بەرگەن چاغدىلا قورۇققا قايتالايتتىم. كەچلىك تاماقنى قورۇققا بېرىپ يەيتتىم. تاماق يېگىلى ئولتۇرساملا ستافانېت ساراي ئۆيگە كىرىپ كېتەتتى، خىزمەتكارلار بىلەن زادىلا پاراڭلاشمايتتى. دائىم توزدەك ياسىنىپ يۈرگەچكە، بىر-ئاز تەكەببۇردەك كۆرۈنەتتى...لېكىن، ھازىر ئۇ مەن ئۇچۇنلا بۇ يەرگە كەلگەندەك ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن مەن قانداقمۇ ھاياجانلانماي تۇرالاي؟

ستافانېت ئاشلىقلارنى چۈشۈرگەندىن كېيىن ئەتراپقا قىد-رىقسىنىپ قاراپ قويدى، ئاندىن كۆڭلىكىنى ئۇستىگىرەك كۆ-تۈرۈپ قويۇپ قوتانغا كىردى. مەن ئۇخلايدىغان نېرىقى بۇلۇڭدى-كى شال پاخىلىدىن ياسالغان پالاسنىڭ ئۇستىگە قوي تېرىسى تاشلاپ قويۇلغان، تامغا يوغان چىغ قالپاق بىلەن چاقماق تاشلىق مىلتىق ئېسىلغانىدى. ستافانېت بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— ۋىيەي، سىز مۇشۇ يەردە ياتامسىز؟ ۋاي بىچارىيەي، ئۆزىڭىز يالغۇز تۇرسىڭىز زېرىكمەمسىز؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟ نېمىلەرنى ئويلايسىز؟

«سىزنى ئويلايمەن» دەۋەتكىلى تاسلا قالدىم، لېكىن ئاغ-زىمدىن چىقارمىدىم، لايىقىدىراق بىرەر سۆز تاپالماي تولىمۇ ئوڭايسىزلاندىم. ئۇ بۇنى سېزىۋالدى ھەم مېنى تېخىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى:

— قىز دوستىڭىز يوقمۇ؟ ئۇ سىزنى كۆرگىلى كېلىپ تۇرامدۇ؟...قارىغاندا ئۇ تاغدىن تاغقا ئۇچۇپ يۈرىدىغان پەرىشتە ئېستارول ئوخشىمامدۇ؟...

ئۇنىڭ گەپ قىلغان چاغدىكى مېھرىبان تۇرقى، ئوماق كۈلۈمسىرىشى ۋە مېڭىشقا ئالدىرىۋاتقاندەك ھالىتى بىلەن تاغقا چۈشكەن پەرىشتە ئېستارولغا تولىمۇ ئوخشايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— خەير - خوش، پادىچىم.
— يولدا ئاۋايلاپراق ماڭارسىز، خېنىم.
ستافانىيت بوشىغان سېۋەتنى ئېشەككە ئارتىپ كېتىپ قالدى.
ئۇنىڭ قارىسى ئاستا - ئاستا يىتىشكە باشلىدى. ئېشەك يولغا ئەمەس، مېنىڭ يۈرىكىمگە دەسسەپ كېتىپ بارغاندەك تۇيۇلدى. قاش قارىيىپ جىلغىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرى ئاستا - ئاستا كۆكىرىشكە باشلىغاندا قويلارنى قوتانغا ئېلىپ كەلدىم. بىرى مېنى چاقىردى، قارىسام ستافانىيت تاغ قاپتىلىدا تۇرۇپ-تۇ. بۇ قېتىم ئۇ بايىقىدەك خۇشال كۆرۈنمەيتتى، قورقۇنچتىن-مۇ ياكى توڭۇپ كەتتىمۇ، لاغىلداپ تىترەۋاتاتتى. قارىغاندا، ئۇ سۇلىك دەرياسىدا يامغۇردىن كەلگەن تاشقىندا توڭۇپ كەتكەن-دەك قىلاتتى. ھەممىدىن يامىنى، ستافانىيت يېقىن يولنى تاپال-مىسا بۇگۈن كەچتە قورۇققا قايتالمايتتى، مەن قويلارنىڭ يېنى-دىن ئايرىلسام تېخىمۇ بولمايتتى، تاغدا تۈنەشكە ئۇ ئەسلا ئۇنى-مايتتى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىشكە تىرىشتىم:
— ئىيۇل كېچىلىرى ناھايىتى قىسقا ··· تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.
مەن ئۇنى ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى قورۇتۇۋالسۇن دەپ گۈلخان ياقتىم. ئاندىن كالا سۈتى بىلەن قوي سۈتىدە ئېتىلگەن قورۇتنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم. لېكىن، ئۇ يا ئىس-سىنمايى، يا بىر نەرسە يېمەيى يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ مېنىمۇ يىغا تۇتتى.
ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باستى. پەقەت ھارغىن قۇياشلا تاغ چوققىسىدا ئاداققى نۇرلىرىنى چېچىپ تۇراتتى. مەن ستافانىيتقا كىرىپ ئارام ئېلىشنى ئېيتتىم ۋە يېڭى بىر قوي تېرىسىنى شال پاخىلىنىڭ ئۈستىگە سېلىپ، ئۇنىڭغا خاتىرجەم ئۇخلاشنى تاپى-

لاپ ئىشىك ئالدىغا چىقتىم ... شۇ تاپتا ئاشىقلىق ئوتى يۈرىكىم-
نى كۆيدۈرۈۋاتاتتى، لېكىن قىزغا قىلچە يامان غەرەزدە بولمى-
دىم. «بېگىمنىڭ قىزى قويلارنىڭ ئارىسىدا ئۇخلاپ، ئۇلاردىن-
مۇ ئاق ھەم ئەتىۋارلىق قويغا ئوخشاپ قالدى. مەن بولمىغان
بولسام ئۇ بۇنداق خاتىرجەم ئۇخلىمايتتى» دەپ ئويلاپ ئۆزۈمچە
پەخىرلىنىپ كەتتىم. ئاسمان باشقا چاغلاردىكىدىنمۇ بەكرەك
جىمجىتلىقتا چۆككەندەك، يۇلتۇزلار بۆلەكچە نۇرلىنىپ كەتكەن-
دەك تۇيۇلۇپ كەتتى. تۇيۇقسىز، ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلىپ
ستافانېت چىقىپ كەلدى. ئۇ ئەمدى ئىسسىنىشنى خالاپ قالغا-
نىدى، مەن ئۇستۇمدىكى قوي تېرىسىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە يېپىن-
چاقلاپ قويۇپ ئوتنى ئۇلغايتتىم. بىز گەپ - سۆزسىز بىر -
بىرىمىزگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇشتۇق. سىزمۇ سىرتتا قونۇپ باق-
قان بولسىڭىز بۇنى بىلىسىز، كىشىلەر غەرق ئۇيقۇغا كەتكەندە
كېچە ئاجايىپ بىر تۇسكە تولىدۇ. ئېرىق سۇلىرى يېقىملىق
شىلدىرلاپ، كۆل سۈيى يۇلتۇزلارنىڭ شولىسىدا يالت - يۇلت
چاقناپ كېتىدۇ، غۇر - غۇر شامال ئۇرۇلۇپ، ھەر خىل
ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق چاغلاردا سىزگە يوپۇرماقلار
بىخ چىقىرىۋاتقاندەك، تاغ ئوتلىرىمۇ ئۆسۈۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.
كۇندۇز جانلىقلارنىڭ دۇنياسى بولسا، كېچە جانسىزلارنىڭ دۇن-
ياسى ... تاغ - دالادا قونۇپ باقمىغان ئادەمنىڭ بۇنداق كېچىدە
قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈشى تەبىئىي. ستافانېت قانداقتۇر بىر
ئاۋازنى ئاڭلاپ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ ماڭا چىڭڭىدە يېپىشى-
ۋالدى. تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كۆلدىن دەھشەتلىك ھۇش-
قىرتقان ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە بۇ ئاۋاز بىز تەرەپكە يېقىنلىشىشقا
باشلىدى. ئاجايىپ گۈزەل بىر ئاقار يۇلتۇز بىزنىڭ بېشىمىزدىن
ئايلىنىپ ئۆتۈپ، بايا ئاۋاز چىققان تەرەپكە چۈشۈپ كەتتى.
— ئۇ نېمە؟ — سورىدى ستافانېت ئاستاغىنا.
— خېنىم، ھازىر بىر ئادەمنىڭ روھى ئاسمانغا چىقىپ

www.uyghurkitap.com

كەتتى، — دېدىم مەن مەيدەمگە كرېست بەلگىسى سىزىپ.

ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش مەيدىسىگە كرېست بەلگىسى سىزدى ۋە ئاسمانغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— بۇ راستمۇ؟ سىز پىرىخونلۇقنى بىلەمسىز؟ پادىچىلارنىڭ ھەممىسى بىلەمدۇ؟

— ياق، خېنىم، پىرىخونلۇقتىن خەۋىرىمىز يوق. بىراق، بىز يۇلتۇزلارغا يېقىن بولغاچقا، ئاسماندا بولۇۋاتقان ئىشلارنى تاغ تۆۋىنىدىكىلەرگە قارىغاندا ئوبدانراق بىلىمىز.

ستافانېت قوي تېرىسىگە ئورىنىپ، قوللىرىنى يۈزىگە تىرەپ ئۇزاققىچە كۆككە باقتى. شۇ تاپتا ئۇ ئاسماندىكى پادىچى قىزچاققا ئوخشاپ قالغانىدى.

— قاراڭ، نېمىدېگەن گۈزەل — ھە! مەن ھېچقاچان بۇنچىلىك جىق يۇلتۇزلارنى كۆرۈپ باقمىغان… بۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن، خېنىم … قاراڭ، ئۈستىمىزدىكى سان — ياك يولى (سامانيولى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ فرانسىيىدىن ئىسپانىيىگىچە سوزۇلىدۇ. ياك ئېمپېراتور چارلىز ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا ئۇنىڭغا يول باشلاپ ماڭغانىكەن. ئۇنىڭدىن يىراقتىراق كۆرۈنۈپ تۇرغىنى «روھ هارۋىسى» (چوڭ مۇشۇك-ئېيىق يۇلتۇزى) بىلەن ئۇنىڭ تۆت تال ئوقى. ئالدىدا ماڭغان ئاۋۇ ئۈچى ئۈچ ئۇلاغ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى يۇلتۇزنىڭ يېنىدىكى ئاۋۇ كىچىك يۇلتۇزنىڭ ئىسمى هارۋىكەش. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئاۋۇ شالاڭ، كىچىك يۇلتۇزلارنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇلار شەپقەتلىك تەڭرى قوبۇل قىلمىغانلىقتىن ئاسمان مەملىكىتىدە تۇرۇپ قالغان ئەرۋاھلار… ئۇلارنىڭ تۆۋىنىدىرەك تۇرغىنى «ئارا يۇلتۇز»، «ئۈچ پادىشاھ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ يۇلتۇز بىز پادىچىلارغا ۋاقىتنى دەپ بېرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا قاراپلا ۋاقىتنىڭ تۈن نىسپىدىن ئاشقانلىقىنى بىلىۋالالايمەن. ئۇ يۇلتۇزنىڭ تۆ-

ۋىندىرەك چاقناپ تۇرغىنى «مىراننىڭ يوھانى»، ئۇ ھەممە يۇلتۇزنىڭ مەشئىلى، مەن سىزگە پادىچىلارنىڭ بۇ يۇلتۇز ھەققىدە توقۇغان رىۋايىتىنى سۆزلەپ بېرەي. بىر كۈنى كېچىدە دوستلىرى «يوھان» ۋە «ئۈچ پادىشاھ» نى ئۆزلىرىنىڭ توپىغا تەكلىپ قىپتۇ، شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىمۇ تەكلىپ قىلىنىپتۇ. شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى ئالدىراپ - تېنەپ يۇقىرىدىكى ئاۋۇ يۇلتۇزدىن ئاۋۋال يولغا چىقىپتۇ. «ئۈچ پادىشاھ» تۆۋەندىكى ئاۋۇ يېقىن يولدىن مېڭىپ بىردەمدىلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋاپتۇ. «يوھان» بەكمۇ ھورۇن ئىكەن. ئۇ ئورنىدىن ناھايىتى ۋاقچە تۇرغاچقا، ھەممىنىڭ كەينىدە قاپتۇ. ئىككىسىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ كەتكىنىگە قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، «ئۇلارنى توسايچۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ھاسىسىنى ئۇلارغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. «ئۈچ پادىشاھ» نىڭ «يوھاننىڭ ھاسىسى» دەپمۇ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن ··· بىراق، بۇ يۇلتۇزلار ئىچىدە ھەممىدىن گۈزىلى يەنىلا بىز چوپانلارنىڭ يۇلتۇزى، ھەر كۈنى سەھەردە قويلارنى ھەيدەپ چىققىنىمىزدا ئۇ بىزنىڭ يولىمىزنى يورۇتىدۇ، كەچتە قويلارنى قايتۇرۇپ كەلگەن چاغدىمۇ بىزنىڭ يولىمىزنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ، بىز ئۇنى «ماكارونا» دەپمۇ ئاتايمىز. گۈزەل ماكارونا زۆھرە يۇلتۇزىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىپ، ھەر يەتتە يىلدا بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ.

— نېمە؟ يۇلتۇزلارمۇ بىر - بىرى بىلەن توي قىلامدۇ؟

— توي قىلىدۇ، خېنىم.

يۇلتۇزلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن توي قىلىشىنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قوياي دەپ تۇرغىنىمدا سوغۇق ۋە كىچىك بىر نەرسە مۈرەمگە قويۇلدى، ستافانىت ئۇخلاپ قالغانىكەن. يىپتەك يۇمشاق، دولقۇنسىمان چاچلىرى ماڭا يۆگىشىپ تۇراتتى. ئۇ تاكى كۆكتىكى يۇلتۇزلار قۇياش نۇرىدا ئاقىرىپ نەگىدۇر غايىب بولغانغا قەدەر مۇشۇ ھالەتتە ئۇخلىدى.

مەنمۇ ئۇنىڭغا قارىغىنىمچە ئۇيقۇغا كەتكەنىدىم. قەلبىمنى ھاياجان چۇلغىۋالدى. بۇ خاسىيەتلىك كېچە مەندە گۈزەل ئۇيلارنى ئويغاتتى، مەن بۇ كېچىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشتىم. ئەنە، يۇلتۇزلار ئىتائەتچان قويلىرىمغا ئوخشاش جىمجىت كېتىپ بارىدۇ، ئۇلارغا قاراۋېتىپ ئىختىيارسىز، يۇلتۇزلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ نۇرلۇق بىرى ئادىشىپ قېلىپ مۈرەمدە باش قويۇپ ئۇخلاشقا چۈشكەن ئوخشايدۇ، دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم ...

# نادامەت

## يان نېرودا (چېخ - سلوۋاكىيە)

كامىلە راخمان تەرجىمىسى

مەن ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان شۇكرانە بايرى-
مىدا ئۇنىڭ كېشىس قەبرىستانلىقىغا كەلمەي قالغان ۋاقتىنى
بىلمەيمەن، ئۇ ھازىر ئارانلا ماڭاتتى، ئۆزىنى ئىگىلىيەلمەيتتى.
ئەمما ھەر يىلىدىكى شۇكرانە بايرىمىدا ئۇ بىر ئامال قىلىپ ئۇ
يەرگە باراتتى. سائەت ئون بىرلەر ئەتراپىدا ئۇ كېلەڭسىز بەدى-
نىنى ئاران كۆتۈرۈپ پەيتۇندىن چۈشەتتى. ئارقىدىنلا پەيتۇن-
كەش قەبرە بېشىغا قويىدىغان ئاپئاق بىر دەستە گۈلنى ھارۋىدىن
ئالاتتى. ئاندىن قېلىن كىيىندۈرۈلگەن بەش ياشلىق قىزنى
ھارۋىدىن كۆتۈرۈپ چۈشەتتى. ئون بەش يىلدىن بېرى ئۇنىڭغا
مۇشۇ قىزغا ئوخشاش بەش ياشلىق قىزلا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋا-
تاتتى. بۇ قىزلارنى ئۇ قوشنىلارنىڭ ئىچىدىن تاپاتتى.

— قارىغىنا بالام! بۇ يەردە ئادەم شۇنداق كۆپ. مانا بۇ
شاملار، كىچىك چىراغلار، گۈلدەستىلەر! قېنى بارغىن،
قورقما، ئالدىڭغا قاراپلا ماڭ، قەيەرگە بېرىشنى ياخشى كۆرسەڭ
شۇ يەرگە بارغىن، مەن كەينىڭدىن ماڭىمەن.

قىزچاق قورۇنۇپراق ئالدىغا قاراپ ماڭاتتى، مالى خېنىم
ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي ماڭاتتى، ئەمما ئۇنىڭغا قاياققا مېڭىشنى
دەپ بەرمەيتتى. قىزچاق مالى خېنىم «توختا» دەپ توۋلىغۇچە
شۇنداق ماڭىۋېرەتتى. مالى خېنىم قىزچاقنى توختىتىۋالغاندىن

كېيىن، قولىدىن يېتىلىگەن پېتى ئۇنى ئانچە يىراق بولمىغان بىر قەبرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باراتتى. ئاندىن تۆمۈر كرېستقا يۆلەپ قويۇلغان، ئۇزۇن تۇرۇپ قۇرۇپ قالغان گۈلدەستىنى ئېلىۋېتىپ قولىدىكى يېڭىسىنى ئالماشتۇرۇپ قوياتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر قولىنى كرېست ئۈستىگە قويۇپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشقا باشلايتتى. دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقاندا كـــۆزلىرى ئـاستـا ـ ئاستا غۇۋالىشىپ، ئاغزى تىترەپ كۆزلىرىگە ياش كېلەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن قىزچاق هەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قالاتتى. مالى خېنىم هېچنېمىنى كۆرمەيتتى، هېچنېمىنى ئاڭلىمايتتى. بىر ئازدىن كېيىن تۇيۇقسىز چۆچۈپ ئويغانغاندەك چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، قىزچاقتا قاراپ ئاچچىق كۈلۈپ قوياتتى ـ دە، بوغۇق ئاۋازدا: «يەنە مۇشۇنداق ماڭىۋەر، بالام، ماڭىۋەر! قاياقتا ماڭساڭ بولىۋېرىدۇ، مەن كەينىڭدىن ماڭىمەن» دەيتتى.

قىزچاق يەنە ئۇياق ـ بۇياقتا قالايمىقان ماڭاتتى، ئۇمۇ قىز نەگە بارسا شۇ يەرگە باراتتى. بىر يەرگە بارغاندا يەنە تۇيۇقسىز «توختا!» دەپ توۋلايتتى. ئاندىن قىزنى يېتىلەپ يەنە بىر قەبرىنىڭ يېنىغا كېلەتتى. بۇ يەردىمۇ ئالدىنقى قەبرىدە قىلغانلىرىنى تەكرارلايتتى. ئىككى قەبرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ۋاقتى ئوخشاش ئىدى، بىر مىنۇتمۇ پەرق قىلمايتتى. ئاخىردا ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىك يول باشلىغۇچىسىدىن: «توڭلىدىڭمۇ؟ بولدى، ماڭايلى، توڭلاپ كەتمىگىن. سەن پەيتۇندا ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىسەن، شۇنداقمۇ؟» دەپ سوراپ قوياتتى. ئاندىن ئاستا قەدەم ئېلىپ پەيتۇن تەرەپكە قاراپ ماڭاتتى. پەيتۇننىڭ يېنىغا بېرىپ ئاۋۋال پەيتۇنغا قىزنى چىقىراتتى، ئاندىن ئۆزى هاسىراپ ـ هۆمىدەپ مىڭ تەستە چىقاتتى. بۇ ئىشلار هەر يىلى تەكرارلىنىپ تۇراتتى. مالى خېنىم خەق بىلەن ئارىلىششنى خالىمايتتى. ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا ئالاقىدار ئىشلاردا



www.uyghurkitap.com

سىر ساقلايتتى، كىچىكىدىن تارتىپ شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ لۇئىس ئىسىملىك بىر دوستى بار ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ گۈزەل خېنىملاردىن ئىدى، ھازىر ئورۇقلاپ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئېرى نوچار ئەپەندى ئەسلىدە مالىيە مىنىستىرىنىڭ باش تەپتىشى ئىدى. مالى خېنىم ئۆيدىن ناھايىتى كەم چىقاتتى، يەكشەنبە كۈنى سەھەردە چېركاۋغا بارغاندىن باشقا چاغلاردا ئاساسەن سىرتقا چىقمايتتى. ئۇ بەكمۇ سېمىز بولغاچقا، يول ماڭغاندا ناھايىتى قىينىلاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ دوستى ھەر كۈنى كېلىپ ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى. ئۇزۇن يىل داۋاملىشىپ كەلگەن بۇ خىل سەمىمىي دوستلۇق بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان قىلىۋەتكەنىدى.

بۈگۈن مالى خېنىمغا ئۆيدە ئولتۇرۇش تولىمۇ زېرىكىشلىك تۇيۇلدى. باشقا چاغلارغا قارىغاندا تېخىمۇ غېرىبسىنىپ قېلىپ، دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلىشنى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن دەل لۇئىس خانىمنىڭ ئىسمى قويۇلغان خاتىرە كۈن ئىدى. بۈگۈن ئىككىسى بۆلەكچىلا ئىدى، گېپى كۆپ ئەمەس، ئەمما قىلىشقان ھەر قانداق گەپلىرىدە ئورتاقلىق بار ئىدى. بەزىدە ئىككىسىنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئويناپ قالاتتى. بىر-بىرىگە يېقىن ئولتۇرۇشۇپ ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەكرەك سىردىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار كرېسلودا ئولتۇرۇپ ناھايىتى كۆپ پاراڭلاشتى. ئۇلارنىڭ پاراڭى يەنە بىر قېتىم بىر يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان شۇكرانە بايرىمىغا يۆتكەلدى.

— خۇدا ئىككىمىزگە، — دېدى نوچار خانىم، — نېمىدېگەن ئوخشاش تەقدىرنى بەرگەن. بۇرۇن مېنىڭ سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل ئېرىم بولغان، ئىككى يىللا بىللە ياشاپ بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈ خوشلاشتى، ھەتتا ماڭا ئازراق بولسىمۇ تەسەللى بولىدىغان پەرزەنتىمۇ قالدۇرمىدى. شۇنىڭدىن بېرى مانا

مۇشۇنداق يالغۇزلۇقتا ئۆتۈۋاتىمەن. قايسى خىل تەقدىرنىڭ مېنى ئەڭ يامان كۈنگە قالدۇرۇشى مۇمكىنچىلىكىنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمىغاندىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالغاندىمۇ؟

— هەي، سەنمۇ بىلىسەن، مەن تەقدىرگە بويۇن ئېگىپلا كەلگەن ئادەم، ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە قانداق تەقدىرگە قالغانلىقىمنى ئالدىن بىلگەن. مەن يىگىرمە ياش چاغلىرىمدا بىر چۈش كۆرگەن. چۈشۈمدە تانسا كېچىلىكىگە قاتنىشىپتىمەن. سەن بىلىسەن، مەن ئۆمرۈمدە تانسا كېچىلىكىگە قاتنىشىپ باققان ئەمەس. بىز مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ قەدەملىرىمىزنى ئاستا ئېلىپ ئويناۋاتىمىز. چاقناپ تۇرغان رەڭگارەڭ چىراغلار ئاستىدا جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەر پىرقىراپ تانسا ئويناۋاتقۇدەك، تانسخانا گويا كەڭ بىر دالادەك بىنانىڭ ئۆگزىسىدە يېيىلىپ ياتقۇدەك. تۇيۇقسىز، ئالدى تەرەپتىكى بىر نەچچە جۈپ قىز - يىگىت پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشتى. مەنمۇ چىرايىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيدىغان هەمراهىم بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپتىمەن. بىر چاغدا ئۇ يەردە بىر نەچچىمىزلا قاپتۇق. قارا دېگەندەك قىلدى، كەينىمگە شۇنداقلا قاراپ جەبرائىلنىڭ كەينىمىزدىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ئۇچىسىغا كۆك رەڭلىك ئۇزۇن چاپان كىيىۋاپتۇ، بېشىدىكى قالپىقىغا ئاپئاق پەي قىستۇرۇۋاپتۇ، قولىدا قىلىچ بار. مەن قەدىمىمنى تېزلەتتىم، تېزرەك پەسكە چۈشۈشنى ئويلايتتىم. بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدۇ، هەمراهىممۇ نەگىدۇر غايىب بولدى. ئۇشتۇمتۇت، جەبرائىل قولۇمدىن تۇتۇپلا مېنى ئېلىپ كەتتى. كېيىن مەن بىر قەسىردە خېلى ئۇزۇن ياشاپتىمەن، جەبرائىل مېنىڭ ئېرىم بوپتۇ. ماڭا تولىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىكەن، مېنى ياخشى كۆرىدىكەن. بىراق، مەن ئۇنىڭدىن تولىمۇ بىزار ئىكەنمەن. ئەتراپىمىز تولىمۇ هەشەمەتلىك ئىكەن. هەممە يەر ئۇنچە —



www.uyghurkitap.com

مەرۋايىت، ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە ئاق قۇ مامۇقلىرى بىلەن
ئورالغان. ئەمما بۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ياقتۇرماسمىشمەن، ئادەم-
زات دۇنياسىغا تەلپۈنىدىكەنمەن. بىزنىڭ ئەلچىمىز ـــ يەنە
بىر جەبرائىل ـــ دائىم ماڭا ئادەمزات دۇنياسىدىكى ئىشلارنى
يەتكۈزۈپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنلەردە، ئادەمزات دۇنياسىغا قاي-
تىش ئارزۇيۇمنىڭ ئېرىمنى ئازابلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ-
تىمەن. ئاخىر ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قاپتۇ. شۇ چۈشۈمدىن
كېيىن مەن ئۆمۈر بويى توي قىلالمايدىغانلىقىمنى، مېنىڭ لايى-
قىمنىڭ ئۆلۈم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئېيتقىنا لۇئىس، چۈش
خۇدا ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن نەرسە ئەمەسمۇ؟ بۇ ئىككى جەبرائىل-
نىڭ مېنىڭ ھاياتىمنى باشقا بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىن ئايرىۋەت-
كەنلىكى ئەمەسمۇ؟

لۇئىس ئۇنىڭ بۇ چۈشىنى بۇرۇن كۆپ قېتىم ئاڭلىغان
بولسىمۇ، بۈگۈن يەنە بۇرۇنقىدەكلا ھاياجانلىنىپ كۆز يېشى
قىلدى. قىزنىق يېرى ھەم ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغىنى، مالى
خېنىم ھازىرغىچە ياتلىق بولمىغانىدى. ھالال ئەمگىكى بىلەن
قارايدىغان ئادىمى يوق ھالدا ئۆزى يالغۇز ياشاپ كېلىۋاتاتتى.
ئۇ سەتمۇ ئەمەس، بويى ئېگىز، بىر جۈپ كۆك كۆزلىرىمۇ
شۇنداق چىرايلىق، يۈزى سەل ياپىلاقراق، ئەمما يېقىملىق ئى-
دى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى مالى خېنىمنىڭ نېمە ئۈچۈن
ياتلىق بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ھەرخىل قاراشتا ئىدى. ئۇنىڭغا
يامان ئەمەس كىشىلەر بىلەن توي قىلىش پۇرسىتى كۆپ قېتىم
كەلگەن. بۇ راست، مەن ئىككى ئادەمنى بىلىمەن، ئۇلار خېلى
يۈزلۈك ئادەملەر ئىدى. لېكىن مالى خېنىم ياتلىق بولۇشنى
پەقەتلا ئويلىمىدى.

مەن ئۇ ئىككى ئادەمنى ئوبدان بىلەتتىم. ئۇلار يەڭگىل-
تەك، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر نېمىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ
بىرى سودىگەر سىبوركا، يەنە بىرى ھەيكەلتىراش لېخېير ئى-

www.uyghurkitap.com

دى. ھەممىلا ئادەم ئۆلارنى «لۆكچەك» دىيىشەتتى. مەن ئۆلار-
نى جىنايەتچىلەر دىمەكچى ئەمەس، ئۆلار ئۆ دەرىجىگىمۆ بارىس-
غان. ئەمما، دۆرۆس كىشلەردىن ئەمەس ئىدى. لايغەزەل،
ھەممە يەردە لاغايلاپ يۆرىدىغان ئىرادىسىز بىر نىمىلەر ئىدى.
لىختىر چارشەنبە كۆنىگىچە ئىشلىمەيتتى. شەنبە كۆنى چۆشتىن
كىيىندىن باشلاپ ئىشنى توختىتاتتى. سىبوركا بولسا قاۋاقخا-
نىدىن چىقمايتتى، دۆكىنىنى كۆپ ئاچمايتتى، ئاچسىمۆ چۆشكە
يىقىن ئاچاتتى. كۆزلىرىدىن پەقەتلا ئۆيقۆ كەتمەيتتى. سودا
ئىشلىرىغا تازا قىزىقىپ كەتمەيتتى. ئۆزى بويتاق ئىدى، نىمە
قىلغۆسى كەلسە شۆنى قىلاتتى.

بۆ ئىككىسى دائىم دىگۆدەك بىللىلا يۆرەتتى. ئەگەر بىرە-
رىنىڭ كۆڭلىدە ئالىيجانابلىق ئاندا - ساندا ئۆچقۆنداپ قالسا يەنە
بىرىنىڭ ئۆنى ئۆجۆقتۆرۆۋىتىشى چوقۆم ئىدى. لىختىرنىڭ
بويى پاكار ئىدى، ساقىلىنى دائىم قىرىپ يۆرەتتى، چىرايىدا
دائىم بىر خىل كۆلكە ئوينىاپ تۆراتتى. ئۆزۆن قوڭۆر چاچلىرى-
نى كەينىگە تارىۋالاتتى، كەڭ ماڭلىيى پارقىراپ تۆراتتى.

لىختىرنىڭ ئاغىنىسى سىبوركا دائىم قارا رەڭدە كىيىم
كىيىپ يۆرەتتى. لىختىرغا قارىغاندا كۆرۆنۆشتە تىنچراق ئى-
دى. ئۆمۆ لىختىرغا ئوخشاش ئاۋاق، بويى ئۆنىڭغا قارىغاندا
سەل ئىگىزرەك ئىدى. قويۆق ئۆسكىلەڭ قاشلىرى چاقناپ
تۆرغان بىر جۆپ كۆزىنى توسۆپ تۆراتتى.

سىبوركا ئادەتتە كۆپ كۆلمەيتتى، كۆلىدىغان بولسا بار
ئاۋازى بىلەن كۆلەتتى، لىكىن يەنە دەررۆلا كۆلكىسىنى توختى-
تالايتتى. ئۆلار بىر - بىرىنى بەكمۆ چۆشىنىشەتتى، كۆزلىرى-
نى شۆنداقلا قىسىپ قويسا، شۆ ھامان بىر - بىرىنىڭ مەقسى-
تىنى بىلىشەلەيتتى. مۆبادا بىرەر ئادەم ئۆلارنىڭ قىشىدا ئولتۆ-
رۆپ قالسا ئۆلارنىڭ قوپال چاقچاقلىرىغا بەرداشلىق بىرەلمەيتتى
ھەم ئۆلارنىڭ سۆزلىرىنى چۆشەنمەي، بۆ ئىككىسىنى خۆداغا

تىل تەگكۈزۈۋاتىدۇ، دەپمۇ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار ئىككىسى بۇ يەردىكى ئادەملەر بىلەن ئانچە ئارىلىشىپمۇ كەتمەيتتى، كىشىلەرگە قىزىقمايتتى، كېچىلەردە شەھەرنى بىلىلە ئايلىناتتى. قاۋاقخانىلارغا كىرىپ يېرىم كېچىلەرگىچە ئولتۇرۇشاتتى. تۈن يېرىم بولغاندا كوچىلاردا قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازلار ئاڭلانسا، ھەممە ئادەم گەپ يوق ئىككىسى دەپ جەزم قىلاتتى.

بۇ ئىككىسىنىڭ يېشى مالى خېنىمنىڭ يېشى بىلەن ئانچە چوڭ پەرقلەنمەيتتى. ئۇلار بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن مېگرا رايونىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە بىللە ئوقۇغانىدى. كېيىن ئۇلار ئۇنىڭغا ئانچە دىققەتمۇ قىلىپ كەتمىگەن، مالىمۇ ئۇلارغا ئانچە ئېرەنشىمىگەنىدى، كوچىدا ئۇچرىشىپ قالغاندىمۇ سوغۇقلا سالاملىشىپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى، تىنچلىق سورىشىدىغان بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمايتتى.

بىر كۈنلەردە، مالى خېنىم ئۇشتۇمتۇت پوچتالىيوندىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. خەت ناھايىتى چىرايلىق يېزىلغانىدى. خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، مالىنىڭ قوللىرى تىترەپ، خەت قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.

خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

ئىنتايىن ھۆرمەتلىك خېنىم:

سىز بۇ خەتنى كۆرۈپ چوقۇم ھەيران بولىسىز، بۇ خەتنى مەن سىزگە يېزىۋاتىمەن، سىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى، خەتنىڭ مەزمۇنى بولسا كېرەك. مەن ھازىرغىچە سىزگە يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىمەن. رەنجىمەڭ، مەن سىزنى سۆيىمەن! ئۆزۈڭىزدىن بېرى پەقەت سىزنىلا ياخشى كۆرۈپ كەلدىم. مەن ئويلىدىمكى، پەقەت سىزلا مېنى بەختلىك قىلالايسىز! مالى

خېنىم، بەلكىم بۇ گېپىمگە قاتتىق ھەيران بولۇشىڭىز، ھەتتا تەلىپىمنى رەت قىلىشىڭىز مۇمكىن. سىز مېنىڭ ئۇستۇمدىن چىققان پىتنە ـ پاساتلارنىمۇ ئاڭلىغانسىز، شۇ گەپلەر تۇپەيلىدىن مېنى كۆزگە ئىلمايمۇ يۈرگەنسىز. مەيلى نېمىلا ئويلاڭ، مېنىڭ سىزگە مۇشۇنىڭدىن ئارتۇق تەلىپىم يوق. سىزنىڭ ھەيران قالماسلىقىڭىزنى، بىر قارارغا كېلىشتىن ئىلگىرى ياخشىراق ئويلىنىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. كېيىپ ئېيتالايمەنكى، كەلگۈسىدە سىز مېنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سىزنى بەختلىك قىلالايدىغان ئەر ئىكەنلىكىمنى ئاخىر چۈشىنىپ قالىسىز.

يەنە بىر قېتىم ئۆتۈنۈپ قالاي، ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرسىڭىز، كېچىكتۈرمىسىڭىز، تۆت ھەپتىدىن كېيىن سىزنىڭ جاۋابىڭىزنى ئاڭلىسام. مەشەگچە يازاي، مېنى كەچۈرۈڭ!

سىزنى چىن يۈرىكىمدىن ياد ئېتىپ:
سىزگە سادىق ۋېلىيام سىبوركا

مالى خېنىمنىڭ بېشى قېيىپ كەتتى. ئۇ ھازىر ئوتتۇز ياشلارغا كىرىپ قالغان بولۇپ، بۇگۈنگىچە بىرەرى بۇنداق گەپنى قىلىپ باقمىغانىدى، بىرەر يىگىت ماڭا بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىدۇ دەپمۇ ئويلىمىغانىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا بىرەر ئادەم مۇھەببەت ھەققىدە پاراڭمۇ قىلمىغانىدى.

خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى جوغۇلداپ كەتتى. چېكىلىرى توختىماي زىڭىلدايتتى، يۈرىكى سىلىپ نەپسى بوغۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، خىيالىغا ھېچ نەرسە كىرىپ چىقمايتتى، كاللىسىدا مۇقىم بىر پىكىرمۇ يوق ئىدى، ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان كۆزلىرى ئالدىغا پەقەت بىرلا ئادەم، يەنى غەمكىن

جىلمىيىپ تۇرغان سىبوركىلا كېلەتتى.

ئۇ خەتنى قولىغا ئېلىپ، تىترەپ تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭ يازغان خېتى نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن يېقىملىق - ھە!

ئۇ بۇ خەتكە كېسىپ بىر نېمە دېيەلمەي، خەتنى كۆتۈرۈپ ئەڭ ياخشى دوستى لۇئىسنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي خەتنى ئۇنىڭغا سۇندى.

لۇئىس خانىم خەتنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، چىرايىدا روشەن ھەيرانلىق، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سەن قانداق قىلاي دەيسەن؟

— بىلمەيمەن.

— ئىشقىلىپ، ئويلىنىپ بىر قارارغا كېلىشىڭگە يېتەرلىك ۋاقىت بار ئىكەن. دۇنيادا ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشمۇ يوق. بىراق، كەچۈرگىن، بىلىشىڭ كېرەككى، بەزى ئەرلەر بار، ئۇلار پەقەت پۇلنىلا كۆزلەپ شۇنداق قىلىدۇ. لېكىن يەنە ئۇنى سېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ. مۇنداق بولسۇن، مەن بېرىپ ئوبدان سۈرۈشتۈرۈپ باقاي.

مالى خېنىم زوۋان سۇرمەي جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ساڭا ئېيتسام، سىبوركا خېلى كېلىشكەن يىگىت، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدۇ. ساقال - بۇرۇتلىرى قاپقارا، چىشلىرى ئاپئاق، ھەقىقەتەن چىرايلىق يىگىت! — لۇئىس خانىم جىمجىت ئولتۇرغان دوستىنى مېھرى بىلەن قۇچاقلاپ قويدى.

مالى خېنىمنىڭ يۈزى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى.

ئارىلىقتا بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. مالى خېنىم چېركاۋدىن قايتىپ كېلىپ، ئۆيدە يەنە بىر پارچە خەتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇ قېتىم تېخىمۇ ھەيران بولۇپ خەتنى قولىغا ئالدى.

هۆرمەتلىك خېنىم:

مەن سىزنىڭ مېنى ھالىغا باقماي مۇشۇ خەتنى يېزىپتۇ دەپ ئەيىبلىمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇنداق گەپ: مەن توي قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن. ماڭا ئەخلاقى دۇرۇس، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ كېتەلەيدىغان بىر ئايال كېرەك. مېنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرىم ئانچە كۆپ ئەمەس. يەنە كېلىپ، مېنىڭ خىزمىتىم ئۇلار بىلەن كۆپ ۋاقىت ئالاقىلىشىشكە يار بەرمەيدۇ. مەن ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر سىزنى مېنىڭ ياخشى ئايالىم بولۇشقا مۇناسىپ دەپ بىلدىم. سىز مېنى يامان ئادەممىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭ، مەن ياخشى ئادەم، ماڭا تەگسىڭىز ھەرگىز خاتا قىلمايسىز. مەن تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، خىزمەت قىلىشنى بىلىمەن. ئۇنىڭ ھىممىتى بىلەن چوقۇم ھەممە نېمىمىز بولىدۇ. مەن ئوتتۇز بىر ياشقا كىردىم. سىز مېنى تونۇيسىز، مەنمۇ سىزنى ئوبدان بىلىمەن. سىز پۇلدار ئايال، بۇنىڭ ياخشى تەرىپى باركى، يامان تەرىپى يوق. يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، مېنىڭ ئۆي ئىشلىرىمنى باشقۇرىدىغانغا بىر ئايال بولمىسا بولمايدۇ! مەن ئەمدى ساقلاپ تۇرالمايمەن. شۇڭا، سىزدىن تەلىپىم، ئېغىر كۆرمەي ئون تۆت كۈن ئىچىدە بىر قارارغا كېلىپ قارارىڭىزنى ماڭا ئېيتىسىڭىز. ئەگەر ماقۇل كۆرمىسىڭىز مەن باشقا يەردىن ئويلىشارمەن. مەن خىيالپەرەس ھەم سۆزمەنمۇ ئادەم ئەمەس. ئەمما، مەن كىمنى ياخشى كۆرۈشۇم كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. مەن ئون تۆتىنچى كۈننى كۈتىمەن.

سىزنىڭ سادىق ۋە سەممىمي دوستىڭىز
ھەيكەلتىراش يان. لېختېر

— نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل ئادەم بۇ؟ يازغانلىرى شۇنچە-لىك سەمىمىي، — لۇئىس خانىم ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپلا كەتتى، — ئەمدى تالىساڭ بولغۇدەك، مالىنكا. قانداق قىلاي دەيسەن.

— زادى قانداق قىلسام بولار؟ — مالى خېنىم خۇددى چۈشىدە گەپ سورىۋاتقاندەك سورىدى.

— بۇ ئىككىسىدىن قايسىسىنى ئەڭ ياخشى كۆرىسەن؟ راست سۆزۈڭنى ئېيتقىن، بۇلارنىڭ قايسىسى دىتىڭغا ياقىدۇ؟ قايسىسى؟

— ۋىلىيام، — مالى خېنىم بۇ ئىسمنى بوش ئاۋازدا ئېيتىپ، بويۇن - قۇلىقىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

«ۋىلىيام» دېگىنى سىبوركا ئىدى. دېمەك، لىختېر تاللاش-تىن قەپقالدى دېگەن گەپ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار لىختېرغا بۇ قارارنى ئېيتماقچى بولۇپ، ئالدى بىلەن خەتنى تەجرىبىلىك لۇئى خانىم يازىدىغان، ئاندىن مالى خېنىم قايتا كۆچۈرۈپ چىقىدىغان بولدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتمەيلا مالى خېنىم يەنە بىر پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ، كەيپى چاغ ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

ھۆرمەتلىك خېنىم:

سىزنىڭ مېنى كەچۈرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇنداق بولغىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. بۇ ئىشنى مەندىن كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر مەن قەدىرلىك دوس-تۇم سىبوركىنىڭ سىزگە تەلەپ قويغانلىقىنى بىلگەن بولسام، سىزگە ھەرگىزمۇ ھېلىقى خەتنى يازمىغان بولا-تتىم. ئۇ بۇ توغرۇلۇق ماڭا گەپ قىلمىغان، شۇڭا

www.uyghurkitap.com

پەقەتلا ئۇقمايدىكەنمەن. ئۇنىڭغا ھەممە ئەھۋالنى ئېيتاتتىم، سىزنى ئۇنىڭغا ئۆتۈندۇم، چۈنكى ئۇ سىزنى سۆيىدۇ. سىزنىڭ مېنى مەسخىرە قىلماسلىقىڭىزنى سورايمەن. بەكمۇ سەت ئىش قىپتىمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ بەختىنى ئىزدىشىم كېرەك ئىكەن. بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى، مېنى ئۆتۈپ كېتىڭ!

سىزگە سادىق ۋە سەممىي دوستىڭىز:

هەيكەلتىراش يان لېخنېر

— ئەمدى سەن تەڭلىكتە قالمايدىغان بولدۇڭ، — دېدى لۇئىس خانىم.

خۇداغا شۈكۈر، مالى خېنىم ئۆزى يالغۇز قالدى، يالغۇز قالغىنىدىن دىلى سۆيۈنۈپمۇ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالى كەلگۈسىگە تەلپۈنگەنىدى، بۇ تەلپۈنۈش كىشىنىڭ شۇنچىلىك زوقىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ بۇ خىياللىرىدىن قىلچە زېرىكمەي قايتا - قايتا ئويلايتتى. دەسلەپكى شېرىن خىياللىرى بارا - بارا روشەنلىشىپ، پۈتۈن بىر گەۋدە بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ مۇكەممەل ۋە ئىنتايىن گۈزەل كۆرۈنۈشىنى ھاسىل قىلاتتى.

ئەتىسى لۇئىس خانىم مالى خېنىمنى يوقلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ساپادا ياتاتتى، چىرايى تاتارغان، تولا يىغلىغانلىقتىنمۇ، كۆزلىرى قىزىرىپ ۋە ئىششىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان دوستى ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئەمدىلا سوراي دەپ تۇرۇشىغا، مالى خېنىمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ ئۈستەل تەرەپنى ئىشارەت قىلدى، ئۈستەل ئۈستىدە يەنە بىر پارچە خەت تۇراتتى. لۇئى خانىم قانداقتۇر بىر قورقۇنچلۇق

ئىش يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى. خەت دېمىسمۇ ناھايىتى ئېغىر يېزىلغانىدى.

ئەڭ قەدىرلىك خېنىم:

مەن ھەقىقەتەن بەختسىز ئىكەنمەن!

شېرىن چۈشلىرىم بۇزۇلدى. بېشىم خۇددى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئاغرىماقتا.

ياق! مەن ئۇ يولدا مېڭىشنى خالىمايمەن. بۇ يولنى مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم ئۆزىنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرى بىلەن ياساپ چىققان. ئاھ بىچارە دوستۇم! ماڭا ئوخشاش بىچارە دوستۇم!

سىزنىڭ بۇگۈنگىچە بىر قارارغا كېلەلمەسلىكىڭىز شۇنىڭ ئۈچۈن ئىكەن. بۇنداق ئەھۋالدا سىز قانداق بىر قارارغا كېلەلىشىڭىز مۇمكىن؟ مەن دوستۇمنى ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە پاتۇرۇپ قويۇپ قانداقمۇ بەختلىك ياشىيالايمەن؟ سىز ماڭا شاد - خۇراملىق شارابى بىلەن لىق توشقان ھايات جامىنى تۇتسىڭىزمۇ مەن بەربىر ئۇنى قوبۇل قىلالمايتتىم. مەن ھازىر ھەممىدىن كېچىشكە بەل باغلىدىم. مەن سىزدىن مېنى مەسخىرە بىلەن ئەسلىمەسلىكىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

سىزگە سادىق:

ۋىليام سىبوركا

— بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك ئىشقۇ، — لۇئىس خانىم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

مالى خېنىم ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى.

— ھەي، — دېدى لۇئىس خانىم بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، — ئىككىلىسى ئالىيجاناب كىشىلەر ئىكەن، بۇنىسى ئېنىق. بىراق، سەن بۇ ئەرلەرنى ئوبدان چۈ-

شەنمەيسەن، مالىنكا، بۇ خىل ئالىيجاناب خىسلەتلەر ئۇزۇنغا بارمايدۇ. ئۇلار چوقۇم بىر كۈنلەردە ئەرلىك غۇرۇرلىرىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ ئۆزىنىلا ئويلايدىغان بولىدۇ. ئالدىرىمىغىن مالى، ئۇلار چوقۇم بىر قارارغا كېلىدۇ! لېخنېر سەل ئەمەلدە يەتچىدەك قىلىدۇ، ئەمما سىبوركا ئۇنداق ئەمەس، ئۇ يەنىلا سېنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ چوقۇم كېلىدۇ!

مالى خېنىمنىڭ كۆزلىرىدە بىردىنلا ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى پارلاپ كەتتى. ئۇ دوستىنىڭ گېپىگە ئىشىنەتتى، دوستىمۇ ئىنتايىن ئىشەنچلىك گەپ قىلغانىدى. بۇ ئىككى دوست ساپ دىل، ئاق كۆڭۈل ئىدى، شۇڭا بۇ ئىشنى زادىلا باشقىچە ئويلىمىدى.

— ساقلىغىن، ئۇ كېلىدۇ، چوقۇم بىر قارارغا كېلىدۇ! — دېدى لۇئىس خانىم ئايرىلىش ئالدىدا يەنە بىر قېتىم تاپىلاپ.

مالى خېنىم شۇ تەرىزدە كۈتىۋەردى. ئۇنىڭ دەسلەپكى خىياللىرى قايتىدىن كاللىسىدا ئەكس ئېتەتتى، لېكىن ئۇ ئەمدى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقىدەك لەززەتلەنمەيتتى.

مالى خېنىم زېرىكمەي كۈتتى، ئاي - كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتىۋەردى. شۇ مەزگىللەردە ئۇ سىرتلارغا سەيلە قىلىپ چىقىپ، ئۇ ئىككى دوستىنىڭ بۇرۇنقىدەك قولتۇقلىشىپ يۈرگەنلىكلىرىنى پات - پات ئۇچرىتىپمۇ تۇردى. ئارىدا بۇ ئىشلار بولمىغان بولسىدى، مارى خېنىم ئۇ ئىككىسىنى ئۇچرىتىپ قالغاندا ئۇلارغا نەزىرىنىمۇ سالماي يۈرگەن بولاتتى، لېكىن هازىر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتاتتى. لۇئىس ئۇنىڭغا «ئۇلار چوقۇم ئالدىڭغا يۈگۈرۈپ كېلىشىدۇ» دېگەنىدىغۇ؟ دەسلەپتە ئۇ ئۇلارنى ئۇچراتقان چاغدا يەرگە قارىۋالدى، كېيىن غەيرەتكە كېلىپ ئۇلارغا تىكىلىپ قارىدى. لېكىن، ئۇلار ئەدەب بىلەن

ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىشىپ، يەردىن بېشىنى ئالماي، ئىككىسى ئىككى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىشەتتى. ئۇلار مالى خېنىمنىڭ يوغان كۆزلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قالىدى-غانلىقىنى سەزمىگەندىمۇ؟ ئەمما، مېنىڭ بىلىشىمچە، مالى خېنىم ئۇ ئىككىسىنىڭ چاندۇرماي كالپۇكلىرىنى چىشلەپ قوي-غانلىقىغا دىققەت قىلمىغان.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى لۇئىس خانىم ئاجايىپ بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدى ۋە بۇنى ناھايىتى تەستە مالى خېنىمغا ئېيتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئىككىسى ئۇچىغا چىق-قان ئەخلاقسىز، لوكچەك بىرنېمىلەر ئىكەن. ھەممە ئادەم ئۇ ئىككىسىنى ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ دېيىشىدىكەن.

ھەر قېتىم مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا مالى خېنىمنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كېتەتتى. ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ؟ دوستى ئۇنىڭغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلمەيتتى. مالى خېنىمنى تۇتۇپ تۇ-رۇۋاتقىنى قىزلارغا خاس تارتىنچاقلىق ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھەل قىلغۇچ تۈنجى قەدەمنى بېسىشقا جۈرئەت قىلالماي يۈرەتتى ھەم ئۆزىنى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ھېس قىلاتتى.

كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئىككىنچى يىلمۇ باشلاندى. ئۇلار لېخنېرنى كۆمۈپ قويۇشتى، ئۇئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە مالى خېنىم ئىنتايىن قايغۇردى.

لۇئىس خانىم چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ئاندىن:

— ئەمدى سىنىڭ قارار چىقىرىشىڭغا ئاسان بولىدىغان بولدى! سىبوركا بىر ئاز ۋاقىت كەيىنگە سۈرۈشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ چوقۇم كېلىدۇ، — دەپ، مالى خېنىمنىڭ پېشانىسى-گە سۆيۈپ قويدى.

سىبوركامۇ ئۇزاققا بارماي، تۆت ئايدىن كېيىن قەبرىستان-

لىقتىن ئورۇن ئالدى. ئۆپكە ياللۇغى ئۇنىڭ جېنىنى ئالغانىدى.

بۇ ئىككىسىنىڭ ئۇ يەردە ياتقىنىغا توپتوغرا ئون ئالتە يىل بولدى.

ھەر قېتىملىق شۈكرانە بايرىمىدا، ئالدى بىلەن قايسىسىنىڭ قەبرىسىگە بېرىش كېرەك، مالى خېنىم بۇنى بەلگىلىيەلمەيتتى. بۇنى پەقەت بەش ياشلىق ھېلىقى سەبى قىزچاقلا بەلگىلەيتتى. بۇ قىزچاق قايسى قەبرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارسا، مالى خېنىم بىرىنچى گۈل دەستىنى شۇ قەبرىگە قوياتتى...

# نادان ئاشىق

## ۋاھاب بۇل (لىۋىيە)

ئابدۇقادىر مۇھەممەت تەرجىمىسى

گۈزەل مىسىرنىڭ ئىسكەندىرىيە شەھىرى ئوتتۇرا دېڭىز-نىڭ زۇمرەتتەك دولقۇنلىرى ئىچىدە خۇددى كۈمۈش رەڭ لېنتى-دەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئىسكەندىرىيىنىڭ ئوت-تۇرا دېڭىزنىڭ «كېلىنى» دەپ تەرىپلىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. ئەنە ئاشۇ ئىسكەندىرىيىدىكى قاشتېشىدەك سۈ-زۈك، گۈلدەك چىرايلىق بىر نازىنىننىڭ ئاخىر بېرىپ مېنىڭ دىلدارىم بولۇپ قالغىلى تاس قالغانلىقىنى كىم بىلسۇن. ھالا بۈگۈنكى كۈندىمۇ شۇ قېتىمقى ئۇنتۇلغۇسىز ئۇچرىشىش ماڭا چۈشۈمدەكلا بىلىنىدۇ.

شۇ يىلى مەن روزىنى ئىسكەندىرىيىدە ئۆتكۈزدۈم. مىسىر-دا روزا تۇتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە مەلۇمكى، رامىزان ئېيى باشقا ئايلاردىن تېخىمۇ ئۇلۇغلىنىدۇ. مىسىرلىقلار رامىزاننى ئوبدان ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ تەييارلىق كۆرىدۇ. رامىزان كۈنلىرى نەغمە ـ ناۋا ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن بەكرەك قىزىپ كېتىدۇ. قىزىق، شۇ يىلى رامىزاندا قاھىرەدىكى بىر ئەلنەغمە ئۆمىكى ئىسكەندىرىيىگە كېلىپ ئويۇن قويدى، مەن ئۇلارنىڭ بىر قىزغىن تاماشىبىنى بولدۇم.

بىر كۈنى ئاخشىمى قاھىرە ئەلنەغمە ئۆمىكىنىڭ ئويۇننى كۆرگىلى باردىم. كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندا ئولتۇرۇش ئۈچۈن

تىياتىرخانىغا بالدۇرلا بېرىۋالدىم. ئورۇننىڭ سەھنىگە يىراق-راق بولغىنى تۈزۈك ئىدى، چۈنكى سەھنىنىڭ ئەتراپى ھەممىسى قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كېتەتتى، ئويۇن قويۇۋاتقان خان قىزلار بىلەن ئېسىلزادە خېنىملارنى ئېنىق كۆرۈپ ھۇزۇرلىناي دېسە-ڭىز لوژىغا يېقىنراق ئولتۇرغىنىڭىز ياخشى ئىدى.

مەن تىياتىرخانىغا بالدۇرراق كىرىپ كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئورۇندا ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن لوژىلارغا قارىدىم. لوژىلاردا لىقمۇ-لىق قىزلار، كىيىنىشكەن ئېسىلزادە خېنىملار ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار خۇددى كىشىلەر بىزگە قاراپ كۆزلىرىنى ئۈزۈلمەي قال-سۇن دېگەندەك يۈز ـ كۆزلىرىگە بولۇشىغا ئوپا ـ ئەڭلىك سۈركەپ گۈلدەك ياسىنىۋالغانىدى.

كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان بۇ چىرايلىق خانىم ـ قىزلارغا پۈتۈن دىققىتىم بىلەن قاراپ ئولتۇرغان چېغىمدا ئې-رى، خوتۇنى ۋە قىزى بولۇپ بىر ئائىلىنىڭ ئۈچ ئادىمى يېنىم-دىكى ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. مەن شۇندىلا بويىغا يەتكەن ئايدەك چىرايلىق بىر قىزنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆر-دۈم. پەمىچە، قىز ئەمدىلا ئون سەككىزلەرگە كىرگەندەك قىلاتتى. قىزنى كۆرۈشۈم بىلەن تەڭ كۆز ئالدىم پاللىدە يورۇپ كەتتى. قىز گويا كۈچلۈك ماگنىتتىقا ئوخشاش مېنى ئۆزىگە تارتىۋالدى، قىزنىڭ ئايدەك جامالىدىن كۆزلىرىمنى ئۈزەلمەي قالدىم. ئۇ تولىمۇ گۈزەل ئىدى. ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللى-كىدىن كۈندۈزى قۇياش، كېچىسى ئايمۇ خىجىل بولاتتى. بې-شىمغا چىقىلغان چۈشكەندەك پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەپكەت-تى. مۇشۇ كەمگىچە مەندە بۇنداق كۈچلۈك ھېسسىيات پەيدا بولۇپ باقمىغانىدى، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، يان تەرىپىمدىن كەلگەن بىر ئوتلۇق ھارارەت پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تارالدى. مەن ھاڭ ـ تاڭ قالدىم، چۈنكى مەن ھەرخىل ئىرقتى-كى نۇرغۇن قىزلارنى كۆرگەن، ئەمما بۇگۈنكىدەك ئەقلىم لال

بولۇپ تەمتىرەپ قالمىغانىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟
قىز كۆڭلۈمدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلىۋالغاندەك، يۇ-
زىنى مەن تەرەپكە بۇرىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن قىزنىڭ كۆزىنى
تۇنجى قېتىم ئېنىق كۆردۈم. ئاھ، شۇندىلا نېمىشقا ئۆزۈمنىڭ
ھەيران قالغانلىقىمنى، تەمتىرەپ كەتكەنلىكىمنى بىلدىم. ئەس-
لىدە قىزنىڭ جازىبىلىك شەھلا كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئەس -
ھوشۇمنى يوقىتىپ قويغانىكەنمەن. مەن ئىلگىرى ئۇچراتقان
قىز - چوكانلارنىڭ كۆزلىرى ئىچىدە بۇنداق غەلىتە، كۆچلۈك
سېھرىي كۈچكە ئىگە كۆزلەرنى ئۇچراتمىغانىدىم.
سەھنىدە پەردە ئاستا - ئاستا ئېچىلىپ ئويۇن باشلاندى.
مەن سەھنىدە تەقى - تۇرقى، رول ئېلىشى ئوخشىشىپ كېتىدى-
غان ئارتىسلارنى كۆردۈم. ئۇلار تۇرۇپ سۆزلەشسە، تۇرۇپ
ۋارقىرىشاتتى، شۇنىڭ بىلەن تاماشىبىنلارمۇ قاتتىق كۈلۈشۈپ
بارىكاللا ئېيتىشاتتى. ئارتىسلار نېمە دېيىشىۋاتىدىغاندۇ؟ تاما-
شىبىنلار نېمىشقا پاراقىدە كۈلۈشۈپ كېتىدىغاندۇ؟
بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچ بىلەلمىدىم، چۈنكى بۇ چاغدا يېنىمدا
ئولتۇرغان قىزدىن كۆز ئۈزەلمەي قالغانىدىم، پۈتۈن ئوي -
خىيالىم قىزدىلا قالغانىدى، يۈرىكىم ئۇنىڭ ئۈچۈن سوقۇۋاتات-
تى. قىز كۆڭلۈمنى چۈشەنگەندەك پات - پات جان ئالغۇدەك
ئۆتكۈر نەزىرى بىلەن ماڭا باقاتتى، شۇنىڭ بىلەن مەن تېخىمۇ
تەمتىرەپ كېتەتتىم.
بىر خىل سېھرىي كۈچنىڭ كارامىتى بىلەن ئورنۇمدىن
مىدىر قىلماي قىزنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ ئولتۇردۇم. قارىغاندى-
سېرى قىز كۆزۈمگە شۇنچىلىك ئوماق، شۇنچىلىك چىرايلىق
كۆرۈنۈپ كەتتى. تىياتىرخانىدا بۇ قىزدىن چىرايلىق، لاتاپەت-
لىك قىز يوق دېسەم قىلچىمۇ ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ
يوغان كۆزلىرى تۈن ئاسمىنىدا پارلاپ تۇرغان چولپانغا ئوخشاش
كىشىنى مەھلىيا قىلاتتى؛ ئاناردەك مەڭزلىرى ئوتتۇرىسىدىن

ئېقىپ چۈشكەن بۇرنى ئىلىپتەك تۈز، سۇس ئەڭلىك سۇرتكەن لەۋلىرى بەدەخشان ياقۇتىدەك رەڭدار ئىدى. رەتلىك تارالغان ساپسېرىق چاچلىرى سۈتتەك ئاپئاق ئۈزۈن بويۇنلىرىنى يېپىپ تۇراتتى. قىز ئالدىغا قاراپ تۈز ئولتۇرغاچقا قەددى - قامىتىنىڭ قانداقلىقىغا بىر نەرسە دېيەلمەيتتىم، ئەمما ئايدەك جامالىغا كۆزۈم چۈشۈشى بىلەنلا يېنىمدا ئولتۇرغان بۇ لاتاپەت ئىگىسىنىڭ ئاجايىپ كېلىشكەن قىز ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنەتتىم. راستىنى ئېيتسام، گۈزەللىكتە مەن كۆرگەن ئەڭ چىرايلىق، قەددى - قامىتى كېلىشكەن قىزلار بۇ لاتاپەت ئىگىسىنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى.

شۇ ئەسنادا، مەدداھ تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرۈش مەقسىتىدە قىزىق لەتىپىلەرنى سۆزلىگەن بولسا كېرەك، تىياتىرخانىدا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى، ئەمما مەن سەھنىدە بىرقانچە كۆلەڭگىنىڭ تەۋرىنىپ يۈرگەنلىكىنى خىرە - شىرە كۆرگەندەك، ھەسەل ھەرىسىنىڭ غىڭىلدىغان ئاۋازىدەك بىر ئاۋازنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. تىياتىرخانىدا بىرقانچە مىڭ ئادەم ئولتۇرغان بولسىمۇ، يېنىمدىكى بۇ قىزدىن باشقا ھېچكىم يوقتەك تۇيغۇغا كەپقالدىم. ئوتلۇق نىگاھىم، ئاتەش كۆزلىرىم بىلەن بېقىشلىرىم قىزغا تەسىر قىلدى بولغاي، قىزنىڭ مەڭزى بارغانسېرى شەلپەردەك قىزىرىشقا باشلىدى ۋە ئاستا - ئاستا جىددىيلەشتى. ئۇ كۆڭلى جايىدا ئەمەس، ئويۇن كۆرۈۋېتىپ بىردەم - بىردەم ئارقىسىغا قارايتتى؛ گاھ سومكىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ ھېچنېمە ئالماي يەنە ئېغىزىنى ئېتىپ قوياتتى، گاھ توپلىيىنى تۈتۈپ قوياتتى ياكى بېشىنى كۆتۈرۈپ تىياتىرخانىنىڭ تورۇسلىرىغا قاراپ قوياتتى. كۆزلىرىنى مېنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىمدىن ئەپقېچىش ئۈچۈن ھەرنېمە قىلىپ باقاتتى.

مەن خىجىل بولۇپ ئۆز - ئۆزۈمدىن: «بۈگۈن ئاخشام

نېمىشقا ئۆزۈمنى خاتىرجەم تۇتالمايمەن؟ يەنە نېمىشقا ئۇنى بىلىپ ـ بىلمەي ئىندەككە كەلتۈرمەكچى بولىمەن؟» دەپ سو- رىدىم. ئاخىر يېنىمدا ئولتۇرغان قىزنى ئۇنتۇپ كېتىش نىيىتى- دە پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ ئويۇن كۆرمەكچى بولدۇم. ئەمما، بۇ تىرىشچانلىقىم بىكار كەتتى. ئاھ، كىشىنى ئەسىر قىلىدىغان قىزنىڭ گۈزەل جامالىدىن كۆزلەرنى ئۈزۈش مۇمكىنمۇ؟!

بۇ چاغدا مەن ئەتەي ئۈزۈلدۈرمەي تاماكا چەكتىم، قىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىنى تاماكا ئىسى بىر ئالدى، شۇن- داق بولغاندا قىز بىلەن سۆزلىشىشكە مۇۋەپپەق بولالىتىم. مەن ئاخىر قىزغا بۇرۇلۇپ مۇلايىملىق بىلەن: «تاماكا چەكسەم سىزگە تەسىر يەتمەس ـ ھە؟» دەپ سورىدىم. قىزمۇ بۇرۇ- لۇپ، ماڭا خىلىغىچە گۇمانىي نەزەر بىلەن قاراپ كەتتى. بۇ چاغدا پېشانەمدىن پۇرقىراپ تەر قۇيۇلۇپ كەتتى. ئارقىدىنلا قىز ئاتا ـ ئانىسىغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ مېنى جاۋابسىز قالدۇردى. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا مەن بىلەن سۆزلىشىشى بىئەپ ئىدى، بۇنى دەررۇ چۈشەندىم. قىز بىلىكىنى ئورۇندۇقنىڭ تۇتقۇچىغا قويدى، ئۇنىڭ ئاپئاق، يېرىم يالىڭاچ بىلىكى بىلد- ىمگە تېگىپ كېتىۋىدى، شۇ زامان پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا بىر خىل سىرلىق ئېلېكتر ئېقىنى تارىغاندەك بوپكەتتىم. مەن قىزغا يېقىنلاشتىم، قىزنىڭ ئوتلۇق ھارارىتى پۈتۈن بەدىنىمنى كۆي- دۈرۈۋەتكەندەك بوپكەتتى. ئۇنىڭ سىرۋەدەك بويلىرىدىن كېلد- ۋاتقان شېرىن خۇش پۇراقلار دىماغلىرىم ئارقىلىق ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كىرىپ يۈرىكىمنى ئېرىتىۋەتتى. ئەجەبا، يېنىمدا مۇش- ۇنداق ئايدەك بىر نازىنىن ئولتۇرسا ئۇنىڭغا مەستە ـ مۇستەغ- رەق بولماي، ئەقىل ـ ھوشۇمنى يوقاتماي قانداقمۇ تۇرالايمەن؟

پەردە چۈشۈرۈلدى، ئويۇننىڭ بىرىنچى پەردىسى تۈگىدىمۇ ياكى ئىككىنچى پەردىسى تۈگىدىمۇ بىلەلمىدىم. چىراغلار يورۇ- غاندىن كېيىن ئەتراپقا قاراپ، بىرمۇنچە تاماشىبىنلارنىڭ يېنىم-

www.uyghurkitap.com

دا ئولتۇرغان قىزغا قاراۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئەمما، ماڭا يېقىن بىر لوژىدا بىرقانچە چىرايلىق قىزلار ئولتۇراتتى، بەزى ئوفىتسېرلار بىلەن ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ چىرايلىق فورمىلىرىنى قىزلارغا كۆز ـ كۆز قىلىپ قاش ئاتماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرى بىلەن قىزلارنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك كۈلكە ئاۋازلىرى توختىماي قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇردى. ئەمما، ھايال ئۆتمەي ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى، ئۆزۈمنىڭ بىردىنلا تاماشىبىنلارنىڭ ھۇجۇم ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى بىلدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا تىكىلىپ قاراۋاتاتتى. ئېھتىمال، ئۇلار يېنىمدا بىر مەلىكىنىڭ ئولتۇرغانلىقىغا ھەسەت قىلىشقان، قىزنى ئىنىدەككە كەلتۈرۈۋالىدىغان بولدى دەپ ماڭا ئۆچلۈك قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۇلارغا پەرۋا قىلماي نەزىرىمنى قىزغا ئاغدۇردۇم، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن كۆزۈم قىزنىڭ دادىسىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. قىزنىڭ دادىسى قىرىقلارغا كىرىپ قالغان، پاكار، دوغىلاق، تولۇمدەك سېمىز ئادەم ئىدى، تۇرقىدىن پومپىشچىك ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇ زامان قانلىرىم يۈزۈمگە تەپكەندەك ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتىم ـ دە، ئىتتىكلا يانغا قارىۋالدىم. ئۇ ئادەم مېنىڭ ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىمنى سېزىپ قالغانمىدۇ؟ يۈرىكىمنىڭ قاتتىق سوقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالغانمىدۇ؟ شۇ چاغدا قىزنىڭ بىرەر ئېغىز گېپىنى ئاڭلىغان بولسام ئوت دېڭىزىغا كىرىشتىنمۇ يانمايتتىم. راستىمنى ئېيتسام، قىزغا مەجنۇنلارچە كۆيۈپ قالغانىدىم! قىز گۈلدەك چىرايلىق ئىدى، تەقدىر ئىلاھى ئۇنى يېنىمدا ئولتۇرۇشقا نېسىپ قىلدى، بۇ مەندىكى خاتالىق ئەمەس.

ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى يەنە ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ قېتىم قىزنىڭ كۆزلىرىدىن يۈرەك سۆزلىرىنى بىلدىم. بۇ چىرايلىق

كۆزلەر ماڭا: «سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى بىلگۈم كېلىدۇ، مېنىڭ گۈزەللىكىم ۋە جازىبدارلىقىم سىزگە تەسىر قىلدىمۇ، ئۇققۇم كېلىدۇ» دەۋاتقاندەك ئىدى. مەن قىزغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم، قىزمۇ ماڭا جاۋابەن پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى.

قىز ئاستا يانغا قاراپ ئاپىسىغا پەس ئاۋازدا گەپ قىلدى. مەن قىزنىڭ ئاپىسىغا نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىيالمىدىم، شۇ ئەسنادا قىز ئورنىدىن تۇرۇپ تىياتىرخانىنىڭ چىقىش ئېغىزىغا قاراپ ماڭدى. مەن قىزنىڭ بىرەر باھانە تېپىپ مەن بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىش نىيىتىدە سىرتقا ماڭغانلىقىنى دەرھال چۈشەندىم. كىشىلەر گۇمانلىنىپ قالمىسۇن دەپ قىزنىڭ ئارقىسىدىنلا چىقمىدىم. بىر ئازدىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قىزنى ئىزدەپ چىقتىم. بۈگۈن كېچە زەپەر قۇچقانلىقىمدىن بۆلەكچىلا سۆيۈنۈپ كەتتىم، خۇشاللىقتىن بېشىم كۆككە يەتكۇدەك بوپكەتتى. ئەمما، مەن تىياتىرخانىنىڭ ئىشىك ئالدىدا كىشىلەرنىڭ تىقما ـ تىقماق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھەرگىز خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. ھەمىشە ئويۇندىن تارقايدىغان چاغدىلا مۇشۇنداق قىستاڭچىلىق بولۇپ كېتەتتى. بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇسسۇزلۇق سېتىۋېلىش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرۇشماقتا ئىدى. مەن قىزنى يىتتۈرۈپ قويدۇم، قىز مىغ ـ مىغ ئادەملەر ئىچىدە غايىب بولغانىدى. مەن يەنە شۇ زامان قايتىپ كىردىم ـ دە، تىياتىرخانىنىڭ ئىچى ـ تېشى، ھەر بىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقتىم. ئەمما قىزنى تاپالماي قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم. مەن روھسىز ھالدا ئورنۇمغا قاراپ كېتىۋاتقىنىمدا بىردىنلا قىزنىڭ بىر بۇلۇڭدا تاماشىبىنلارنىڭ ئورنىغا بويۇنداپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. قىز بىرەرنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ يىراقتىن مېنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، كۈلۈمسىرەپ قويدى، مەنمۇ جاۋابەن كۈلۈپ قويدۇم ۋە ئىتتىك مېڭىپ قىزغا يېقىنلاشتىم. ھە...دەل شۇ چاغدا قىزنىڭ ئانىسى ئورنىدىن

تۇرۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى، قىزنى كۆرۈپ يېنىغا كەلدى. ئامالسىز قالغان قىز «خوپ بولدى، تېزرەك ماڭغان بولسىڭىز بىرەر — ئىككى ئېغىز بولسىمۇ سۆزلىشىۋالاتتۇق ئەمەسمۇ» دېگەندەك ماڭا ئالىيىپ قويدى.

مەن لاسىدە بولۇپ ئورنۇمغا قايتىپ كەلدىم. بىر ئازدىن كېيىن قىزمۇ ئانىسى بىلەن بىللە ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېلىشتى. ئاخىرقى مەيدان ئويۇن ئاياغلىشىپ پەردە يېپىلدى. قىز يېنىمدا جىم ئولتۇراتتى، ئەمما ئۇ خىيالىمدا تولىمۇ روھلۇق ئىدى. مەن: «بىر ئازدىن كېيىن ئويۇن ئاياغلىشىدۇ، قىز ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە ئۆيىگە كېتىدۇ»، دەپ ئويلىدىم. مەن قىز توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەيتتىم، قىز بىلەن بىرەر ئېغىز گەپلىشىشكىمۇ مۇيەسسەر بولالمىدىم، قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالمىدىم. مۇبارەك ئىسمى — شەرىپىنىمۇ بىلمەيتتىم. قەيەردە ئولتۇرىدىغانلىقىدىنىمۇ خەۋىرىم يوق ئىدى. ئەمدى قىزنى قايتا كۆرەلمەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى. تىياتىرخانىدا بىردىنلا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭراپ كەتتى. تاماشىبىنلارنىڭ نېمىشقا بۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. ئاخىر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ يېنىمدا ئولتۇرغان قىزدىن پەس ئاۋازدا سورىدىم:

— كېيىن سىز بىلەن يەنە كۆرۈشكىلى بولارمۇ؟

قىز ماڭا قاراپمۇ قويماي كۆزىنى چىمىلدىتىپ بېشىنى بوشقىنا لىڭشىتىپ قويدى. بۇ چاغدا قىزنىڭ چېھرى قىزىرىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان تاڭ شەپىقىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى، تولغان كۆكسى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇراتتى. چىنىڭ، تىككىدە كۆكسى ھەر قېتىم كۆتۈرۈلگەندە ئۇچىسىدىكى يېشىل كۆڭلەكنى يىرتىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى، ئاخىر قىزنىڭ خالىي بىرىيەردە ئۇچرىشايلى دېگەن تەلىپىمنى رەت قىلمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. ۋۇجۇدىدىن ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇر-

غان قىز نازۇك تەن ھەرىكىتى بىلەن «بۇنىڭدىن كېيىن ئۇچرى-شىپ تۇرايلى» دېگەندەك ماڭا ئىما قىلدى.

شۇ چاغدا، قىزنىڭ دادىسى چىقىپ كەتسە، ئىككىمىز قانغۇچە پاراڭلىشىۋالساق، ئۇنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى بىر ئاڭلى-سام، ئاندىن بۇ تەڭداشسىز گۈزەلنى كىشىلەردىن، شاۋقۇن - سۈرەنگە تولغان دۇنيادىن يىراق جىمجىت خالىي بىر جايغا ئېلىپ كەتسەم نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلاپ كەتتىم. ھەي... قىزنىڭ دادىسى ماڭا «ئۆزۈڭنى بېسىۋالساڭ بولارمىكىن يىگىت، قىزىم تېخى يۈزى ئېچىلمىغان پاك قىز» دېگەندەك بىر ئەلپازدا بۇركۇتنىڭكىدەك سۈرلۈك، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

قىزنىڭ دادىسىنىڭ سۈرلۈك كۆزلىرىدىن شۈركۈنۈپ كەت-تىم ۋە ئۆزۈمنى رۇسلاپ، قولۇمنى ئورۇندۇقنىڭ مەن تەرەپ-تىكى تۇتقۇچىغا قويدۇم. قىزنىڭ دادىسىدا گۇمان پەيدا قىلىپ قويماي دەپ، ئەتەي ئوفتىسېرلار ئولتۇرغان لوژىغا قارىغان بولۇۋالدىم. كۆڭلۈمدە: «قىز بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋاقىتنى دېيىشىۋالسام بولاتتى» دەپ ئويلىدىم. مەن بېشىمنى بۇراپ قىزغا قاراي دەپ تۇراتتىم، قىزنىڭ ماۇقتەك يۇمشاق، ئاپئاق يۇتىسى يوتامغا تېگىپ كەتتى. ئارقىدىنلا چىرايلىق پۇتىنى پۇتۇم ئۈستىگە قويۇۋالدى ۋە كۈچەپ دەسسىدى. مەن قىزنىڭ بۇ قىلىقىدىن بەكلا سۆيۈنۈپ كەتتىم، تۇرۇپ سەل ھەيران بولدۇم. ئەمما، قىز كۆرۈنۈشتە پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئويۇن كۆرۈۋاتقاندەك قىياپەتتە ئولتۇراتتى، شوخلۇق بىلەن تەبەسسۇم قىلاتتى. مەن قىزغا ئۆتۈنۈش، ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىم بىلەن قارىدىم. ئەمما، قىز كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەنگەندەك، قاتتىق تولى-لىيى بىلەن پۇتۇمنى دەسسەپ تۇرىۋەردى. مەن پۇتۇمنىڭ ئاغرى-قىغا چىدىماي ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدىم. قىزدا ھەققىي ھېسسىيات پەيدا بولغاندەك قىلىسمۇ، ئەمما يەنە سەل قوپاللىق

قىلىۋاتقاندەكمۇ كۆرۈنەتتى. بۇ چاغدا زادى چىدىغۇچىلىكىم قالماي، پۈتۈمنى قىزنىڭ قاتتىق دەسسەپ تۇرغان توپىلى ئاستىدىن تارتىۋالدىم. ئەمما قىز چاققانلىق قىلىپ، بىر پۈتىنى ئىككى پۈتۈمنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىقىۋالدى. كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، ئۇنىڭ بۇنداق چوڭ يۈرەكلىك قىلغىنىغا زادى قارشىلىق قىلمىدىم. ئۇنىڭ تولۇق كەلگەن ئاپئاق يوتىسىدىن بىر خىل ئوتلۇق ھارارەت تاراپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئوت ئېلىپ يېنىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەپقالغانىدىم. دېمىسىمۇ بىر خىل ئاجايىپ خۇشلۇق ئىچىدە ئىچ - ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كېتىۋاتاتتىم. لېكىن، ئەتراپىمدىكى بەزى تاماشىبىنلار نەزىرىنى بىزگە ئاغدۇردى. ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىن بىر خىل ئەجەبلىنىش، ھەسەت قىلىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

قىزنىڭ مۇھەببەت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن يېقىملىق تەبەسسۇمى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئۇنىڭ سەبىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى كۆڭۈل ئارزۇسىنى ئىزھار قىلىپ تۇراتتى. مەن قىزنىڭ پاك قەلب قەسىرىدىن، شەھلا كۆزلىرىدىن شېرىن مۇھەببەت قىيامى بىلەن تويۇنغان سۆيگۈ داستانىنى، كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان گۈزەل ھېكايىنى ۋە ئېسىل لىرىكىنى ئوقۇغاندەك بولدۇم. سۆيگۈ ساباسى قىزنىڭ گۈزەل قەلبىدە يېڭى بىر سەھىپە ئاچقانلىقىنى بىلدىم، سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى ئەمدىلەتىن چۈشىنىۋاتقان بۇ قىزنىڭ يۈرىكىگە تۈنجى قېتىم ئىشلىق ئوتى تۇتاشقان، ئۇ سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ تەڭداشسىز سېھرىي كۈچىدىن لەرزىگە چۈمگەن، قايناق ھېسسىيات قەلبىدە مەۋج ئۇرۇپ، خۇشاللىقتىن ئىچىگە سىغماي قالغانىدى.

قىز «ئۇچرىشىدىغان ۋاقتىنى قانداق بېكىتىمىز؟» دەۋاتقاندەك ماڭا قىيا باقتى، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپ ئىدى. بىز يۈرەك سۆزلىرىمىزنى قانداق ئىزھار قىلىمىز؟

ئاخىر كۆزلىرىمىز ئارقىلىق سۆزلەشتۇق، ئەمما كۆڭلىمىزنىڭ بىر يەرلىرى يېرىم ئىدى.

مەن يانچۇقۇمدىن قەغەز ئېلىپ ئادرېسىم بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋاقىتنى يازدىم. مۇبادا قىز كېلەلمەي قالسا خەت ئارقىلىق بولسىمۇ ئالاقىلىشىپ تۇرغىلى بولار، دەپ ئويلىدىم. خەتنى قىزغا شۇنداق بەرگۇم كەلدىيۇ، قىزنىڭ دادىسىنىڭ مۇدھىش يېغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن قورقۇپ خەتنى ئىتتىك يانچۇقۇمغا سالدىم ـ دە، ئىچىمدە «ئاھ خۇدا، مۇراد ـ مەقسىتىمگە يەتكۈزگەيسەن» دەپ نىدا قىلدىم.

ئويۇن ئاخىرلىشاي دەپ قالدى، مېنى يەنە غەم باستى. ئويۇن ئاخىرلاشسا، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا بەختىم بىلەن خۇشاللىقىممۇ يوققا چىقاتتى. ھەر قېتىم قىزغا قارىساملا يۈرەك ـ باغرىمنى بىرى سۇغۇرۇپ ئېلىۋالغاندەك ئىچ ـ ئىچىمدىن ئازابلىنىپ كېتەتتىم. چۈنكى بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن قىزدىن ئايرىلىمەن، ئىككىنچىلەپ ئۇنى كۆرۈشكە پۇرسەت يوق ـ دە. شۇنداقتىمۇ ئۆمرۈمدىكى بۇ تۇنجى بەختلىك ئاخشام مېنىڭ بەختىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى بولالمايدىغۇ، دەيدىغان ئازراق ئۈمىد مېنى روھلاندۇرۇپ تۇراتتى.

ئويۇن ئاخىرلاشتى. بىز ئورۇنلىرىمىزدىن تۇرۇپ تىياتىرخانىدىن چىقىش ئۈچۈن تەرەددۇتلاندۇق. مەن قىستاڭچىلىقتىن پايدىلىنىپ ھېلىقى خەتنى قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماقچى بولدۇم. ئەمما، قىزنىڭ ئاپىسى مەقسىتىمنى بىلىپ قالغاندەك تېزلا يېتىپ كېلىپ قىز بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمدا پوتەيدەك تۇرۇۋالدى. تىياتىرخانىدىن چىققۇچە ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭدى. مەن خەتنى قىزغا باشقىچە ئۇسۇل بىلەن بېرىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. بىراق، كىم ئويلىسۇن، ئۇلار تىياتىرخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا چىقىپ توختىدى. ھايال ئۆتمەي ھەشەمەتلىك بىر پىكاپ غىرىلداپ كەلگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختىدى.

دى. ئۇلار پىكاپقا چىقىپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. مەن پىكاپنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان قىزنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلىدىم. قىز قول پولاڭلىتىپ ماڭا ئىشارەت قىلدى، بۇنىڭدىن مەن قىزنىڭ پىكاپنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ئۆيىمىزنى كۆرۈۋېلىڭ دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندىم. شۇنداقتىمۇ سەل دېلىغۇل بولۇپ تۇرغان جايىمدىن قىمىرلىماي، قىز بىلەن ئۇچراشقان ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرغان مەنزىرىلەرنى خىيال ئېكرانىمدىن ئۆتكۈزدۈم. تۇرۇپ قىز بىلەن يەنە ئۇچراشسام ئىشىم ئوڭۇشلۇق بولارمۇ ياكى مېنى پالاكەت باسارمۇ؟ دەپ ئويلىنىپ قالدىم. ئاخىردا ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئۆزۈمنىڭ تەقدىر - پېشانەمدىن كۆرمەكچى بولدۇم: ئاچچىق ھەسرەت دەستىدىن پارە - پارە بولاي دەپ قالغان يۈرىكىمنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن تاكسى چاقىرىپ قىزنى قوغلىشىم، قىز بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇش ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما يەنە بۇنداق قىلسام ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايدىغانلىقىم كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى، چۈنكى ئىككىمىزنىڭ ئەھۋالى تۈپتىن ئوخشاشمايتتى. مېنىڭ دۆلىتىمنىڭ ئەھۋالى بىلەن قىزنىڭ دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشاشمايتتى. يەنە كېلىپ، ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزدىمۇ ئاسمان - زېمىن پەرق بار ئىدى، شۇڭا مەن قىز بىلەن مەڭگۈ سىرداش - مەسلەكداش بولالمايتتىم. مۇبادا بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ۋايىغا يېتىپ بىر - بىرىمىزگە كۆڭۈل بېرىشسەك، مەن ۋەتەننى تاشلاپ ئۇنىڭ بىلەن كېتىشىم ياكى ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي مەن بىلەن كېتىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندا مەن قىزنى بەختلىك قىلالايمەن دەپ ھۆددە قىلالمايتتىم. ئەمدى مەن سوغۇققانلىق بىلەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم، بۈگۈن ئاخشام يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشىم، يۈرىكىم سەكپارە بولغان ھالدا كېيىنكى ئۆمرۈمنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك ئىدى.

مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، تۇرغان جايىمدا قىمىر قىلماي ئاستا ــ ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتقان پىكاپقا قاراپ قالدىم ۋە يۈرىكىمنى قىز ئولتۇرغان پىكاپ بىلەن كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. لېكىن ئۆزۈمنى زادىلا باسالماي، ئاخىر كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر تاكسى توسۇپ چىقتىم ــ دە، شوپۇرغا: «نەچچە ئالسىڭىز ئېلىڭ، ئەڭ تېز سۈرئەتتە ھەيدەڭ» دېدىم. شوپۇر تاكسىنى ئۇچقاندەك ھەيدىدى. كوچىدا ماشىنىلار كۆپ بولغاچقا قىز ئولتۇرغان پىكاپنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدۇق. شۇنداق قىلىپ، بىز قارىغۇلارچە يول يۈردۇق. كۆزلىرىمىزنى يوغان ئېچىپ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەر بىر تاكسىغا دىققەت بىلەن قارىدۇق. ئەمما شۇنچە قىلغانلىرىمىز يەنىلا بىكار كەتتى. قىز ئولتۇرغان پىكاپ قاراڭغۇلۇق قوينىدا كۆزدىن غايىب بولغاندى. قىز ماڭا پەقەت ئىككىمىزنىڭ قىسقىغىنا ئۇچرىشىش جەريانىدىكى شېرىن ئەسلىمىلەرنىلا قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. ھەممە ئىش ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالدى. شېرىن خىياللار سوپۇن كۆپۈكىدەك يوققا چىقتى. ئارزۇ ــ ئۈمىد قەسىرلىرىم ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، قاتتىق ھەسرەتتە قالدىم. ھەممىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ ئۆيگە كېلىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم، قېرىشقاندەك كۆزۈمگە زادى ئۇيقۇ ئىلىنمىدى.

مەن شۇ ئاخشىمى قىز بىلەن ئۇچرىشىپ ئايرىلغاندىن كېيىن ۋۇجۇدۇمدا ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەندەك، كۆز ئالدىمدىكى ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېپ قالدىم. نەزىرىمدە ئىسكەندىرىيىدىكى ئويۇنخانىلار كىشىنىڭ ئىرادىسىنى يوقىتىدىغان، كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان، كىشىگە زىيان ــ زەخمەت يەتكۈزىدىغان ئىپلاس يەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئىلگىرى بىردەم ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدىغان دوست ــ بۇرادەرلىرىمدىن ئۆزۈمنى چەتكە تارتىشقا باشلىدىم.

ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ، تونۇش - بىلىشلىرىمنىڭ ئۆيىدىن كۆچۈپ چىقتىم. مۇبادا بىر خىل زور قۇدرەت مېنى سەپەر قىلىش نىيىتىمدىن تەزدۈرمىگەن بولسا، راستىنلا مىسىرنى تاشلاپ يىراقلارغا كەتكەن بولاتتىم. ئەمما، ئاشۇ گۈزەل قىزنى كۆرۈشكە كېچە - كۈندۈز ئىنتىزار بولۇۋاتقان كۆڭلۈم ئۇنداق قىلىشقا يول قويمىدى. مەن قىز بىلەن يەنە دىدارلىشىش نىيىدتىدە مىسىردا ئۇزاقراق تۇرماقچى بولدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانچە جاپا تارتساممۇ، ھېرىپ - چارچاپ ھالىمدىن كەتسەممۇ مىڭ مەرتە رازى ئىدىم. ئۆزۈمنىڭ بارلىقى ۋە ئەتراپىمدىكى جىمى نەرسە تامامەن ئاشۇ قىز ئۈچۈن دەپ ئويلىدىم. شۇنداق، ئۇ قىزنى دەپلا ئىسكەندىرىيىدە تۇرۇپ قالدىم. ئۆزۈمنى روھلۇق تۇتۇش، قىزنى ئاسان تېپىش ئۈچۈن ياخشى يەپ، ياخشى ئارام ئالدىم. قىزنى پىكاپ بىلەن، تراللىبۇس بىلەن ئىزدىدىم. قىزنى جەزمەن تاپالايمەنغۇ دېگەن ئىشەنچ بىلەن ئىسكەندىرىيە شەھىرىدىكى تىياتىرخانىلارنى، ئويۇنخانىلارنى ئالا قويماي ئىزدىدىم. قىزنى تاپالماي تىت - تىت بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردىمۇ: «مەن ئۇ قىزنى دەپلا ياشاۋاتىمەن، تاماق يەۋاتىمەن، ئارام ئېلىۋاتىمەن» دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم.

مەن كۈن بويى كوچا ئايلىنىپ يۈردۈم. كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە قاترىدىم، بۇ كوچىدىن ئۇ كوچىغا ئۆتتۈم. يېنىمدىن ئۆتكەن ھەر بىر قىزغا سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان قىزلارنى ئۇچراتسام، ھەتتا كىيىملىرىنىڭ رەڭگى ئوخشاپراق قالسىمۇ، شۇ قىزمۇ، ئەمەسمۇ دەپ ئارقىسىدىن خېلى بىر يەرلەرگىچە سوڭدىشىپ باردىم. يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكەن ماشىنا - پىكاپلارغا ئۇ قىز بارمۇ، يوق دەپ دىققەت بىلەن قارىدىم. ھەر بىر پىشايۋان، دېرىزىلەرگە ئۇ قىز بولۇپ قالمىسۇن يەنە دېگەن بىر خىل ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ باقتىم. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىم مېنىڭ رو-

ھېنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك كۈن بويى تەشۋىش ئىچىدە ھەممە يەردە سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىكىمنى كۆرۈپ، ئىچى ئاغرىپ مېنى ئەيىبلىشىپ كەتتى. ئاخىر چىدىماي ئۇلاردىنمۇ ئۆزۈمنى تارتتىم. دىلدارىمنى ئىزدەيدىغان ئىشقا دەخلى يەتمە-سۇن دەپ ئۇلار بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان چاغلىرىمدا ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە جاۋاب بەرمىدىم، ھەتتا ئۇلار بىلەن بىر مىنۇتمۇ بىللە بولۇشنى خالىمايدىغان بوپقالدىم.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋەردى، ئاخىر چىدىماي بىر كۈنى بۇ ئىشنى يېقىن دوستۇمغا ئېيتتىم. ئۇنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى بولغاي، مەن ساڭا ياردەم قىلاي، دېدى. مەن قىزنىڭ رەڭگىرو-يىنى، يۈرۈش - تۇرۇشىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇ قىزنى بىللە ئىزدىمەكچى بولۇپ كوچىغا چىقتۇق. مەن بۇياقتىن، دوستۇم ئۇياقتىن ئىزدىدى. ئۇ مەن سۆرەتلەپ بەرگەن قىزغا ئوخشايدىغان قىزنى كۆرسىلا خۇشاللىقىنى باسال-ماي: «دەل شۇ قىز» دەپ مېنى چاقىراتتى، مەنمۇ ساراڭلار-دەك دوستۇم دېگەن تەرەپكە يۈگۈرۈيتتۇم ۋە قىزنىڭ ئارقىسى-دىن تېز قوغلاپ باراتتىم. ئەمما «ئۇ قىز» مەن ئىزدەۋاتقان قىز بولماي چىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز يەنە ئۇ قىزنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كېتەتتۇق.

بىر خىل ئازاب ئىچىدە كۈنلىرىمنى تەستە ئۆتكۈزدۈم، ئەمما قىزنىڭ ھېچقانداق ئىز - دېرىكىنى ئالالماي قاتتىق ھەس-رەت چەكتىم. ھالىمنى كۆرۈپ چىدىمىغان ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىم: «ئۇ قىزنى قارىغۇلارچە ئىزدەپ يۈرمە، دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىمەن دېسەڭ ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويىد-سەن، كېيىن ۋاي ئىسىت دېگەن بىلەن بىلەن ئورنىغا كەلمەي-دۇ» دەپ ماڭا كۆپ نەسىھەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمگە قايتىش نىيىتىگە كەلدىم. يولغا چىققان كۈنۈم بىر دوستۇم پىكاپى بىلەن مېنى پرىستانغا ئاپىرىپ قويدى. بىز مۇھەممەد

ئەلى مەيدانىدىن ئۆتمەكچى بولۇپ تۇراتتۇق، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ساقچى ئالدىمىزدىكى ماشىنىلارنى ئۆتۈۋالسۇن دەپ بىزگە توختاش بۇيرۇقى بەردى. ماشىنىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۈزۈلمەي ئۆتتى... تۇيۇقسىز، يۈرىكىم سوقۇشتىن توختىغاندەك، تومۇرلىرىمدا ئېقىۋاتقان قانلار قېتىشىپ قالغاندەك بولدى: مەن دىلدارىم ئولتۇرغان پىكاپىنىڭ ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالغانىدىم. كۆزلىرىمگە زادى ئىشەنگۈم كەلمەي قالدى. ئۇ پىكاپتا قامىتىنى رۇسلاپ ئولتۇراتتى. ھېلىھەم شۇنداق چىرايلىق، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئەمما، ئايدەك چىرايىدىن بىر خىل غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ھېلىقى ئويۇن كۆرگەن ئاخشىمى قىزنىڭ چېھرىدە بۇنداق ئالامەتلەردىن ئەسەر يوق ئىدى. قىز مېنى كۆرۈپلا، شامال سوققان ياپراقتەك تىترەپ كەتتى ـ دە، ئويماقتەك ئېغىزىنى ئېچىپ، شەھلا كۆزلىرى بىلەن ماڭا بىردەم تىكىلىپ قارىدى. كېيىن، بىرەر دەقىقىمۇ ئۆتمىگەن بولسا كېرەك، قىز ئولتۇرغان پىكاپ ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. شۇ چاغدا قاتناش ساقچىسى بىزگە مېڭىڭلار دەپ ئىجازەت بەردى. دوستۇم مېنىڭ ئۇ قىز بىلەن بولغان ئىشىمدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، پىكاپنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما بىز پىكاپنى ئايلاندۇرغان چاغدا قىزنىڭ پىكاپى ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ئاھ، شۇ تاپتا مەن ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كېتىۋاتاتتىم. كاللام قۇيقۇرۇق، يۈرىكىم قىز بىلەن بىللە كەتكەنىدى.

دوستۇم چىرايىمنىڭ ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆيۈنگەن ھالدا سورىدى:

— ساڭا نېمە بولدى؟ بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارايمۇ؟!

ئەمما مەن ئاچچىق كۈلۈپ قويغىنىمچە ئازاب ۋە ھەسرىتىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ دوستۇمغا:

— بولدى، دوختۇرغا بېرىش ھاجەتسىز، پىرىستانغا ھەي - دەۋەر، — دېدىم.

ئاللا تىلىكىمنى ئىجاۋەت قىلىپ ئېزىتقۇ مەنزىرىلەر ئىچىدە ئۇ قىزنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل چىھرىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكە نېسىپ قىلدى، ئەمما ئۇنىڭ رىزقىنى باشقا بىر ئەرگە قوشۇۋەتكەنىدى. ئاھ، ئەمدى قانداق قىلاي، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئىش ئىنسانىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇغۇ. ئازاب بىلەن ئاققان كۆز ياشلىرىم قەلب دەريالىرىمغا قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# توي كېچىسى

ماشىنا شەھەردىن چىقىپ بۇرجى بازىرىغا بارىدىغان داللىدا ئۇچقاندەك كېتىپ باراتتى. ماشىنىدا تويى بولغان قىز ئولتۇراتتى، ئۇ ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك چىرايلىق ئىدى. ماشىنىدىن ئايالالارنىڭ، بالىلارنىڭ خۇشال كۈلگەن ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ گۈزەل بىر ئاخشام ئىدى. غۇرقىراپ سوققان مەيىن شامال ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئاي تويى بولغان بۇ قىز بىلەن تەڭ خۇشال بولغاندەك بۇلۇتلار كەينىدىن نۇرلۇق جامالىنى كۆرسەتتى. خورما دەرەخلىرىمۇ مەيىن شامالدا زەينەپنىڭ تويىنى مۇبارەكلەۋاتقاندەك لەرزان ئىرغاڭشىپ تۇراتتى. پەقەت شوپۇر خېلىلىنىڭلا چىرايى تۇتۇلغان، كۆڭلى پەرىشان ئىدى. ئۇ توي تارتىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ خۇشاللىقى قىلچە تەسىر قىلمىغاندەك ماشىنىنىڭ رولىنى تۇتقىنچە ھەيكەلدەك ئالدىغا قاراپ قېتىپ قالغانىدى. ئۇ تەگسىز خىياللار قاينىمىغا غەرق بولغانىدى خىيال ئالىمىدە بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرىكى ئىشلار نامايان بولۇشقا باشلىدى ...

ئۇ چاغدا زەينەپ ئون ياشتا، خېلىل ئون ئىككى ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى زەينەپنىڭ ئائىلىسى بىلەن قوشنا ئولتۇراتتى. ئىككى ئائىلە تولىمۇ ئىناق ئۆتەتتى. ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپلا بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، ئاكا - سىڭىلدەك دوستلۇق مېھرى ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار چوڭ بولدى، ئەمما بالىلىق يىللىرىدىكى دوستلۇق رىشتى ئۇلارنى يەنىلا چىڭ باغلاپ تۇردى.

ئۇ ھەمىشە زەينەپنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇنىڭ ھالىغا يېتەت-
تى، ئۇنىڭغا پاسىبان بولاتتى. قايسى يىگىت نازۇك كۆڭلىنى
رەنجىتىپ قويار، قايسى يىگىت ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىۋې-
تەر، دەپ ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. ئۇ زەينەپنىڭ دىلى ئازراق
رەنجىپ قالسا مەن ئۇچۇن قاتتىق ئازاب دەپ بىلەتتى. ھەر
قېتىم زەينەپنىڭ خۇشال يۈرگەنلىكىنى كۆرسە كۆزلىرى شاد-
لىقتىن چاقناپ كېتەتتى؛ زەينەپنىڭ خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى
كۆرسە كۆڭلىنى غەم بېسىپ قاتتىق ئازابلىنىپ كېتەتتى. قىز-
نىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ قالسا ئۇمۇ تەڭ يىغلايتتى...

ئۈچ - تۆت يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ زەينەپكە بولغان ھېسسى-
ياتى بۆرۈنقىغا ئوخشىماي قالدى. ئۇ زەينەپ بىلەن تېخىمۇ
كۆپرەك ئارىلىشىشنى نىيەت قىلدى. خېلىل دائىم كۈندىن -
كۈنگە رەڭ تۈزەپ، تولۇپ كېلىۋاتقان زەينەپنىڭ كېلىشكەن
قەددى - قامىتىدىن ئۈزۈنغىچە كۆز ئۈزەلمەي قالىدىغان بوپقال-
دى. بويىغا يېتىپ قالغان زەينەپ چوڭ، ئارتىپ ئۆيدىن
چىقمايدىغان بولدى. شۇندىلا خېلىل ئۆزىدىكى بىر خىل غەلىتە
ھېسسىياتنى يوشۇرالمىدى. ئۇ ئەمدى زەينەپنى كېچە - كۈندۈز
سېغىنىدىغان، ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن كۆيىدىغان بوپقالغانىدى.

ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ئارىلىقلاردا ئۇ-
نىڭ زەينەپنى كۆرۈشى تولىمۇ تەسكە چۈشتى. ئۇلار پەقەت بىرلا
قېتىم قىسقىغىنا دىدارلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭ
بىلەن خېلىلنىڭ يۈرىكىدە ئىشىق ئوتى تېخىمۇ ياندى. زەينەپ
پەقەت ئۇنى دەپلا ياشايدىغانلىقىغا، خېلىلمۇ زەينەپنىڭ ئۆزىگىلا
تەئەللۇق بولىدىغانلىقىغا قەسەم قىلىشتى...

ماشىنا «توكور» دىن ئۆتۈپ «بەلكور» تاغلىق رايونىغا
كىردى. ئۆتكەن ئىشلار خېلىلنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتمەكتە ئى-
دى. دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىر قىسىم
مال - مۈلۈك ۋە قەرز ھوقۇقى قالدى. ئۇ ئائىلىنىڭ ئىگىلىكى-

www.uyghurkitap.com

گە ۋارىسلىق قىلىپ چوڭ بىر ئىش تەۋرەتمەكچى بولدى. گۆ-زەل پىلانلارنى قۇرۇپ، پارلاق كەلگۈسىگە ئىنتىلدى. مەكتەپ-تىن ئايرىلىپ جەمئىيەت قوينىغا قەدەم قويدى.

ئەمما خېلىل ئۆزىنىڭ جاھاننىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىدىن خە-ۋەرسىز ئىكەنلىكىنى، تۇرمۇش تەجرىبىسى بىلەن كەسپىي بى-لىمىنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى تېزلا بىلىپ يەتتى. ئاشكارا رەقىبلەر، يوشۇرۇن دۈشمەنلەر ئالدىدا ئامالسىز قالدى. قەدەم-دە بىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، ئالداندى. سودىدا زىيان تارتىپ، ئۇزۇنغا بارماي قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

ئۇنىڭ كۆنى تېخىمۇ قىيىنلىششقا باشلىدى. ئائىلىسى ۋەيران بولۇش گىردابىغا يەتتى. بۇرۇنقى دوست ـ بۇرادەرلىرى-مۇ ئۇنى ئىزدەپ كەلمەيدىغان بولدى. ئاخىر خېلىل مەدىكارلىق قىلىپ كۈن ئېلىشقا باشلىدى. قورساق بېقىش ئۈچۈن ئۈچ ـ تۆت تەڭگىنى دەپ ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆلگۈدەك ئىشلەپ يۈردى...

خېلىل ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ يۈرىكىنى يارا قىلىشنى خالىمايتتى. ئەمدى كۆڭۈل يارام ساقايدى، دەپ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى مۇھەببىتىنى ئۇنتۇپ كەتكەندى. لېكىن، ئۆتكەن ئىشلار يەنە ئېسىگە كېلىپ زادىلا ئارامىغا قويمىدى. كۆڭۈل يارىسى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن: «ئاھ خۇدا، ئۆزۈڭ رەھىم قىلغايسەن!» دەپ نىدا قىلدى.

خېلىل باياشاد ياشىغان كۈنلىرىدە زەينەپكە كۆيۈپ ـ پى-شىپ يۈردى. بېشىغا كۈن چۈشكەن كۈنلەردىمۇ زەينەپنى زادى ئېسىدىن چىقارمىدى. ۋاقتى بولسىلا زەينەپ بىلەن خىيالەن مۇڭدىشىپ يۈردى. زەينەپنىڭ ئىسمىنى چىرايلىق بىر قونچاققا يېزىپ قويدى. ئۇ كۈندە بۇ قونچاقنى قولىغا ئېلىپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈپ قارايتتى، ئىچ ـ ئىچىدىن ھەسرەت چېكىپ قونچاقنى سۆيۈپ كېتەتتى. ھەمىشە ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، ئال-

بومدىن زەينەپنىڭ سۈرىتىنى ئالاتتى ـ دە، قانماي قاراپ كې-تەتتى. سەمىمىي، تەسىرلىك گەپلەر بىلەن خىيالەن مۇڭدىشاتتى. ئاخىر ئېغىر خورسىنىپ زەينەپنىڭ سۈرىتىنى ئېھتىيات بىلەن ئالبومغا سېلىپ قوياتتى. ئۆزىنىڭ خىرە ئىستىقبالىدىن ئازراقمۇ ئۈمىد كۈتمەيتتى. ئەمما، يۈرىكىدە قەپقالغان مۇھەببەتنىڭ ئاداققى هارارىتى ئۇنىڭ ھەسرەتتە قىينىلىپ يۈرگەن ۋۇجۇدىغا ئاراملىق بېغىشلايتتى.

زەينەپنىڭ دادىسى باي بولغاچقا، شەھەردە بىر دۇكان ئاچقانىدى. خېلىل زەينەپنىڭ دادىسى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ قالدى. ئەمما، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بايلىق بىلەن كەمبەغەللىك پەرقى كۈنسايىن چوڭىيىشقا باشلىدى، ئاخىر چوڭقۇر هاڭ پەيدا قىلدى. ئىككى ئائىلىنىڭ دوستلۇقىمۇ بۇزۇلدى. زەينەپنىڭ دادىسى خېلىلدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاشتى، ئۇنىڭ ئىشى بىلەن كارى بولمىدى.

خېلىل رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا زەينەپكە بولغان مۇھەببىتىگە خاتىمە بەرمەكچى بولدى. ئامالسىزلىقتىن پەيدا بولغان بۇ خىيال ئۇنىڭ يۈرىكىنى خۇددى خەنجەردەك تىلغاپ ئازابلىدى. ئۇ زەينەپنى، زەينەپ بىلەن بولغان دوستلۇقنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۇچۇن ھەرقانچە قىلسىمۇ، بۇ ئوماق، چىرايلىق قىزنىڭ گۈزەل سىماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادى كەتمىدى. ئىختىيارسىز سېغىنىش ئوتىدا پۇچىلاندى. راستىنى ئېيتقاندا، خېلىل بۇرۇنلا زەينەپكە ئاشىق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ يارىلىپ قالغىنى ئۇچۇنلا چىشلەپ كۈنلىرىنى تەستە ئۆتكۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ھاياتقا زەررىچە بولسىمۇ ئۈمىد بىلەن قارايتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئامىتىم ئوڭدىن كېلىپ پۇل تاپسام دۇكان ئاچىمەن، ئاندىن زەينەپكە لايىق بولۇپ بارىمەن دەپ كۆڭلىگە پۈكتى.

ئەمما، تەقدىر ئۇنى رەھىمسىزلەرچە ئەخمەق قىلدى... شۇ تاپتا ئۇ تاكسى بىلەن تويى بولغان قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. تويى بولغان قىز باشقا بىرى ئەمەس، دەل كېچە ـ كۈندۈز پىراقىدا كۆيۈپ يۈرگەن دىلرەباسى زەينەپ ئىدى. تەقدىرنىڭ قېرىشقاندەك ئۇنى زەينەپنى ئېلىپ بارىدىغان تاكسىنىڭ شوپۇرى قىلىپ قويغانلىقىغا قارىمامدىغان؟ ! ئاھ، نېمىدېگەن بەختسىزلىك بۇ!

ئۆتكەن ئىشلار گويا چۈشكىلا ئوخشايتتى. خېلىلنىڭ خىيالى يەنە رېئاللىققا قايتىپ كەلدى. ئۇ زەينەپنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان چېغىدا ئۇنىڭ بىلەن بىر ماشىنىدا كېتىۋاتقىنىنى قىزىق. خېلىل بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، ئىختىيارسىز كابىنكىنىڭ ئەينىكىگە قارىدى ۋە ئەيـنـەكتىن زەينەپنىڭ ئەكسىنى كۆردى ...

ئاھ، زەينەپ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ ھېلىقى سەبىي زەينەپ ئەمەس، ئادەمنىڭ يۈرىكىگە ئوت سالىدىغان شۇنداق چىرايلىق بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بەللىرى، خۇش پىچىم قامىتى، يۇمران ئەتلىرى، قوڭۇر كۆزلىرى ئادەمنى مەھلىيا قىلاتتى. پىچاق بىسىدەك ئېقىپ چۈشكەن بۇرنى تولىمۇ چىرايلىق ئىدى ...

زەينەپ قانداقتۇر بىر خىل قۇدرەتنىڭ دالالىتى بىلەن شوپۇرنىڭ ئالدىدىكى ئەينەككە قارىدى. ئەينەكتە زەينەپنىڭ كۆزى شوپۇرنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. زەينەپ ئۇنى تونۇغاندەك بولۇپ بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى ... خېلىل زەينەپنىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەرنى ئېنىق كۆردى ...

زەينەپنىڭ چىرايى بىردىنلا تامدەك تاتىرىپ كەتتى ۋە ھارغىن ھالدا قىز قولدىشىغا يۆلەندى. زەينەپ ئەينەككە يەنە قاراپ، خېلىلنىڭ ھەسرەت ئۇچقۇنداپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆردى. شۇ تاپتا خېلىلنىڭ كۆزلىرى يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار

قىلىۋاتاتتى. زەينەپ ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلەۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ زەينەپ بىلەن قىلىشقان ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئۇ زەينەپنىڭ كۆزىدىن: مېنىڭ سەۋەنلىكىمنى كەچۈرگىن. رەزىل سودىگەر دادامنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن مۇشۇنداق ناتىۋان هالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى ئەپۇ قىلغىن، دەۋاتقاندەك بىر خىل ئۆتۈنۈشنى كۆرگەندەك بولدى. ئارقىدىنلا بەختسىز خېلىلنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى.

خېلىل يەنە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدى. ئۇ يەنە بىر سائەتتىن كېيىن زەينەپنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىنى، باشقا بىر ئادەمنىڭ قولىغا، ئۆزىدىن باي بىر ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. زەينەپ توي قىلىدىغان ئېرىنى زادى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ يىگىت تەلەتى سەت بىر بوۋاي بولۇشى ياكى تاپتىن چىققان ئەخلاقسىز بىر نەرسە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مۇبادا ئۇ شۇنداق ئەر بىلەن بىللە ياشاپ قالسا خۇدانىڭ ئۇرغىنى شۇ ئىدى.

خېلىل زەينەپنى ئۆزۈن يىل كۈتتى، زەينەپ ئۈچۈن كۆپ جەبىر چەكتى. هازىرچۇ؟ هازىر زەينەپ توي قىلدى. ئەمدى بۇ جاهاندا خېلىل قىيالمىغۇدەك نېمە قالدى؟ ئۇ دىلدارىنى ئازاب ئىلكىدە كۈتكەن ۋە دىلدارى ئۈچۈن هەممىگە تەييار ئەمەسمىدى، ئاھ، نېمىدېگەن تەتۈر پەلەك بۇ! زەينەپنىڭ يات بىرىگە ياتلىق بولۇپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان! خېلىلنى هاياتقا ئۇندەپ تۇرغان زەررىچە ئۈمىد ئۈچقۇنىمۇ ئۆچتى. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئازاب، هەسرەت چەكمەكتىن ئۆزگە نېمە قالدى؟!

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەينەككە قاراپ، زەينەپنىڭ خۇددى ئۇنىڭ كاللىسىدىكى خىياللىرىنى بىلىۋالغاندەك ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ زەينەپنىڭ كۆزىدىن چىن مۇهەببىتىنى، بالىلىق چاغلىرىدا چاقنىغان چىن سۆيگۈ ـ مۇ-

ھەببەت ئۇچقۇنلىرىنى كۆردى. زەينەپ ئۇنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنتۇغىنى يوق! ئۆز ئاشىقىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمىگەن زەينەپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. شۇ تاپتا، خېلىل زەينەپتىنمۇ بەكرەك ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ تەقدىرى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى.

«شۇ تاپتا، ۋىسالىغا يېتەلمىگەن دىلدارىم — زەينەپ مېنىڭ ماشىنامدا، ئۇنىڭ تەقدىرىمۇ مېنىڭ قولۇمدا.» شۇ خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن خېلىلنىڭ كاللىسىدا قورقۇنچلۇق بىر خىيال پەيدا بولدى. ئارقىدىنلا كۆزلىرى غەلىتە، قورقۇنچلۇق ياندى. زەينەپ خېلىلنىڭ قورقۇنچلۇق يېنىۋاتقان كۆزىنى كۆرۈپلا ۋارقىراپ تاشلىدى ...

تۇتاش كەتكەن بېكور تېغى ئۈستىدە كېتىۋاتقان ماشىنا يۈگەنسىز ئاتتەك تېز سۈرئەتتە كېتىۋېتىپ، بىردىنلا تاشيولدىن چەتكە قايرىلدى - دە، تىك قىياغا چۈشۈپ كەتتى ...

شۇ كۈنى ئاخشىمى خېلىل، زەينەپ ۋە ماشىنىدىكى ھەمراھلىرىنىڭ جەسىتى قىزنى كۈتۈپ كۆزى تېشىلەي دەپ قالغان يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىلدى.

# ئۇچرىشىش

## ئى · س · تۇرگېنېۋ (رۇسىيە)

مۇساجان ئەزىزى تەرجىمىسى

كۈز، 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. مەن ئاق قېيىن ئورمىنى ئىچىدە ئولتۇراتتىم. تاڭ سۈزۈلگەندىن تارتىپ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۇششاق يامغۇر يېغىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئارىلىقتا بىرە ـ بىرە ئىللىق قۇياش نۇرىمۇ چۈشۈپ قالاتتى. بۇ، ھاۋا ھېلىدىن ـ ھېلى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان چاغلار ئىدى. ھېلى ئاسماننى ئاپئاق ماموق بۇلۇتلار قاپلىسا، ھېلى بۇلۇتلار بىر نەچچە يېرىدىن بىردىنلا تارىلاتتى ـ دە، تەرەپ ـ تەرەپكە سۈرۈلگەن بۇلۇتلار ئارىسىدىن خۇددى غۇبارسىز، يېقىملىق، گۈزەل كۆزلەردەك كۆكۈچ ئاسمان ئېچىلاتتى. مەن ئەتراپىمغا كۆز تىكىپ، قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتىم. باش ئۈستۈمدە يوپۇرماقلار بوشقىنا شاۋقۇن سالاتتى. يوپۇرماقلارنىڭ ئاشۇ شاۋقۇنىدىنلا شۇ تاپتا قايسى پەسىلنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. مەيىن شامال دەرەخلەرنىڭ ئۇچىنى ئاستا سۈيۈپ ئۆتتى. تۇرۇپ كۈن چىقىپ، تۇرۇپ ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ كەتكەچكە، يامغۇر سۈيىدە نەملەشكەن ئورماننىڭ ئىچى ھېلىدىن ـ ھېلىئۆزگىرىپ تۇراتتى. گاھىدا كۈن نۇرى چۈشەتتى ـ دە، ئورماندىكى ھەممە نېمە شۇئان گويا كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى. شالاڭراق ئۆسكەن ئاق قېيىنلارنىڭ ئىنچىكە غوللىرى بىردىنلا ئاق تاۋارغا پۈركىنىۋالغاندەك سولغۇن نۇر چېچىپ پارقىرايتتى.

يەرگە تۆكۈلگەن ئۈششاق يوپۇرماقلار ئۈشتۈمتۈت ئالىيشىل تۈسكە كىرىپ قالاتتى ـ دە، بىردەمدە يەنە ئالتۇندەك تاۋلىناتتى. ئېگىز ۋە بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن قىرىق قولاقلارنىڭ كۆز ئايلىرىدا مەي باغلاپ پىشقان ئۈزۈم رەڭگىگە كىرگەن چىرايلىق شاخلىرى ئالدىڭىزدا ھېلىدىن ـ ھېلىگىرەلىشىپ توغرىسىغا تۇرۇۋالاتتى. گاھىدا ئەتراپتىكى ھەممە نېمە بىر پەستىلا بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆكۈچ رەڭگە كىرەتتى. يارقىن بوياقلار ھەش ـ پەش دېگۈچە غايىب بولۇپ، ئاق قېيىنلار خۇددى قىشتىكى قۇياشنىڭ سوغۇق نۇرى چۈشمىگەن يېڭى قار-دەك ئاپئاق ئاقىرىپ تۇرسىمۇ زادىلا پارقىرىمايتتى. بىردەمدىلا ئورماندا ئۈششاق يامغۇر كىشى سەزمىگۈدەك ئاستا شارقىراپ يەنە يېغىشقا باشلايتتى. ئاق قېيىنلارنىڭ يوپۇرماقلىرى خېلىلا ئۆڭگەن كەتكىنىگە قارىماي، يەنىلا يېشىل دېگۈدەك ئىدى. زۇمرەتتەك سۇزۇك يامغۇر سۈيى تېخى يېڭىلا يۇيۇپ ئۆتكەن ئىنچىكە شاخلارنىڭ ئارا ـ ئارىسىدىن بىردىنلا قۇياش نۇرى ئۆتكەندە ياش قېيىن دەرەخلىرى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ، تېخى-مۇ كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك گۈزەل تۈسكە كىرەتتى. ئورماندا بىرەر قۇشنىڭمۇ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلانمايتتى: ئۇلارنىڭ ھەم-مىسى دالدا جايلارغا كىرىۋېلىپ جىمىقىپ كېتىشكەنىدى، پە-قەت تاغ قۇشقاچىنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىگە ئوخشاپراق كېتى-دىغان بىرە ـ بىرە سايرىشى مىس قوڭغۇراقتەك جاراڭلاپ قالاتتى. مەن بۇ ئاق قېيىن ئورمىنىغا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئىتىمنى ئەگەشتۈرۈپ، ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەن ئاق تېرەك ئور-مىنىدىن ئۆتكەنىدىم. راستىنى ئېيتسام، مەن بۇ دەرەخنى، ئۇنىڭ قىزغۇچ كەلگەن غولىنىمۇ، ئاسمانغا قاراپ بولۇشچە بوي سوزۇپ، خۇددى يەلپۈگۈچلەردەك كېرىلىپ توختىماي تىتـ-رەپ تۇرىدىغان كۆكۈچ يېشىل يوپۇرماقلىرىنىمۇ ئانچە ياقتۇ-رۇپ كەتمەيمەن. ماڭا بۇ دەرەخنىڭ شاخلىرىدا غەلىتە بىر

هالەتتە ئېسىلىپ تۇرىدىغان سوقىچاق يوپۇرماقلىرىنىڭ ھەمىشە تەۋرىنىپ تۇرۇشىمۇ ئانچە ياقمايدۇ. ئۇ پەقەت يازدا، بەزىبىر كەچكى پەيتلەردە، يەنە كېلىپ پاكار ـ پاكار چاتقاللارنىڭ ئارىسىدا يېگانە بوي تارتىپ ئۆسۈپ قالغان، بولۇپمۇ ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياشقا ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ، تۇۋىدىن تارتىپ تاكى ئۇچىغىچە ئوتقاشتەك قىپقىزىل تاۋلىنىپ، تىترەپ تۇرغان چاغلىرىدا ياكى ھاۋا ئوچۇق، لېكىن شامالىق كۈنلىرى كۆكۈچ ئاسمان بوشلۇقىدا پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن شاۋقۇن سېلىپ تۇرغان ھەربىر تال يوپۇرمىقى شاختىن ئاجراپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىشكە ئىنتىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان چاغلاردىلا يېقىملىق كۆرۈنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، مەن تېرەكلەرنى يەنىلا ياقتۇرمايمەن. شۇڭلاشقىمۇ، دەم ئېلىش ئۈچۈن ئاق تېرەك ئورمىنىدا توختىماي، ئۇدۇل ئاق قېيىن ئورمىنىغا كېلىپ، شاخلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ماڭا يامغۇردا دالدا بولالىغۇدەك بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىغا جايلاشتىم. ئەتراپنىڭ مەنزىرىسىنى بىر پەس تاماشا قىلغىنىمدىن كېيىن، ئۇۋچىلارغىلا تونۇش بولغان خاتىرجەم ۋە تىنچ ئۇيقۇغا كەتتىم.

قانچىلىك ئۇخلىدىمكىن، كۆزۈمنى ئاچسام، پۈتۈن ئورمان قۇياش نۇرىغا چۈمۈپ، شادىيانە شاۋقۇن سېلىۋاتقان يوپۇرماقلارنىڭ ئارا ـ ئارىلىرىدىن ئوچۇق كۆكۈچ ئاسمان پارلاپ تۇرۇپتۇ، دەممۇ دەم سوقۇپ تۇرغان شامال بۇلۇتلارنى تارقىتىپ ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ كېتىپتۇ. ھاۋانىڭ ئوچۇقلۇقى ۋە ئەتراپنى قاپلىغان ئالاھىدە قۇرغاق خۇش پۇراق كىشىنىڭ قەلبىنى جۇشقۇن ھېسسىياتقا تولدۇراتتى. بۇنداق ھالەت كۈندۈزكى ئاق يېغىندىن كېيىن، كېچىنىڭ ئوچۇق ۋە تىپتىنچ بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. تەلىيىمنى يەنە بىر سىناپ باقماقچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇرغىلىۋاتقىنىمدا، مىدىر ـ سىدىر قىلماي جىممىدە ئولتۇرغان بىر ئادەمگە كۆزۈم چۈشۈپ تۇرۇپلا قالدىم.

سەپسېلىپ قارىسام، ئۇ ياشقىنا دېھقان قىزى ئىكەن. ئۇ مېنىڭ-
دىن يىگىرمە قەدەمچە نېرىدا، ئىككى قولىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە
قويۇپ بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.
قىزنىڭ يېرىم ئوچۇق بىر قولىدا تولىمۇ زىچ تىزىلغان بىر
دەستە ياۋا گۈل تۇراتتى. قىز ھەر بىر تىنغاندا گۈل ئاز -
ئازدىن سېرىلىپ، قىزنىڭ چاقماق يوپكىسىنىڭ ئېتىكىگە چۈش-
مەكتە ئىدى. قىزنىڭ ياقىسى بىلەن يەڭلىرى تۈگمىلەنگەن
ئاپئاق كوپتىسىنىڭ بېقىنلىرىدا ئۈششاق پۈرۈكلەر ھاسىل بول-
غانىدى. بويىندىكى ئىككى تىزىق چوڭ - چوڭ سېرىق مارجان
كۆكرىكىگىچە چۈشۈپ تۇراتتى. بۇ قىز خېلىلا كېلىشكەن قىز
ئىدى، ئىككىگە ئايرىپ ئىجتىھات بىلەن تارالغان سارغۇچ بوز-
رەڭ قويۇق چاچلىرى پىل چىشىدەك ئاپئاق پېشانىسىگە چۈشۈ-
رۈپرەك چىگىلگەن تارغىنا قىزىل لېنتىسىنىڭ ئاستىدا يېرىم
دائىرە ھاسىل قىلىپ سىلىنىپ تۇراتتى. يۈزىنىڭ باشقا جايلى-
رى كۈندە كۆيگەنلىكتىن پەقەت تېرىسى يۇمران كىشىلەردىلا
ئۇچرايدىغان بىلىنەر - بىلىنمەس سېرىقلىق ئارىلاش قارامتۇل
تۈسكە كىرگەنىدى. قىز بېشىنى كۆتۈرمىگەچكە، مەن ئۇنىڭ
كۆزلىرىنى كۆرەلمىدىم. لېكىن ئۇنىڭ ئىنچىكە ئەگىم قاشلى-
رىنى، ئۇزۇن - ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرات-
تىم. بۇ كىرپىكلەر نەملەشكەنىدى. ئۇنىڭ بىر مەڭزىنى بويلاپ
ئېقىپ، سەل - پەل تاتارغان لەۋلىرىگە يېقىن بېرىپ توختاپ،
ئەمدى قۇرۇپ كەتكەن ياشنىڭ ئىزى كۈن نۇرىدا پارقىراپ
تۇراتتى. قىزنىڭ كىچىكرەك كەلگەن چىرايلىق بېشى ئۆزىگە
تولىمۇ ياراشقانىدى. ھەتتا سەل گۆشلۈكرەك كەلگەن يۇمۇلاق
بۇرنىمۇ ئۇنىڭ جامالىغا ھېچقانداق نۇقسان كەلتۈرمەيتتى. ماڭا
قىزنىڭ چىرايى ھەممىدىن بەكرەك ياقتى. ئۇنىڭ چىرايى شۇ
قەدەر مۇلايىم، شۇ قەدەر غەمكىن، شۇنداقلا ئۆز دەردىنى چۈ-
شىنىپ كېتەلمەيدىغان گۆدەكلەرگە خاس گۇمان بىلەن تولغان-

دى. ئۇ بىرەر كىشىنى ساقلاپ ئولتۇرغاندەك قىلاتتى. ئورماندا
نېمىدۇر بىر نېمە بوشقىنا شىلدىرلىۋىدى، قىز ئىتتىك بېشىنى
كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. ئەنە شۇ چاغدا مەن سۇپسۇزۇك ساي-
لەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭ خۇددى كىيىكنىڭ كۆزلىرىدەك قور-
قۇش ئارىلاش تەلمۈرۈپ تۇرغان چوڭ - چوڭ كۆزلىرىنى
غىل - پال كۆرۈپ قالدىم. قىز ھېلىقى بوشقىنا ئاۋاز چىققان
جايغا تىكىلىپ بىر پەس قۇلاق سالدى. كېيىن ئېغىر خورسى-
نىپ ئاستا بۇرۇلدى - دە، بېشىنى بايامقىدىنمۇ بەكرەك تۆۋەن
سېلىپ، ئالدىدىكى گۈللەرنى رەتلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز-
لىرى قىزىرىپ، ئەلەمدىن لەۋلىرى تىترىدى، قويۇق كىرپىك-
لىرىنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ چىققان يەنە بىر تامچە ياش مەڭزىگە
كېلىپ توختاپ ۋاللىداپ پارقىراشقا باشلىدى. ئەنە شۇنداق
ھالەتتە ئارىدىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى. بىچارە قىز قىمىر
قىلماستىن، ئاندا - ساندا قوللىرىنى غەمكىن بىر ھالەتتى-
مىدىرلىتىپ قويۇپ، ئەتراپقا قۇلاق سالغىنىچە
ئولتۇرۇۋەردى ... ئورماندىن يەنە نېمىنىڭدۇر ئاۋازى كېلىۋى-
دى، قىز چۆچۈپ كەتتى. ئاۋاز ئۇزۇلمىدى، بەلكى بارغانسېرى
يېقىنلىشىپ، بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلىنىپ، ئاخىر كىمنىڭدۇر
مەزمۇت ۋە ئىتتىك باسقان قەدەملىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا
باشلىدى. قىز قەددىنى رۇسلىدى، لېكىن قورۇنغاندەك قىلىپ
قالدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىكى جانلىنىش ۋە تەشنالىق بىلەن
كۈتۈشنىڭ ئالامەتلىرى مانا ئەمدى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

قويۇق ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن ئىتتىك مېڭىپ كېلى-
ۋاتقان بىر ئەر كىشىنىڭ قارىسى غىل - پال كۆرۈندى. قىز
سەپسېلىپ قاراپ بىردىنلا قىزاردى، خۇش بولۇپ ۋە بەختكە
چۆمۈپ كۈلۈمسىرىدى. ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ، شۇئان
يەنە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە تاتىرىپ، ئارامسىزلىنىپ، ھېلىقى
كىشى يېنىغا كېلىپ توختىغاندىلا، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ،

قورۇنغاندەك، ھەتتا يىلىنغاندەك بىر نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا قارا-
دى.
مەن دالدىدا ئولتۇرۇپ كەلگەن ئادەمنى قىزىقىش بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدىم. راستىنى ئېيتسام، ئۇ مېنىڭدە ياخشى تەسىرات قالدۇرمىدى. ھەر جەھەتتىن قارىغاندا بۇ ئادەم بىرەر دۆلەتمەن ياش پومېشچىكنىڭ ئەركە مۇلازىمىدەك قىلاتتى. ئۈ-چىسىدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن ياسىنىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغان ياسانچۇق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۈچىسىغا كۆكۈچ كالتە چاپان كىيىپ — بۇ چاپاننى ئۇنىڭغا خوجايىنى بەرگەن بولسا كېرەك، — چاپىنىنىڭ ئالدىنى تاكى يۇقىرىسىد-غىچە تۈگمىلىگەنىدى. بوينىغا ئىككى ئۇچى ئاچ بىنەپشەرەڭ كەلگەن ھال رەڭ گالستۇك تاقىۋالغان، بېشىدىكى زەر جىيەك-لىك قارا دۇخاۋا شەپكىسىنى قاشلىرىغىچە چۆكۈرۈپ كىيگەنى-دى. ئاپئاق كۆڭلىكىنىڭ يۇمۇلاق ياقىسى قاتتىقلىقىدىن قۇلاق-لىرىنى تىرەپ، مەڭزىنى تىلىپ تۇراتتى. كراخماللانغان يەڭلى-رى تاكى يېشىل تاشتىن كۆز ئورنىتىلغان ئالتۇن، كۈمۈش ئۈزۈكلەر بىلەن زىننەتلەنگەن قىڭغىر ـ قىيسىق بارماقلىرىغىچە چۈشۈپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يېپىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرىدىغان قىپقىزىل يۈزى، مېنىڭ بايقىشىمچە كۆپ ھاللاردا ئەركەكلەرنىڭ غىدىقىغا تېگىدىغان، لېكىن ئايال-لار بەكرەك ياقتۇرىدىغان ئاشۇ خىلدىكى يۈزلەردىن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قوپال چىرايىغا مەنسىتمەسلىك ۋە زېرىككەنلىكنى ئىپادى-لەيدىغان بىر خىل قىياپەت بېرىشكە تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەسلىدىلا كىچىككىنە كۆكۈچ رەڭ كۆزلىرىنى ھېلىدىن ـ ھېلى قىسىپ قاپاقلىرىنى تۈرەتتى. بىر جاۋغىيىنى قىيسايتىپ زور-مۇزور ئەسنەيتتى. تۈرۈپ پاخپايتىپ بۇدۇرلەنگەن چېكە چاچلى-رىنى قوللىرى بىلەن پەرۋاسىز بىر ھالەتتە تاراشتۇرسا، تۈرۈپ تومپىيىپ چىقىپ تۇرغان يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئۈستىدىكى

سېرىق تۈكلەرنى يۇلاتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ سىپايىگەرلىكى كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ ئۆزىنى كۇتۇپ تۇرغان ھېلىقى دېھقان قىزنى كۆرۈپ سىپايىگەرلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئاستا ئالچاڭلاپ مېڭىپ قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىردەم تۇردى. مۇرىلىرىنى قىسىپ قويۇپ ئىككى قولىنى چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سالدى. ئارقىدىن بىچارە قىزغا سوغۇقلۇق بىلەن باشتىن ئاياغ قاراپ قويۇپ ئولتۇردى.

— ساقلاپ تۇرغىنىڭغا خېلى بولدىمۇ؟ — دېدى ئۇ باشقا ياققا قاراپ ئەسنەپ تۇرۇپ.

قىز دەرھاللا جاۋاب بېرەلمىدى.

— خېلى بولدى، ۋىكتور ئالېكساندىرۋىچ، — دېدى قىز ئاخىر ئاران ئاڭلانغۇدەك پەس ئاۋاز بىلەن.

— ھە! — ئۇ شەپكىسىنى ئېلىپ، قاشلىرىنىڭ يېنىدىنلا دېگۈدەك باشلىنىدىغان قويۇق بۇدۇر چاچلىرىنى كۆرەڭلىك بىلەن سىلاپ قويدى. ئەتراپىغا مەغرۇرانە قاراپ قويۇپ، شەپكىسىنى ئەتىۋارلىق بېشىغا ئاۋايلاپ كىيدى، — مەن ھەتتا ئۇنتۇپ قالغىلى قىل قاپتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مانا قارا، يامغۇر! — ئۇ يەنە بىر قېتىم ئەسنىدى، — ئىش دېگەن چاچتىن تولا، ھەممىسىگە يېتىشىپ كېتەلمىگەن كىشى، خوجايىنىنىڭ تىللىشىچۇ تېخى. بىز ئەتە يولغا چىقىمىز...

— ئەتە؟ — دېدى قىز چۆچۈش نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ.

— ئەتە... ئا — ھا. بولدى ئەمدى، — دېدى ئۇ قىزنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن تىترەپ، بېشىنى سەل - پەل تۆۋەن سالغىنىنى كۆرۈپ كەيپى ئۇچقان ھالدا، — ئاكوۋلىنا، بولدى، يىغلىما، ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، مېنىڭ يىغىنى ياراتمايدىغانلىقىمنى، — ئۇ يوغان بۇرنىنى پۈرۈشتۈردى، — بولمىسا مەن ھازىرلا كېتىمەن... يىغلىغۇدەك نېمە بار، ئەخمەق!

— ماقۇل، يىغلىماي، يىغلىماي، — دېدى ئاكۇلىنا دەرھاللا كۆز يېشىنى ئېتەكگە يۇتۇشقا تىرىشىپ، — شۇنداق قىلىپ سىز ئەتە يولغا چىقىدىغانسىز - دە، — قىز بىر پەس جىمىپ كېتىپ، ئاندىن، — سىزنى يەنە كۆرگىلى خۇدايىم قاچان نېسىپ قىلار. ۋىكتور ئالېكساندىروۋىچ؟ — دەپ سورىدى بوش ئاۋازدا.

— بىز يەنە كۆرۈشىمىز، كۆرۈشىمىز، كېلەر يىلى كۆرۈشەلمىسەك يەنە بىر يىلى كۆرۈشىمىز. بىزنىڭ خوجايىنغۇ پېتېربۇرگتا خىزمەت قىلىپ قالىدىغانمۇ ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن دىمىغىدا سۆزلەپ، — بىز چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشىمىزمۇ مۇمكىن.

— سىز مېنى ئۇنتۇپ كېتىسىزغۇ ھەقىچان، ۋىكتور ئالېكساندىروۋىچ، — دېدى ئاكۇلىنا ھەسرەت بىلەن.

— ياقەي، نېمىشقا ئۇنتۇغىدەكمەن؟ ئۇنتۇمايمەن. بىراق، ئەقىللىقراق بول، تەنتەكلىك قىلما. داداڭنىڭ گېپىگە كىر... مەنغۇ سېنى ئۇنتۇمايمەن. راست، ئۇنتۇمايمەن، — ئۇ راھەتلىنىپ بىر كېرىلىۋېلىپ، يەنە ئەسنىدى.

— مېنى ئۇنتۇماڭ، ۋىكتور ئالېكساندىروۋىچ، — دېدى قىز يالۋۇرۇش تەلەپپۇزىدا، — سىزنى جېنىمدەك ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن ھەممىنى سىزنى دەپلا قىلدىم... سىز داداڭنىڭ گېپىگە كىر، دەيسىز. ۋىكتور ئالېكساندىروۋىچ... لېكىن مەن قانداق قىلىپ دادامنىڭ گېپىگە كىرەلەيمەن...

— ھە، كىرمەي نېمە بوپتۇ؟ — ئۇ بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئوڭدا ياتقاچقا، بۇ گەپ خۇددى ئۇنىڭ قورسىقىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلاندى.

— ئۇنىڭ گېپىگە قانداق كىرەلەيمەن، ۋىكتور ئالېكساندىروۋىچ، ئۆزىڭىز بىلىسىز...

قىز جىم بولۇپ قالدى. ۋىكتور سائىتىنىڭ زەنجىرىنى

ئويناشقا باشلىدى.

— سەن، ئاكوۋلىنا، ئەخمەق قىزلادىن ئەمەس، — دېدى ئۇ ئاخىر، — شۇخلاشقا ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلما، مەنمۇ سېنىڭ ياخشى بولۇشۇڭنى كۆزدە تۇتۇپ دەۋاتىمەن، چۈشىنىۋا-تامسەن مېنى؟ ئەلۋەتتە، سەن ئەقىلسىز ئەمەس، سېنى پۈتۈن-لەي سەھرالىق دېگىلىمۇ بولمايدۇ. سېنىڭ ئاناڭمۇ تازا سەھرا-لىقلاردىن ئەمەس ئىدى، لېكىن تەربىيە كۆرمىگەن يېرىڭ بار، شۇخلاشقا باشقىلار گەپ قىلغاندا ئاڭلىشىڭ كېرەك.

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن قورقىدىكەنمەن، ۋىكتور ئا-لېكساندىرۋىچ.

— هەي، دەۋاتقان گېپىڭنى قارا! سۆيۈملۈكۈم، قورققۇ-دەك نېمىسى بار ئۇنىڭ! نېمە ئۇ قولۇڭدىكى؟ — دېدى ئۇ قىزغا يېقىنراق سۈرۈلۈپ، — گۈلمۇ؟

— هەئە، گۈل، — دېدى ئاكوۋلىنا غەمكىن جاۋاب بېرىپ، — راينا گۈلى، دالىدىن تېرىگەچ كەلگەن، — قىز سەل - پەل جانلىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇنىڭغا موزايلار بەك ئامراق. مانا بۇ كۆك تىكەن، چاشقان يارىسىنىڭ دورىسى. قارىڭا، نېمىدېگەن چىرايلىق، مۇنداق چىرايلىق گۈل-نى تۇغۇلغاندىن بېرى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. مانا ماۋۇ بوتا كۆز، ماۋۇ بىنەپشە ... ماۋۇنى سىزگە ئاتاپ تېرىۋىدىم، — قىز ئىنچىكە ئوت بىلەن چىگىلگەن بىر دەستە ئەنبە گۈلنى سېرىق رابىنانىڭ تېگىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى، — خالامسىز؟

ۋىكتور ئېرىنچەكلىك بىلەن قولىنى سۇنۇپ گۈلنى ئالدى، پەرۋاسىزلا پۇراپ قويۇپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەندەك تەكەببۇ-رانە بىر قىياپەتتە پات - پات يۇقىرىغا كۆز تىكىپ، بارماقلىرى بىلەن گۈللەرنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. ئاكوۋلىنا ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتى... ئۇنىڭ مۇڭلۇق قارىشىدا مۇلايىملىق، ئىتائەتچانلىق، ساداقەت ۋە مۇھەببەت روشەن ئەكس ئېتىپ

تۇراتتى. قىز ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى، يىغلاشقىمۇ پېتىنالمايتتى، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى سۆيۈنۈ-شىنى بىلدۈرمەكچى بولاتتى. لېكىن، يىگىت خۇددى تۈرك سۇلتانلىرىدەك پۇت - قولىنى سوزۇپ سۇنايلىنىپ يېتىۋېلىپ، قىزنىڭ ئىخلاسىغا ئاجايىپ چىدام ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن چىدىماقتا ئىدى. راستىنى ئېيتسام، مەن ئۇنىڭ قىزنىڭ يۈز-گە غەزەپ بىلەن زەن سالماقتا ئىدىم. بۇ چىرايدىن كىشىنى مەنسىتمەيدىغان سوغۇقلۇق، نەپسىنىڭ قانغانلىقىدىن ئەمدى يىرگىنىشتەك ساختا مەنمەنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئاكوۋلىنا شۇ پەيتتە شۇ قەدەر سۆيۈملۈك ئىدىكى، شۇ تاپتا پۈتۈن قەلبىنى ئىشەنچ ۋە تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئۇنىڭ-غا ئىنتىلەتتى. لېكىن، ئۇچۇ… گۈلنى ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، مىستىن جىيەك تۇتۇلغان تاق كۆزلۈك كۆزەينىكىنى يانچۇقىدىن ئېلىپ ئۇنى بىر كۆزىگە تاقىدى. لېكىن، يىگىت قاپىقىنى قانچىلىك تۈرۈپ، مەڭزىنى تاكى بۇرنىغىچە قانچىلىك پۈرۈشتۈرگىنى بىلەنمۇ كۆزەينەك كۆزىدە تۇرماي چۈشۈپ كېتىۋەردى.

— نېمە بۇ؟ — سورىدى ئاكوۋلىنا ئاخىر ھەيران بولۇپ.

— لورنېت، — ①دېدى يىگىت مەغرۇر جاۋاب بېرىپ.

— بۇنى نېمە قىلىدۇ؟

— كۆزگە تاقىساڭ نەرسىلەر تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

— ئەكېلىڭە، كۆرۈپ باقاي.

ۋىكتور تەرىنى تۈردى، شۇنداقتىمۇ كۆزەينەكنى ئۇنىڭغا بەردى.

— ئاۋايلا، سۇندۇرۇپ قويما.

---

① لورنېت — بىر كۆزگە تاقىلىدىغان تاق كۆزلۈك كۆزەينەك.

— قورقىمالى، سۈندۈرمايمەن، — ئۇ كۆزەينەكنى ئېھتىيات بىلەن بىر كۆزنگە تاقىدى، — ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىمغۇ، — دېدى ئۇ ساددىلىق بىلەن.

— بىر كۆزۈڭنى قىسىمامسەن، — دېدى ئۇ خاپىغان ئۇستىلارنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن، — قىز كۆزەينەكنى تاقىغان كۆزىنى قىستى، — بۇنى ئەمەس، ئەخمەق، ئېرىقى كۆزۈڭنى! — دېدى ۋىكتور ۋارقىراپ - جارقىراپ. قىز خاتاسىنى تۈزەتكۈچە كۆزەينەكنى قىزدىن تارتىۋالدى.

ئاكوۋلىنا ھوپپىدە قىزىرىپ، بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈم-سىرەپ تەتۈر قارىۋالدى ۋە:

— بىزدەكلەر ئۇنى تاقاشقا لايىق ئەمەس ئوخشايمىز، — دەپ قويدى.

— ھە، ئەلۋەتتە!

بىچارە قىز جىمىپ كېتىپ ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

— راست، ۋىكتور ئالېكساندىرۋىچ، سىز كەتسىڭىز، بىزگە قىيىن بولىدۇ ئەمدى! — دېدى قىز بىردىنلا.

ۋىكتور چاپىنىنىڭ ئېتىكى بىلەن كۆزەينەكنى سۈرتۈشتۈ-رۈپ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

— راست، — دېدى ئۇ ئاخىرى گەپ باشلاپ، — باشتا ساڭا قىيىن بولىدۇ، — يىگىت ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلىپ قىزنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى. قىز ئۇنىڭ قولىنى مۈرى-سىدىن ئاستا ئالدى - دە، سەل ئەيمىنىپ تۇرۇپ سۆيۈپ قويدى، — راست، شۇنداق، سەن دەرۋەقە ياخشى قىز، — دېدى ئۇ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ سۆزىنى داۋام-لاشتۇرۇپ، — لېكىن، نېمە ئىلاج؟ ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، خوجايىن ئىككىمىز بۇ يەردە تۇرالمايمىز. قىش كىرەي دەپ قالدى، قىشنى يېزىدا ئۆتكۈزۈش، ئۆزۈڭ بىلىسەن، كىشىنىڭ جېنىغا تېگىدۇ، پېتېربۇرگە باشقا گەپ. ئۇ يەر دېگەن ئاجايىپ

www.uyghurkitap.com

ياخشى. ئۇ يەرنى، سەن ئەخمەق چۈشۈڭدىمۇ كۆرەلمەيسەن، ئۆيلەر، كوچىلار دېگەن شۇنداق پۇزۇر، ئادەملىرى، مەدەنىيەتچۇ تېخى، ھەيران قالىسەن ... — ئاكوۋلىنا خۇددى بالىلاردەك ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سالاتتى، — بۇلارنى ساڭا دەپ بەرگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى، بەربىر چۈشەنمەيسەن.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز، ۋىكتور ئالېكساندىرۋىچ، چۈشىنىۋاتىمەن، ھەممىسىنى چۈشىنىۋاتىمەن.

— قارىغىنا تۇرقۇڭغا!

ئاكوۋلىنا پەسكە قارىدى.

— سىز ئىلگىرى ماڭا مۇنداق گەپلەرنى قىلمايتتىڭىز، ۋىكتور ئالېكساندىرۋىچ، — دېدى قىز بېشىنى كۆتۈرمەي.

— ئىلگىرى! ... ئىلگىرى! قارا گېپىڭنى ... ئىلگىرى! — دېدى يىگىت ئاچچىقلانغاندەك.

ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى جىمىپ قېلىشتى.

— ھەر ھالدا مەن كېتىشىم كېرەك، — دېدى ۋىكتور جەينىكىگە تايىنىپ تۇرۇشقا تەمشىلىپ.

— يەنە بىردەم ئولتۇرسىڭىزچۇ، — دېدى ئاكوۋلىنا يېلىنىش تەلەپپۇزى بىلەن.

— نېمە قىلىمەن ئولتۇرۇپ... سەن بىلەن خوشلىشىپ بولغان تۇرسام.

— يەنە بىردەم ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئاكوۋلىنا گېپىنى تەكرارلاپ.

ۋىكتور ئەمدى يېتىۋېلىپ ئىسقىرتىشقا باشلىدى. ئاكوۋلىنا تېخىچە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالمىدى. مەن ئۇنىڭ ئاستا - ئاستا ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، قانسىز يۈزى بىلىنەر - بىلىنمەس قىزاردى.

— ۋىكتور ئالېكساندىرۋىچ، — دېدى قىز ئاخىر. ئۇنىڭ

ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — سىزنىڭ باغرىڭىز بەكمۇ قاتتىق ئىكەن، راست قاتتىق ئىكەن. ۋىكتور ئالېكساندىرۋىچ، راستلا!

— نېمىسىنى قاتتىق دەيسەن؟ — يىگىت تەرىنى تۇ-رۇپ، بېشىنى سەل - پەل كۆتۈرۈپ قىزغا قارىدى.

— راست، باغرىڭىز قاتتىق ئىكەن، ۋىكتور ئالېكساندىرۋىچ، — خوشلىشىدىغان چاغدا ماڭا ھېچبولمىسا بىرەر ئىللىق گەپ بولسىمۇ قىلىشىڭىز كېرەك ئىدى، بىر ئىللىق گەپ بولسىمۇ قىلىسىڭىز بولاتتى. مەن شور پېشانىگە...

— مەن ساڭا نېمە دەيمەن؟

— بىلمەيمەن! بۇنى ماڭا قارىغاندا سىز ياخشى بىلىسىز، ۋىكتور ئالېكساندىرۋىچ، سىز كەتكىنىڭىزدە، بىر ئىللىق بولسىمۇ گەپ قىلماي ... شۇنچىۋالا قىلغۇدەك مەن نېمە قىلدىم سىزگە؟

— قىزىقكەنسەن، مېنىڭ نېمە ئىلاجىم؟

— بىر ئىللىق بولسىمۇ بىر نېمە دېمەي ...

— مانا، مانا، بىر گەپنى مىڭ قېتىم ياندۇرۇپ دەۋېرىدۇ بۇ، — دېدى يىگىت چالۋاقاپ ۋە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— رەنجىمەڭ، ۋىكتور ئالېكساندىرۋىچ، — دېدى قىز يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇپ.

— رەنجىگىنىم يوق، سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭنى دەيمەن... نېمە قىل دەيسەن ماڭا؟ بەربىر مەن ساڭا ئۆيلىنەلمەيمەن، ئۆيلىنەلەيمەن، چۈشەندىڭمۇ؟ شۇنداق تۇرسا يەنە نېمە قىل دەيسەن مېنى؟ نېمە قىل دەيسەن - ھە؟ — ئۇ گويا جاۋاب كۈتكەندەك قىزغا ئېڭىشىپ بارماقلىرىنى كەردى.

— مەن ھېچنېمە...ھېچنېمە تەلەپ قىلىۋاتقىنىم يوق، — دېدى قىز دۇدۇقلاپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ئۇنىڭغا ئاران سۇنۇپ، — بىرەر ئىللىق بولسىمۇ گەپ قىلارمى-

كىن دېۋىدىم ... خوشلىشىدىغان چاغدا ...
قىزنىڭ كۆز يېشى تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى.
— بولدى بەس! سېنى شۇنداق قىلارمىكىن دېۋىدىم، يەنە يىغلىغىلى تۇردۇڭ، — دېدى ۋىكتور توڭلۇق بىلەن، ئاندىن ئۇ شەپكىسىنى گەجگىسىدىن كۆزىگىرەك ئىتتىرىپ قويدى.
— مەن ھېچنېمە تەلەپ قىلىۋاتقىنىم يوق، — دېدى قىز قوللىرى بىلەن يۈزىنى يېپىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ، ئەمدى ئۆيدە قانداقمۇ قىلارمەن، قانداقمۇ قىلارمەن؟ نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن. مەن شور پېشانە نېمە كۈنلەرگە قالارمەن؟ بېشىمنى سىلىغۇدەك ھېچكىمىم يوق، مەن بىچارىنى كۆڭلۈم چۈشمىگەن بىرىگە بېرىۋېتىدۇ ئەمدى ... ۋاي شور پېشانەم ...
— قېنى ۋاتىلدا، ۋاتىلداۋەر! — ۋىكتور گەۋدىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىر پۇتىدىن يەنە بىر پۇتىغا يۆتكەپ غۇدۇڭشىدى. «ئۇ بىر ئېغىز بولسىمۇ گەپ قىلىپ، ئاكوۋلىنا ... مەن ... دېسىمىغۇ كاشكى ...»
تۇيۇقسىز قىستاپ كەلگەن يىغا قىزنىڭ گېپىنى تۈگىتىشكە ئىمكان بەرمىدى. قىز دۈم چۈشۈپ يۈزىنى ئوت - چۆپلەرگە يېقىپ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى ... قىزنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى تىترەپ، بېشى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشەتتى ... ئۇزاقتىن بۇيان بېسىلىپ كەلگەن دەرد - ئەلەم ئاخىر قىياندەك تېشىپ ئېقىشقا باشلىدى. ۋىكتور ئۇنىڭ يېنىدا بىردەم تۇرۇپ بېقىپ، مۇرىسىنى قىسىپ قويدى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ چوڭ - چوڭ چامداپ يىراق كەتتى.
ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتتى ... قىز تىنچلىنىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئەتراپىغا قاراپ بېقىپ، ھەيران بولۇپ قوللىرىنى سىلكىدى. ئۇ ۋىكتورنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشكە تەمشىلىۋىدى، پۇتلىرى بوشىشىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى ... مەن چىداپ تۇرالماي، قىزغا قاراپ يۈگۈردۈم.

قىز مېنى كۆرۈپ — بىلمىدىم، نەدىن كەلگەن كۈچكىن — بىرلا ۋارقىراپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، دەرەخلەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ غايىب بولدى، يەردە چېچىلغان گۈللەرلا قالدى.

مەن بىر پەس تۇرۇپ، بايىقى بىر دەستە گۈلنى يەردىن ئېلىپ ئورمان ئىچىدىن ئوچۇق دالاغا چىقتىم. ئاسمان ئاقۇش رەڭگە كىرىپ تېخىمۇ سۇزۇلۇپ كەتكەنىدى، قۇياشمۇ ئولتۇراي دەپ قالغانىدى، ئۇنىڭ خىرەلەشكەن نۇرىنىڭ ئەمدى ئىسسىقى قالمىغاندەك قىلاتتى. پارلىماستىن تەپتەكشى چېچىلىۋاتقان بۇ نۇرلار گويا نەملىشىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. گۈگۈم چۈ-شۈشكە يېرىم سائەتچە قالغان بولسىمۇ، كەچكى شەپەق تېخى ئەمدىلەتىن قىزىرىشقا باشلىغانىدى. ئۈزۈك - ئۈزۈك سوققان شامال سارغىيىپ قۇرۇپ كەتكەن زىرائەتلەرنىڭ ئۈستىدىن ئۆ-تۈپ ماڭا كېلىپ ئۇرۇلاتتى. قۇرۇپ قورۇلۇپ قالغان ئۇششاق يوپۇرماقلار شامالدا پىرقىراپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، يان - يېنىم-دىن ئىتتىك ئۇچۇپ ئۆتەتتى - دە، ئورماننىڭ چېتىنى بويلاپ قاياقلارغىدۇر كېتىشەتتى. ئورماننىڭ ئېتىزغا ياندىشىپ قويۇق-راق ئۆسكەن يېرىدە ھەممە نېمە تىترەپ، ئېنىق، لېكىن ئانچە-ۋالا كۆزگە تاشلىنىپ كەتمىگۈدەك سۇس نۇر چېچىپ جىمىر-لايتتى. قىزغۇچ چۆپلەرگە، بۇغدايلارنىڭ غوللىرىغا تارتىلىپ كەتكەن سان - ساناقسىز كۈزلۈك ئۆمۈچۈك تورلىرى تىنماي مىدىرلاپ پارقىراپ تۇراتتى. مەن توختىدىم ... كۆڭلۈمنى غەم باستى. غازاڭ بولۇشقا باشلىغان تەبىئەتنىڭ ساپ، لېكىن كۆ-ڭۈلسىز تەبەسسۇملىرىدىن قەھرىتان قىشنىڭ سەزدۈرمەي ئاستا - ئاستا قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاشقا بولاتتى. بىر قاغا كۈچەپ قانات قېقىپ باش ئۈستۈمدىنلا ئۇچۇپ ئۆتتى. ئاندىن بېشىنى بۇراپ ماڭا ياندىن بىر قاراپ قويۇپ، يەنىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ، قاقىلدىغىنىچە ئورماننىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. بىر توپ كەپتەر خامان تەرەپتىن ئوقتەك ئۇچۇپ

كېلىپ، بىردىنلا تاز قۇيۇن شەكلىنى ھاسىل قىلىپ يىرقىراپ ئېتىزغا قوندى، بۇ كۆزنىڭ بەلگىسى ئىدى. كىمدۇر بىرى قۇرۇق ھارۋىنى تاراقلىتىپ ھەيدەپ، گىياھسىز قاقاس دۆڭنىڭ كەينىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

مەن ئۆيگە يېنىپ كەلدىم، لېكىن ئاكوۋلىنانىڭ بىچارە قىياپىتى ئۇزاققىچە كاللامدىن كەتمىدى. ئۇنىڭ بىر دەستە گۈلى ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنى تا ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

# گۈلسۇم

## پىرىم چاند (ھىندىستان)

ئابدۇۋەلى مۇقىيىت تەرجىمىسى

بۇ ئىشنىڭ بولغىنىغا بىر يىل بولاي دەپ قالدى. بىر كۈنى كەچكە يېقىن كوچىدا سەيلە قىلىپ يۈرەتتىم، توساتتىن ناۋىن ئەپەندى ئۇچراپ قالدى. ئۇ مېنىڭ قەدىناس ئاغىنەم بولۇپ، تۇزۇت قىلىشنى بىلمەيدىغان، ياخشى شېئىر يازىدىغان، قىزىق-چى ئادەم ئىدى، ئاكولادا تۇراتتى. مەن بىر قانچە قېتىم مۇشا-ئىرە يىغىلىشلىرىغا بارغانىدىم، ئەمما ئۇنىڭدەك شېئىر مەستا-نىسىنى كۆرمىدىم. ئۇنىڭ ئەسلىي كەسپى ئادۋوكات بولسىمۇ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئويلايدىغىنى شېئىر ئىدى. ئۆزى زېرەك ئادەم بولغاچقا، ئەرز ـ شىكايەت دېلولىرىنى قولغا ئېلىشى بىلەنلا ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى چۈشىنەلەيتتى. شۇڭا بەزىدە بىر قىسىم دېلولارنى ھەل قىلىپ بېرىش توغرىسىدىكى تەكلىپ-لەرنى قوبۇل قىلاتتى. لېكىن سوتنىڭ سىرتىدا ھەرگىزمۇ سوت ياكى ئەرز ـ شىكايەت ئىشلىرى توغرىسىدا سۆز قىلمايتتى. ئۇ سوت مەيدانىدىكى بىر نەچچە سائەت ئىچىدە ئادۋوكات، مەيدان-دىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شائىر ئىدى، شائىر بولغاندىمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق شائىر ئىدى. سىز ئۇنى دائىم مۇشائى-رە سورۇنلىرىدا، شېئىرىيەت توغرىسىدىكى مۇزاكىرىلەردە كۆ-رەلەيسىز. باشقىلار دېكلاماتسىيە قىلغاندا، ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىككى تەرىپىگە ئېغاڭلاپ، بېشىنى لىڭشىتىپ كېتەتتى.

ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلغاندا پۈتۈن روھىنى بىلەن بېرىلىپ ئوقۇيتتى. ئاھاڭى بەكمۇ يېقىملىق بولۇپ، شېئىرىي پىكىرلىرى ئادەم قەلبىدىكى ئەڭ نازۇك تۇيغۇلارنى ئويغىتاتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئالاھىدىلىك: مەنىۋى جەھەتتىكى بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسى يارىتىش بىلەن بىرگە ئابستراكتلىق ئىچىدىن كونكرېت گۈزەللىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيتتى. ئۇ، ھەر قېتىم لاكىناغا كەلگىنىدە ماڭا ئالدىن خەۋەر بېرەتتى. بۈگۈن ئۇنى توساتتىن ئۇچرىتىپ قېلىپ بەكمۇ ھەيران بولدۇم ۋە ئۇنىڭغا:

— قانداق كېلىپ قالدىڭ؟ ئۆيدىكىلەر تېچلىقمۇ؟ ماڭا خەۋەرمۇ قىلىپ قويماپسىنا! — دېدىم.

— دوستۇم، مەن دىشۋاچىلىق ئىچىدە قالدىم، شۇڭا ساڭا خەۋەر قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم. سېنىڭ ئۆيۈڭ ئۆز ئۆيۈمدەك تۇرسا، مەن ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلىق قىلىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى. مېنىڭ كېلىشىممۇ سېنى بىر ئىش ئۈچۈن ئاۋارە قىلىش ئۈچۈن، سەيلەڭنى توختىتىپ مېنىڭ بەختسىزلىككە يولۇققانلىقىم توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلىغىن، — دېدى.

— نېمە دېدىڭ؟ ئادەمنى قورقۇتمىساڭچۇ، نېمە ۋەقە بولدى؟ — دەپ سورىدىم مەن ئەندىكىپ.

— ئۆيگە قايتايلى، ئۆزۈڭنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئالدىرىماي سۆزلەپ بېرەي.

— بالىلار تېچلىقتۇ؟

— ياخشى، ھەممىسى ئوبدان، ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق.

— بىز ئاشخانىغا كىرىپ ئازراق بىر نەرسە يەۋالايلى.

— ياق ئاغىنە، ھازىر مېنىڭ ھېچ نەرسە يېگۈم يوق.

بىز ئۆيگە قاراپ كەتتۇق. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئۇ يۈز - قوللىرىنى يۇدى. ئۇنى مۇزدەك مېۋە شەربىتى ئىچىشكە تەكلىپ قىلدىم، سىپارى يېگۈزدۇم. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ



www.uyghurkitap.com

بېشىغا كەلگەن ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى.

— گۈلسۈمنى ياتلىق قىلغاندا تويغا سەنمۇ بارغان، ئۇنىڭ-
دىن ئىلگىرىمۇ سەن ئۇنى كۆرۈپ يۈرگەن. مېنىڭچە، نورمال
خاراكتېردىكى ياشلارغا ياخشى تەسىر بېرىدىغان زۆرۈر شەرتلەر-
نىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا ھازىر ئىدى. سېنىڭچە قانداق؟

— مېنىڭ گۈلسۈمگە بېرىدىغان باھايىم سېنىڭكىدىن
كۆپ يۇقىرى، — دەپ كېسىپلا ئېيتتىم مەن، — ئۇنىڭدەك
يۈزى تۇۋەن، چىرايلىق، نازاكەتلىك، كۆكسى - قارنى كەڭ
قىزنى تېخى ئۇچرىتىپ باققىنىم يوق.

— ئەنە شۇ گۈلسۈم، — دېدى ناۋىن ئەپەندى ھەسرەت
بىلەن، — ھازىر ئېرىنىڭ شەپقەتسىزلىكىگە تولا يىغلاپ قۇ-
رۇپ قاخشال بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ توي قىلغىنىغا بىر يىل
بولاي دېدى. بۇ بىر يىل ئىچىدە قىزىم قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە
ئۈچ قېتىم باردى، لېكىن ئېرى ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ سۆز
قىلمايدىكەن. قىسقىسى، ئۇنى كۆرۈشتىن بىزار ئىكەن. مەن
كۈيئوغلۇمنى چاقىرتىپ مۇرەسسە قىلىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلغان
بولسامۇ، لېكىن ئۇ زادىلا كەلمەي قويدى ياكى بىرەر پارچە
خەتمۇ يازمىدى. ئۇنى گۈلسۈمگە مۇشۇنچىۋالا كۆڭۈلسىز قىلد-
ۋەتكەن نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمىدىم. ئاڭلىسام، ئۇ قاي-
تىدىن توي قىلماقچى بولۇۋېتىپتىمىش. گۈلسۈمنىڭ ھالى خا-
راب، ئۇنى ھازىر كۆرسەڭ تونۇيالمايسەن. كېچە - كۈندۈز
يىغلىغىنى يىغلىغان. بىزنىڭ قانداق ئازاب ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلد-
قىمىزنى سەن ئوبدان تەسەۋۋۇر قىلالايسەن. پۈتكۈل ھاياتىمىز-
دىكى ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ ھەممىسى بەربات بولدى. خۇدا بىزگە
ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشنى نېسىپ قىلماپتىكەن. ئەمما بىز گۈل-
سۈمنىڭ بارلىقىدىن مەمنۇن ئىدۇق، ئۆز تەقدىرىمىزدىنمۇ زار-
لانمايتتۇق، بىز ئۇنى ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان، زادىلا جىملد-
مەيتتۇق. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭ كۆپرەك تەربىيە ئېلد-

شىنىلا ئويلايتتۇق. گەرچە ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پىكرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە بىلىمىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتىن ھەرقانداق ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى كۆر- گەن ئاياللاردىن قېلىشمايتتى. سەن ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى كۆر- گەنغۇ؟ مېنىڭچە ئۇنداق يازىدىغان ئاياللار ئىنتايىن ئاز بولسا كېرەك. ئۇنىڭ جەمئىيەت، دىن، سىياسىي جەھەتلەردىكى پىك- رىنىڭ ئىنتايىن يۇكسەكلىكى، مەسىلىلەر ئۇستىدە يۈرگۈزگەن مۇلاھىزىلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى مېنى ھەيران قالدۇراتتى. ئائىلە ئىشلىرىغىمۇ پىششىق ئىدى، شۇڭا ئائىلىدىكى بارلىق ئىشلارنى ئۆزىلا بىر تەرەپ قىلاتتى. لېكىن، ئۇ ئېرىنىڭ نەزىرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەن. قىزىمدىن: سەن ئۇنىڭغا نېمە دې- دىڭ؟ ئاراڭلاردا نېمە ئىش ئۆتتى؟ ئۇ نېمىشقا ساڭا شۇنچە سوغۇقلۇق قىلىدۇ؟ دەپ قايتا - قايتا سورىغىنىمدا، قىزىم يىغلاپ تۇرۇپ: ئۇ ئەزەلدىن ماڭا بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلغىنى يوق، دەيدۇ. مېنىڭچە، بىرىنچى كۈنىلا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرد- سىدا بىر كېلىشمەسلىك بولغان. ئېھتىمال، ئۇ گۈلسۈمنىڭ يېنىغا كەلگەن بولۇشى ۋە ئۇنىڭدىن بىر نېمىنى سورىغان بولسا گۈلسۈم ئىزا تارتىپ ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىغان، بېشىنى يەر- دىن كۆتۈرمەي تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، ئۇ شۇنداق يۈزى تۆۋەن قىز ئەمەسمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئېرىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالغانمىكىن دەيمەن. گۈلسۈمدەك بىر قىزنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىبارسىز تاشلىنىپ، ھەسرەت چېكىپ قالغىنىنى ئەقلىگە سىغدۇرغىلى بولامدۇ! ئەپسۇسكى، بۇ تەق- دىرگە كىمنىڭ ئامالى بولسۇن؟ گۈلسۈم ئېرىگە بىر نەچچە پارچە خەت يېزىپتۇ، لېكىن ئۇ شەپقەتسىز ئادەم بىر پارچىمۇ جاۋاب خەت يازماي، خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. مەن بىلەلمىدىم، بۇ باغرى قاتتىق ئادەمنى قانداق ئېرىتكىلى بولىدىكىن. ھازىر مېنىڭ ئۇنىڭغا خەت يېزىشىم ئەپسىز. گۈل-

سۇمنىڭ ھاياتىنى پەقەت سەنلا قۇتۇلدۇرۇپ قالالايسەن. سەن ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالغىن، بولمىسا ئۇ ئۆمۈرۋايەت تۈگىشىپ كېتىدۇ. ئىككى قېرىنىڭ ھاياتىمۇ شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ. قىزىمنىڭ تارتىۋاتقان ئازابىغا قاراپ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

ناۋىن ئەپەندىنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى، مەنمۇ تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرالماي قالدىم. ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— مۇشۇ كەمگىچە دەردىڭنى ئىچىڭگە يۇتۇپ يۈرگۈچە، نېمىشقا ماڭا بالدۇرراق ئېيتمىدىڭ؟ مەن بۈگۈنلا مۇراد ئابادقا بېرىپ، ئۇ خۇنپەرنىڭ ئۆمۈربويى ئېسىدىن چىقمىغۇدەك قىلىپ ئەدىپىنى بېرىپ كېلەي. مەن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سۆرەپ كېلىپ گۈلسۈمنىڭ ئالدىدا تىزلاندۇرمىسام ھېساب ئەمەس، — دېدىم.

ناۋىن ئەپەندى مېنىڭ بۇ ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىمگە كۈلۈپ:

— سەن ئۇنىڭغا نېمە دېمەكچى؟ — دېدى.

— سورىماي قوي، كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان بارلىق ئامال - چارىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ كۆرىمەن.

— ئۇنداقتا سەن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيسەن. ئۇ ئىنتايىن كىچىك پېئىل، شۇنچىلىك مۇلايىم، گەپ - سۆزى جايىدا يىگىت. سەن قايتىپ كەلگەن ۋاقتىڭدا، بەلكىم ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن. ئۇ سېنىڭ ئالدىڭدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ كەلگەن ئاچچىقىڭنىمۇ ياندۇرۇۋېتىدۇ. سېنىڭ قەلىمىڭ كۈچلۈك، شۇ قەلىمىڭ بىلەن نۇرغۇن ياشلارنى توغرا يولغا سالغانىدىڭ، كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىش سېنىڭ ئالاھىدىلىكىڭ ئىدى. مەن سېنىڭ گۈلسۈمنىڭ ئورنىدا كىشىنى ئېچىندۇرغۇدەك ۋە ھاياجانغا سالغۇدەك بىر

پارچە خەت يېزىپ، ئۇنى ئۇيالدۇرۇپ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ئويغىتىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. سېنىڭ بۇ ياردىمىڭنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن.

ناۋىن ئەپەندى ھەقىقىي شائىرغا مۇناسىپ ئادەم، ئۇنىڭ تەكلىپلىرىدىكى شائىرانە پىكىرلەر ئەمەلىيەتكە بەكمۇ ئويغۇن. ئۇ مېنىڭ بىرقانچە ھېكايىلىرىمنى ئوقۇپ يىغلاپ كەتكەندى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ چوڭ-قۇرلاشتى. ئۇنىڭچە، مەن خۇددى قولغا ئۆگەنگەن يىلاندەك كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئىختىيارىي كىرەلەيدىكەنمەن. ئۇ چۈشەن-مەيدۇكى، ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭغا ئوخشاش ئوڭايلا ھېسسىياتقا بېرىلىپ ھاياجانلىنىدىغان شائىر ئەمەستە! ئۇ ئوقۇپ ھاياجىنىد-نى باسالماي كۆز يېشى قىلىپ كەتكەن ھېلىقى ھېكايىلەرنى بەزى ئەپەندىلەر ئوقۇسا بىزار بولغىنىدىن كىتابنى پىرقىرىتىپ ئاتماسمۇ! لېكىن ھازىر بۇ گەپلەرنى قىلىشنىڭ ۋاقتى ئەمەس، بولمىسا ئۇ مېنى بۇ ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۈمكىن. شۇڭا، مەن سەممىيلىك بىلەن:

— خېلى چوڭقۇر ئويلاپسەن، دېگىنىڭ بويىچە قىلايلى. گەرچە مېنىڭ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدە بىر خىل مېھرىبانلىق قوزغىيالايدىغىنىمغا بەرگەن باھايىڭ بەك يۇقىرى بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن سېنىڭ ئۈمىدىڭنى يەردە قويمايمەن. مەن خەت يازىمەن، بىر ئىلاج قىلىپ ئۇ ياشنىڭ ھەقىقىي ھېسسىيا-تىنى قوزغاشقا تىرىشىمەن. ئەگەر سەن مۇۋاپىق كۆرسەڭ، گۈلسۈمنىڭ ئېرىگە يازغان خەتلىرىنى ماڭا كۆرسەتكىن، گۈل-سۈمنىڭ ئېرى بارلىق خەتلەرنى قايتۇرۇۋېتىپتىكەنغۇ؟ ئەگەر گۈلسۈم خەتلىرىنى يىرتىۋەتمىگەن بولسا چوقۇم يېنىدا بار. مەن ئۇ خەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، خەت يازغاندا قايسى جەھەتلەردە تولۇقلاشنىڭ لازىملىقىنى بىلىۋالالايمەن، — دې-دىم.

ناۋىن ئەپەندى يانچۇقىدىن بىر تۇتام خەتنى ئېلىپ:

— سېنىڭ بۇ خەتلەرنى كۆرىمەن دەيدىغانلىقىڭنى بىلىپ ئالغاچ كەلگەنىدىم، خالىغىنىڭچە كۆرگىن، گۈلسۇم مېنىڭ قىزىم ھەم سېنىڭمۇ قىزىڭ. سېنىڭدىن يوشۇرىدىغان نېمىسى بار، — دېدى - دە، ئالدىمغا قويدى.

مەن خەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدىم. خەتلەر گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان گۈلسۇرۇق رەڭدىكى پارقىراق قەغەزگە ئىنتايىن رەتلىك، چىرايلىق يېزىلغانىدى.

بېگىم:

مېنىڭ قايتىپ كەلگىنىمگە توپتوغرا بىر ھەپتە بولدى. قاراڭغۇدا تۇنلەرنى كىرپىك قاقماي، يارىلانغان يىلاندەك تولغىنىپ يۇرۇپ تاڭغا ئۇلاۋاتىمەن. ھەيران - مەن: مېنى بۇنچىۋالا جازالىغۇدەك ئالدىڭىزدا نېمە جىنايەت ئۆتكۈزدۈم؟ مېنى ئەيىبلەڭ، لەنەت ئوقۇڭ، تىللاڭ، خالىسىڭىز قولاقلىرىمنى بۇراپ ئۇزۇۋېتىڭ، بۇ جازالارنىڭ ھەممىسىگە خۇشاللىق بىلەن چىدايمەن. بىراق، سىزنىڭ ماڭا بولغان كۆڭۈلسىزلىكىڭىزگە چىدىيالمىدىم. ئۆيىڭىزدە تۇرغىنىمغا بىر ھەپتە بولدى. كۆڭلۈمدە قانداق ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ بولغانلىقىنى بىر خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ. بىرقانچە قېتىم قىلمىشلىرىم ئۈچۈن سىزدىن ئەپۇ سورىماقچى بولدۇم. ۋاھالەنكى، مېنىڭ سايەمنى كۆرۈشىڭىز بىلەنلا مەندىن بەدەر قاچتىڭىز، شۇڭا سىز بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدىم. سىزگە مەلۇم، ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دەم ئالىدىغان ۋاقىتتا سىزنىڭ بۆلۈمىڭىزگە كىرىپ بىر - ئىككى سائەتكىچە باش ئې-

www.uyghurkitap.com

گىپ ئۆرە تۇردۇم. لېكىن، ماڭا كۆز قىرىڭىزنىمۇ سالمىدىڭىز. شۇ چاغدا مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ قانچىلىك ئازابلىق ھېسسىياتلارغا تولغانلىقىنى، ئەلۋەتتە، سىز قىياس قىلالمايسىز، بۇنى پەقەت ماڭا ئوخشاش بەختسىز ئاياللارلا چۈشىنەلەيدۇ. مەن قىز دوستلىرىمدىن توي كېچىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلىغانىدىم. ئەمما سىز مەن ئارزۇ قىلغان ئاشۇ بەختلىك شېرىن جەننىتىمنى رەھىمسىزلەرچە ۋەيران قىلىۋەتتىڭىز! مەن سىزدىن شۇنى سوراي، ئەجەبا، مېنىڭ سىزگە نىسبەتەن ھېچقانداق ھوقۇقۇم يوقمۇ؟ سوتمۇ مەلۇم بىر جىنايەتچىگە قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغاندا ئۇنىڭ جىنايىتىنىمۇ ئېلان قىلىدىغۇ، پاكىت كۆرسىتىدىغۇ، جىنايەتچىنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىنى ئاڭلايدۇغۇ؟ لېكىن، سىز مەندىن بىرمۇ سوئال سوراپ قويمايسىز! ئەگەر مەن سەۋەنلىكىمنى بىلىۋالسام بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلاتتىمغۇ! ئايىغىڭىزغا يىقىلىپ سىزدىن كەچۈرۈپ سوراي. قەسەم ئىچىمەنكى، مەندىن نېمە ئۈچۈن رەنجىگەنلىكىڭىزنى زادىلا بىلەلمىدىم. ئېھتىمال، مەندە تەسەۋۋۇرىڭىزدىكى خوتۇنىڭىزدا بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل پەزىلەتلەر يوقتۇ. دەرۋەقە، مەن ئىنگلىزچە ئوقۇمىغان، ئەنگلىيە جەمئىيىتىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى چۈشەنمەيمەن، ئىنگلىزلار ئوينايدىغان ئويۇنلارنىمۇ بىلمەيمەن. يەنە كۆپ جەھەتلەردىن يېتەرسىز ئىكەنلىكىم ئۆزۈمگە ئايان. ئىقرارمەنكى، مەن سىزنىڭ لايىقىڭىز ئەمەس، ئەسلىدە سىزگە مېنىڭدىنمۇ گۈزەل، ئەقىللىق، يۇكسەك ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە كىشى خوتۇن بولۇشى كېرەك ئىدى. بىگىنم، جىنايەت جازاغا تارتىلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

لېكىن، سەۋەنلىك بىلەن يېتەرسىزلىك جازاغا تارتىل-
ماسلىقى كېرەك. قانداق شارائىتتا بولسۇن، سىزنىڭ
ئارزۇيىڭىز بويىچە ئىش قىلىشقا تەييارمەن. ماڭا كۆيۈ-
نىدىغانلا بولسىڭىز يېتەرسىزلىكلىرىمنى قانچىلىك تېز
تۈگەتكەنلىكىمنى كۆرەلەيسىز. سىزنىڭ مۇھەببەتكە
تولغان ئاشۇ قاراشلىرىڭىز، مېنىڭ رۇخسارىمنى نۇرلاندۇ-
دۇرالايدۇ، ئەقىل - پاراسىتىمنى ئۆستۈرىدۇ، ھاياتىم-
نى مىسلىسىز گۈزەللەشتۈرىدۇ. بېگىم، سىز كىمدىن
خاپا بولۇپ يۈرگەنلىكىڭىزنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ پۈتى-
ڭىزغا يىقىلىپ سىزدىن ئەپۇ سوراۋاتقان، ئۇ دۇنيا -
بۇ دۇنيا سىزنىڭ مالىيىڭىز بولۇپ ئۆتىدىغان بىر ئاجىز
قىز سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزغا بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ مې-
نىڭ دىلىم بەك نازۇك، سىز مېنى يىغلىتىپ پۇشايمانغا
قالغاندىن باشقا يەنە نېمىگە ئىگە بولالايسىز؟ سىزنىڭ
بۇنداق غەزەپ ئوتىڭىزدىن چاچراپ چىققان كىچىككىنە
ئۇچقۇنمۇ مېنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىشقا تامامەن قادىر.
ئەگەر مېنىڭ ئۆلۈشۈمنى خالىسىڭىز ئۆلۈشكە تەييار-
مەن. پەقەت پەرمانىڭىزغا تەشنامەن، خالاس. ئەگەر
كۆڭلىڭىز مېنىڭ ئۆلۈشۈم بىلەنلا ئېچىلىدىغان بولسا،
ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن ھاياتىمنى تەقدىم قىلىپ ئاياغ
ئاستىڭىزغا يىقىلغان بولاتتىم. بىراق، بىر ئىش بار،
ئۇنى دېمىسەم كۆڭلۈم تەسكىن تاپمايدۇ، ئۇ بولسىمۇ،
مېنىڭ كەمچىلىك بىلەن يېتەرسىزلىكلىرىم ئىنتايىن
كۆپ، لېكىن بىر ئارتۇقچىلىقىممۇ بار: جەزىم قىلالاي-
مەنكى، سىزنى ئوبدان كۈتەلەيمەن. مەندىن باشقا ھەر
قانداق بىر ئايال سىزنى مېنىڭدەك كۈتەلمەيدۇ. سىز
بىلىملىك، ئاڭلىق جاناب، پسىخولوگىيە مۇتەخەسسى-

سى، مالىيىڭىز ئالدىڭىزدا تىك تۇرۇپ سىزدىن بىلىـ
نىپ ئېلتىپات سورىماقتا! سىز ئۇنى دەرۋازىڭىزدىن
ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتەرسىزمۇ؟

ئالدىڭىزدا جىنايەتكار گۈلسۈم

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ شۈركۈنۈپ كەتتىم. بىر ئايالنىڭ ئۆز ئېرى ئالدىدا ئاشۇنداق قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشى مېنى بەكمۇ ئازابلىدى. ئەگەر بىر ئەر ئۆز خوتۇنىغا مۇشۇنداق ئېتىبارسىز قارىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ ئۇنداق ئەرنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدىكەن؟ بۇ ئەبلەخ توي قىلىپ بىر ئايال قولغا ئىگە بوپتۇ. خوتۇنىنى قانداق خورلايمەن دېسە شۇنداق خورلاپتۇ، ئۇنى توسايدىغان، ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقماپتۇ. ئەرلەر ئىككىنچى قېتىم، ئۈچىنچى قېتىم، ھەتتا تۆتىنچى قېتىممۇ توي قىلالايدۇ. ئۇلار خوتۇنلىرىغا بولغان مۇناسىۋەتتە ھېچقانداق بىر كاپالەتنى ئۈستىگە ئالمىغان، شەپقەتسىز ھالدا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزەلەيدۇ.

ئۇلار ئاياللارنىڭ، ئائىلىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى ساقلاش، دېگەن كىشەن بىلەن مەھكەم كىشەنلەنگەنلىكىنى چۈشىنىشىدۇ، ئاياللارغا پاجىئەلىك ھالدا ئۆلۈشتىن باشقا ئامال يوق. ئەگەر ئەرلەر ئاياللارنىڭمۇ قانغا ـ قان، جانغا ـ جان ئېلىشىدىن، ئەڭ بولمىغاندا بىرەر كاچات سېلىشىدىن قورقۇدىغان بولسىدى، مۇنچىۋالا ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەس ئىدى. بىچارە ئاياللار نېمە دېگەن ئاجىز ـ ھە! ئەگەر گۈلسۈمنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام ئۇنىڭ ئېرىنىڭ شەپقەتسىزلىكىگە ئون ھەسسە ئارتۇق مۇئامىلە بىلەن جاۋاب قايتۇرغان، جەمئىيەتنىڭ مەسخىرىسىگە قىلچە پەرۋا قىلماي، ئۇنى قاتتىق ئازابقا سالغان بولاتتىم. ئەپسۇسكى، جەمئىيەت ئاياللارنىڭ مۇشۇنداق خورلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالىدۇ، پىسەنت قىلمايدۇ. ئاھ، بەخت-

سىز ياش، سەن ئۆزۈڭنىڭ كەلگۈسىڭنى رەھىمسىزلەرچە گۇم-
ران قىلىۋاتقىنىڭنى بىلمەيۋاتامسەن؟ بۇ دەل بىر ئەرنىڭ ئۆزى-
نىڭ قايناق مۇھەببىتى بىلەن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، قېرىن-
داشلىرى ۋە يېقىن دوستلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى بېيىتىدىغان
ۋاقتى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇ ئەر ئۇنداق قىلالمىسا خوتۇنىنىڭ
سۆيگۈگە ئىنتىزار بولغان قەلبىنى قانداقمۇ قاندۇرالىسۇن؟
نەتىجىدە، دائىم سادىر بولۇپ تۇرىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ،
يەنى ئايال ئەلەم بىلەن ئۆلىدۇ. بۇ يەنە دەل بىر كىشىنىڭ
بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىغا مەڭگۈلۈك شېرىن ئەسلىمىلەرنى
قالدۇرىدىغان ۋاقىتقۇ؟ ئاياللارنىڭ مۇھەببەتكە بولغان تەشنالىقى
بەكمۇ كۈچلۈك، ئۇ ئېرىنىڭ مۇھەببىتىگە چۆمگەندىن كېيىن
ھاياتىنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشىنىدۇ. مۇشۇ مۇھەببەت ئاساسىدا
تۇرمۇشتىكى بارلىق قىيىنچىلىقلارغا خۇشاللىق بىلەن بەرداش-
لىق بېرىپ كېتەلەيدۇ. بۇ يەنە دەل قەلبىگە مۇھەببەتنىڭ
باھارى كەلگەن ۋاقىت، ھەر خىل يېڭى ئۈمىد مايسىلىرىنىڭ
بىخ يارغان مەزگىلى ئەمەسمۇ؟ قايسىبىر رەھىمسىز ئادەم مۇ-
شۇنداق پەسىللەردە قولىغا تىغ ئېلىپ ياش نوتىلارنى كېسىدۇ؟
بۇ يەنە دەل ئۇۋچىنىڭ قۇشنى ئۇۋۇسىدىن ئېلىپ ئۆز قەپىسىگە
سولايدىغان ۋاقتىغۇ؟ ئۇۋچى بۇ بىچارە قۇشنىڭ بويىنىغا پىچاق
سۇرۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ قۇشنىڭ ئېچىنىشلىق چىرىلداشلىرىغا قۇ-
لاق سېلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولامدۇ؟

مەن ئىككىنچى خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

ھاياتىمدىكى ئەڭ قەدىرلىك ئادىمىم:

ئىككى ھەپتىدىن بېرى جاۋابىڭىزنى كۈتۈپ، بۇ-
گۈنگىچە بىرەر ئۇچۇر بولمىغاچقا سىزدىن ئاغرىنىپ
ئولتۇرۇپتىمەن، ئالدىنقى بىر پارچە خەتنى يازغىنىمدا

سىزدىن چوقۇم بىر جاۋاب كېلىدۇ دېگەن ئىشەنچىدە ئىدىم. كۈتكىنىمنىڭ ئەكسىچە بولغانلىقىغا قارىماي يە نىلا ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم. ھازىرمۇ سىزنى، غەرەزلىك ھالدا جاۋاب قايتۇرمىدى، دېيىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. ئېھتىمال، ۋاقتىڭىز بولمىغاندۇ ياكى ساقلىقىڭىز يوق-تۇ، خۇدايىم ئۆزى ساقلىغاي. بىراق، مەن ئەھۋالىڭىز-نى كىمدىنمۇ سورىيالايمەن؟ سىزنى ئاغرىپ قالغانمىدۇ دەپ ئويلىسام‌لا يۈرىكىم مۇجۇلىدۇ. مېنىڭ ئاللادىن تىلەيدىغان بىردىنبىر تىلىكىم سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىز ۋە سالامەتلىكىڭىز: ماڭا جاۋاب خەت يازمىسىڭىزمۇ مەيلى، تازا بىر يىغلىۋالسام‌لا خېلى يەڭگىللىشىپ قالىمەن. ئەگەر كېسەل بولۇپ قالغۇدەك بولسىڭىز، خۇدا ھەققى، دەرھال ماڭا خەت يېزىۋېتىڭ، دەرھال قېشىڭىزغا يې-تىپ بارىمەن. مەن ئەنئەنىۋى ئەدەب - قائىدە ۋە ئۆرپ - ئادەتلەردىن بەكمۇ قورقىمەن، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەگەر سىز مېنى خىزمىتىڭىزنى قىلىش پۇرسى-تىدىن مەھرۇم قىلسىڭىز، ئۇ ھالدا مېنى ھاياتىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك ھوقۇقۇمدىن مەھرۇم قىلغان بولىسىز. مەن ھەرگىز سىزگە ئارتۇقچە تەلەپ قويمايمەن. يېمەك-لىكىم ئۈچۈن ئەڭ ئەرزان نەرسىلەرنى بېرىڭ، ئەڭ ئاددىي كىيىملەرنى كىيگۈزۈڭ، قىلچىمۇ نارازى بولماي-مەن. ئالدىمدا دەھشەتلىك بالا - قازا تۇرغان تەقدىردى-مۇ، سىز بىلەن بىرگە خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈ-رىمەن. ھەرگىزمۇ زىبۇ زىننەتلەرگە ھەۋەس قىلمايمەن، ھەشەمەتلىك ئۆي - ئىمارەتلەرنىمۇ ئويلىمايمەن، سىرت-لارغا چىقىپ سەيلە قىلىشنىمۇ ئارزۇ قىلمايمەن، بايلىق توپلاش ئويۇممۇ يوق، ھاياتىمنىڭ مەقسىتى پەقەت سىز

نى كۈتۈش. مانا بۇ مېنىڭ بىردىنبىر غايەم. مې-
نىڭ نەزىرىمدە، بۇ دۇنيادا ئىلاھ، ئۇستاز ھەم
ئەمەلدار دېگەنلەر يوق. سىز مېنىڭ ئىلاھىم، چو-
قۇنىدىغان ئۇستازىم، مېنىڭ شاھىم، مېنى ھەر-
گىزمۇ ئايىغىڭىزدىن نېرىغا تېپىۋەتمەڭ! مېنى
تاشلىۋەتمەڭ! مەن سىزنى كۈتۈش ئۈچۈن، سىزگە
بولغان مۇھەببىتىمنىڭ گۈل - غۇنچىلىرىنى ئې-
لىپ، ئېتەكلىرىمگە ساداقەت ۋە بۇرچ مېۋىلىرىنى
سېلىپ ئالدىڭىزغا كېلىمەن. مېنىڭ بۇ سوۋغاتلى-
رىمنى پۈتىڭىزنىڭ تۈۋىگە قويۇپ قويۇشۇمغا رۇخ-
سەت قىلىڭ! ئىلاھقا چوقۇنغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى
پەقەت باش قويۇشلا، ئىلاھنىڭ ئۇنى قوبۇل
قىلىش - قىلماسلىقىنى ئويلىشىش باش قويغۇچى-
نىڭ ھەددى ئەمەس.

بېگىم، مېنىڭ يىقىنقى ئەھۋالىمنى بىلمەس-
لىكىڭىز مۇمكىن. مۇبادا سىز بۇنى بىلگەن بول-
سىڭىز مۇنداق باغرى تاشلىق قىلمىغان بولاتتى-
ڭىز. سىز بولسىڭىز ئەر، قەلبىڭىز كىشلەرگە
قارىتا مېھىر - شەپقەت بىلەن تولغان. مەن سىز-
نىڭ مېنىڭدەك بىر ئەرزىمەس ئادەمدىن ئاچچىقلى-
نىشىڭىزغا ئىشەنمەيمەن. مەن پەقەت سىزنىڭ ئىچ
ئاغرىتىشىڭىزغىلا ئەرزىيمەن. مەن شۇنچىلىك ئا-
جىز، پۈتكۈل جىسمىم يىتەرسىزلىكلەر بىلەن تول-
غان، گەپ - سۆزۈممۇ جايىدا ئەمەس. سىز بول-
سىڭىز بىر قۇياش، مەن بولسام بىر زەررە؛ سىز
بولسىڭىز كۈچلۈك بىر يالقۇن، مەن بولسام سار-
غايغان بىر تال گىياھ؛ سىز بولسىڭىز ئېسىلزادە،

مەن بولسام بىر بىچارە تىلەمچى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەن سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلەيد-مەن؟ ئەگەر ئۆزىڭىزنى كۈتۈشكە مېنى مۇناسىپ كۆرمەس-دىسىڭىز، ئۇنداقتا زەھەر قۇيۇلغان قاچىنى ئۆز قولىڭىز بىلەن ماڭا بېرىڭ، مەن ئۇنى تاتلىق شەربەتتەك بىشىم-دىن ئىگىز كۆتۈرۈپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ بىراقلا ئىچىۋېتەي. مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىم سىزگە تەقدىم قى-لىنغانىكەن، مېنى ئۆلتۈرەمسىز، ھايات قويامسىز، بۇ سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە. مېنىڭ ئۆلۈشۈم سىزنى خۇشال، خاتىرجەم قىلسىلا مەن چىن كۆڭلۈمدىن ئۆلۈشكە رازى بولاتتىم. مەن پەقەت شۇنى بىلىمەن: مەن سىزنىڭكى، بەلكى مەڭگۈ سىزگە مەنسۇپ، بۇ دۇنيادىلا شۇنداق بو-لۇپ قالماي ئۇ دۇنياغا بارغاندىمۇ سىزنىڭ.

بەختسىز گۈلسۇم

مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ گۈلسۇمدىن بىر ئاز نارازى بولدۇم، ھېلىقى تەنتەككىغۇ تېخىمۇ ئاچچىقىم كەلدى. دەرۋە-قە، سەن بىر ئايالكەنسەن، ھازىرقى تۈزۈم شارائىتىدا ئېرىڭ-نىڭ ساڭا قارىتا تۈرلۈك ئىمتىيازلىرى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق، ئىنائەتمەنلىكنىڭمۇ چېكى بار ـ دە! ئاياللارنىڭمۇ ئۆزى-گە لايىق ئىززەت ـ ھۆرمىتى، غۇرۇرى بولۇشى كېرەكقۇ؟ مۇبادا ئەرلەرنىڭ نوخۇلىسى ھەددىدىن زىيادە ئۆسۈپ كەتسە، ئۇنداق نېمىلەرنى مەنستىمەسلىك كېرەك. كىشىلەر ئاياللارنىڭ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشى ۋە ئۆزىنى قۇربان قىلىشى توغرىسىدا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي تەلىم بېرىپ، ئۇلارنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىشەنچىسىنى يوقاتتى. ئەگەر ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ھېچ قانداق ھاجىتى چۈشمىگەن بولسا، ئاياللارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەرلەرگە ھاجىتى چۈشىدىكەن. خۇدا ئەرلەرگە ئىككى قول بەردى، ئەجە-با، ئاياللارغا بەرمەپتىمۇ؟ ئەرلەر ئەقىللىق بولۇپ، ئاياللار



www.uyghurkitap.com

شۇنداق دۆتمىكەن؟ گۈلسۈمگە ئوخشاشلارنىڭ ئىتائەتمەنلىكى ئەرلەرنىڭ نوخۇلىسىنى ئۆستۈرۈۋەتكەن. ئەرلەرنىڭ ئاچچىقىنىڭ كەلگەنلىكى ئاياللار ئۈچۈن گويا قىيامەت كۈنى يېتىپ كەلگەن بىلەن باراۋەر. مەن، بۇ تەنتەكنىڭ بىر ئويىنىشى بولغان بولسا، بەلكىم شۇ ئايالنىڭ مۇھەببەت قىلتىقىدىن قۇتۇلالماي يۈرەمدىكىن، دېگەن خىيالدا بولدۇم.

شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى پارچە خەتنى ئاچتىم.

سۆيۈملۈكۈم:

ھاياتىمنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندىم. كىشىلەر كېلىپ ئۆزمەيدىغان ھەتتا كۆز قىرىنىمۇ سالمايدىغان گۈل يەنە نېمە دەپ ئېچىلىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئارزۇسى توزۇپ يەرگە چۈشكەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا دەپسەندە بولۇشمىدۇ؟ بىر ئايدىن بېرى ئۆيىڭىزدە تۇرۇپ بۈگۈن يەنە ئۆز ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. قېيناتام كېلىپ ئەپكېتىۋىدى، يەنە قېيناتام ئەپكېلىپ قويدى. شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغان بولساممۇ ماڭا بىر قېتىممۇ بويىڭىزنى كۆرسەتمىدىڭىز، كۈنگە دەرۋازىدىن كۆپ قېتىم كىرىپ — چىقىسىز، ئۆز ئىنىلىرىڭىز، سىڭىللىرىڭىز بىلەن پاراڭلىشىسىز، كۈلۈشىسىز ياكى دوستلىرىڭىز بىلەن تىياتىرغا، سەيلىلەرگە بىللە بارىسىز، لېكىن مېنىڭ يېنىمغا كەلمەسكە قەسەم قىلىۋەتكەن ئوخشايسىز. مەن سىزگە بىر نەچچە قېتىم يېلىنىپ يالۋۇردۇم. يەنە بىر نەچچە قېتىم يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ ھۇجرىڭىزغا كىردىم. بىراق، ماڭا بىر قېتىممۇ بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ قاراپ قويمىدىڭىز. ئادەم بالىسىنىڭ مۇنچىۋالا

تاش يۇرەك بولىدىغانلىقىغا ئەقلىم يەتمەيدۇ. مەن راست
سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئەرزىمەيمەن، خىزمىتىڭىز-
گىمۇ يارىمايمەن. ئەجەبا، ئىچ ئاغرىتىشقىمۇ ئەرزىمەس-
مەنمۇ؟ ھېلىقى كۈنى مەن چوڭقۇر مۇھەببىتىم بىلەن
كۆڭۈل قويۇپ سىزگە تاتلىق غىزا تەييارلىغانىدىم، لې-
كىن سىز ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدىڭىز. سىزنىڭ مەندىن
شۇنچىۋالا بىزار بولغانلىقىڭىزغا قارىماي، ئۆزۈمنىڭ
يەنە نېمە ئۈچۈن ھايات يۈرگەنلىكىمنى چۈشەنمەيمەن،
مېنىڭ ھاياتىمنى قانداق بىر ئۈمىدنىڭ تۇتۇپ تۇرۇۋاتـ-
قانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. سىز ماڭا جازا بەردىڭىز، لې-
كىن جىنايىتىمنى ئېلان قىلمىدىڭىز. بۇ نېمىدېگەن
ئادالەتسىزلىك ـ ھە! ئاھ! بۇ قانداق تەدبىردۇ؟ سىزگە
ئايان، مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە تۇرغان بىر ئاي ۋاقىت
ئىچىدە ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۆيىڭىزنىڭ تامىقىنى ئون
كۈنلا يېدىم. مەن ھازىرمۇ شۇنداق ئاجىز بىر ھالغا
كېلىپ قالدىم، بىر قەدەم ماڭسام كۆزۈم قاراڭغۇلى-
شىپ، خۇددى كۆز نۇرۇم تۈگىگەندەك، يۈرىكىمدىكى
قاننىڭ ئايلىنىشى توختىغاندەك بولۇپ قالىدۇ. بۇپتۇ،
مېنى ئازابلاۋېرىڭ، قانداق ئازابلىسىڭىزمۇ مەيلى. بۇ
ئادالەتسىزلىكنىڭمۇ تۈگەيدىغان چېكى بولار، ھازىر مەن
پۈتۈن ئۈمىدىمنى ئۆلۈمگىلا باغلاپ قويدۇم. ئەھۋالدىن
قارىغاندا، مېنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىمنى ئاڭلىغان ھامان
گۈلقەقەلىرىڭىز ئېچىلىپ قىنىڭىزغا سىغماي قالىدىغان
ئوخشايسىز. كۆزىڭىزدىنمۇ بىر تامچە ياشمۇ چىقمايدۇ.
لېكىن، بۇ سىزنىڭ ئەيىبىڭىز ئەمەس، بەلكى مېنىڭ
بەختسىزلىكىم. ئېھتىمال، مەن بۇ دۇنياغا تۆرەلمەس-
تىن بۇرۇن ئىنتايىن چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەندىمەن.

مەن سىزگە كۆڭۈل بەرمىسەم، سىزگە ئوخشاش مەنمۇ سىزگە پەرۋا قىلمىسام، سىزنى كۆزگە ئىلمىسام، سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈزۈپ تاشلىسام، دەپمۇ ئويلايمەن. بىراق، نېمىشقىدۇ، مەندە ئۇنداق غەيرەت يوق. يۆگىمەچ دەرەختەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايتتىمۇ؟ دەرەخ بىرەر نەرسىگە تايىنىشقا موهتاج ئەمەس، لېكىن يۆگىمەچتە ئۇنچىلىك قۇدرەت نېمە قىلسۇن؟ يۆگىمەچ غولى بىلەن ئەتراپىدىكى دەرەخلەرگە يامىشىدۇ. ئەگەر ئۇ دەرەختىن ئايرىلىپ قالسا قۇرۇپ قالىدۇ. ناۋادا مەن سىزدىن ئايرىلىدىغان بولسام ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىمنى پەرەز قىلالمايمەن. هاياتىمدىكى هەر بىر هەرىكەت، هەربىر پىكىر، هەربىر ئارزۇ سىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭىزنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مېنىڭ هاياتىم سىزنى مەركەز قىلغان. مەن سىزنىڭ يېپىڭىزغا باغلانغان گۈلچەمبىرەك، ئەگەر ئۇ يىپ بولمىسا گۈلچەمبىرەكنىڭ گۈللىرى پاتقاق ئۈستىگە چېچىلىپ كېتىدۇ.

مېنىڭ سىنو ئىسىملىك بىر قىز دوستۇم بار ئىدى، ئۇ بۇ يىل توي قىلدى. ئېرى قېينانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئۇ قىز خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالىدۇ. ئۇ بىر كۈندە نەچچە قېتىم گىرىم قىلىدىكەن — تاڭ، خۇددى گۈلدەك ئېچىلىپلا يۈرىدۇ. هاياجان ئىلكىدە قالغان هېسسىياتىنى هەر قانچە قىلىپمۇ باسالمايدۇ. ئۇ گويا ئۆزىنىڭ بەختىنى مېنىڭدەك بىر بەختسىز كىشى ئالدىدا كۆز - كۆز قىلىۋاتقاندەك خۇشاللىقىنى زادىلا باسالمايدۇ. ئۇ كېلىپ بوينۇمغا ئېسىلغاندا، ئۇنىڭ خۇشاللىق ۋە ئەسەبىيلىكتىن چىقىۋاتقان

ئىسسىق ياشلىرىغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. ئەر - خوتۇن ئىككىسى مۇھەببەت شارابىدىن غەرق مەست يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇلىمۇ، مال - دۇنياسىمۇ يوق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامرات تۇرمۇشىدىن رازى. دۇنيادا مۇنداق ئىناق - ئىجىل مۇھەببەتنىڭ بىر دەقىقىسىگە ئەرزىيدىغان يەنە قانداق نېمە باردۇ - ھە؟! بۇ خىل خۇشاللىق ۋە غەم - ئەندىشىسىز تۇرمۇش-نىڭ ئانچە ئۇزۇنغا بارمايدىغانلىقى ماڭا ئېنىق. ئېھتى-مال، ئۇلار تۇرمۇشىنىڭ ھەر خىل تەشۋىش ۋە ئۈمىد-سىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالار. بى-راق، شېرىن ئەسلىمىلەر خۇددى تويلىغان بايلىقتا ئوخ-شاش ھامان ئۇلارغا يار - يۆلەك بولىدۇ. قىيىنچىلىق شارائىتتا، مۇھەببەت سۈيىگە سالغان غورىگىل تاماقمۇ ئۇلارغا مەززىلىك تېتىيدۇ. مۇھەببەت رەڭگىنى ئالغان ماتا كىيىملەرنى كىيسىمۇ كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ. مۇ-ھەببەتنىڭ نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان كەپىمۇ ئۇلارغا شۇن-چىلىك راھەت بېرىدۇ. ئېرىدىن خەت كەلگەندە، ئۇ خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ يىغىسىدىمۇ، رەنجىشىدىمۇ بىر خىل شېرىن تەم ۋە ئىشقىي لەززەت بار. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە تاقەتسىزلىك ۋە ھاياجانلىق ياشلىرى ئوينايدۇ. مېنىڭ كۆزۈمدىكى بولسا ئۈمىدسىزلىك ۋە ئەلەم ياشلىرى؛ ئۇنىڭ خاتىرجەمسىز-لىكىگە ئىنتىزار ۋە بەخت يوشۇرۇنغان، مېنىڭ خاتىر-جەمسىزلىكىمدە مەھرۇم بولۇش بىلەن ئۈمىدسىزلىك يوشۇرۇنغان؛ ئۇنىڭ رەنجىشلىرىدە ھوقۇق ۋە ھېسسى-يات بار، مېنىڭ رەنجىشلىرىمدە بولسا پەقەت ھەسرەت بىلەن يىغىلا بار.

خېتىم بارغانسېرى ئۆزىراپ كېتىۋاتىدۇ. ھالبۇ-كى، قەلبىمدىكى ھەسرەت يېنىكلىگىنى يوق. يېقىندىن بېرى ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىپ كەتتى. دادام مېنى مايسولغا ئاپىرىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ. ئۇ تېنىمنىڭ ئاجىزلا-پ كەتكەنلىكىگە قاراپ مېنى سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىسا كېرەك. مېنىڭ ئۈچۈن مايسول ئەمەس، جەننەتنىڭمۇ زىندان بولىدىغان-لىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن.

بەختسىز گۈلسۈم

مېنىڭ باغرى تاش ئىلاھىم:

مەن تۈنۈگۈن مايسولدىن قايتىپ كەلدىم. كىشى-لەرنىڭ ئېيتىشىچە، مايسول ھاۋاسى تەنگە ياقىدىغان ۋە ئىنتايىن گۈزەل جاي ئىمىش، ئېھتىمال شۇنداقتۇ. ئەمما مەن ئۆيدىن بىر كۈنمۇ سىرتقا چىققىنىم يوق. جاراھەتلەنگەن يۈرەك ئۈچۈن ئېيتقاندا، پۈتۈن دۇنيا ئوخشاشلا زېرىكىشلىك.

كېچىدە قىزىق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. سىزگە ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ لېكىن، بۇنىڭ نېمىگە پايدىسى بار دەيسىز؟ نېمە ئۈچۈنكىن - تاڭ، ھازىر يەنە ئۆلۈمدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆمىدنىڭ بىر تال ئىنچىكە يىپى مېنى يەنىلا تۇرمۇش بىلەن باغلاپ تۇرۇپتۇ. گۈ-زەل ھايات باغچىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ بىر قېتىم سەيلە قىلالماي كەينىگە قاي-تىپ كېتىش كىشىگە نېمىدېگەن ئەلەم قىلىدۇ - ھە! ئۇنىڭ ئىچىدە گۈللەر، قىزىق تاماشىلار باردۇ. بىراق، مەن ئۈچۈن بۇ ئىشىك تاقاق. مەن بۇ لەززەتتىن بەھ-

رىمەن بولۇش ئۈچۈن تولۇپ ـ تاشقان ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر بىلەن تولۇق تەييارلىق قىلغانىدىم. ئەپسۇسكى، مەن يېتىپ كەلگەن ۋاقتىمدا دەرۋازا تاقىلىپ قاپتۇ.

خەيرىيەت، ئېيتىڭا، مەن ئۆلگەندە جەسىتىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆزىڭىزدىن ئىككى تامچە ياش تۆكەرسىزمۇ؟ سىز ئۆمۈرلۈك مەجبۇرىيەتنى زىممىڭىزگە ئالغان، ئۆلگۈچە مەن بىلەن بىرگە ئۆتۈشكە ۋەدە بېرىپ، مېنى قولتۇقلىغان تۇرۇقلۇق، ماڭا شۇنچىلىك رەھىمسىز كەلمەسمۇ؟ بارلىق ئادەملەر ئۆلگۈچىنى ئەپۇ قىلىدىكەن. سىزمۇ مېنى ئەپۇ قىلىڭ؛ مېنىڭ جەسىتىمنى ئۆز قولىڭىز بىلەن يۇيۇڭ؛ قىزىق سۇرۇغنى ئۆز قولىڭىز بىلەن پېشانەمگە تەگكۈزۈپ قويۇڭ؛ توي كۈنى سالغان بىلەزۈكنى ئۆز قولىڭىز بىلەن بىلىكىمگە سېلىپ قويۇڭ؛ گانگې دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئۆز قولىڭىز بىلەن ئېغىزىمغا تېمىتىڭ؛ يەنە مېنىڭ تاۋۇتۇمنى كۆتۈرۈپ بىر نەچچە قەدەم بولسىمۇ مېڭىپ قويۇڭ. بەس، مېنىڭ روھىم ئەنە شۇنچىلىك ئىشىڭىز بىلەنلا قانائەت تاپىدۇ. مەن سىزگە بەخت تىلەيمەن، مەن تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا تۇرۇپمۇ سىزنى ئەسلەيمەن. بۇ سىزچىمۇ ئۈستۈن تەلەپ ئەمەستۇ؟ سىز مانا مۇشۇ كىچىككىنە ئەدەبلىك ھەرىكىتىڭىز بىلەن بارلىق مەجبۇرىيەتلىرىڭىزدىن خالاس بولالايسىز. ئاھ! ئەگەر سىزنىڭ مۇشۇنچىلىك ئىلتىپات بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىڭىزغا بالدۇرراق ئىشىنىدىغان بولسام ئىدى، ئەزرائىلنىڭ كېلىشىنى خۇشاللىق بىلەن كۈتكەن بولاتتىم. مەن سىزدىن رەنجىمەيمەن، سىز شۇنچىلىك تاش يۈرەك بولسىڭىزمۇ ئۇنچىلا رەھىمسىز ئەمەس. مۇسىبەت خەۋ-

-رىمنى ئاڭلىغان هامان يېتىپ كېلىدىغانلىقىڭىزغا ئىـ
-شەنچىم كامىل. ئېھتىمال، مېنىڭ ئۆلۈمۈمدىن ھەسـ
-رەت چېكىپ بىر ئاز يىغلاپمۇ قويارسىز. ئەگەر مەن
ھايات ۋاقتىمدا مۇشۇ بەختىنىڭ يۈزىنى كۆرگەن بولسام
نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!

بۇنىڭدىن باشقا، سىزدىن بىر سوئال سورىسام بولا-
رمۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن رەنجىمەسلىكىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.
باشقا بىر بەختلىك ئايال مېنىڭ ئورنۇمنى ئىگەللىدىمۇ
قانداق؟ ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولغان بولسا سىزنى
تەبرىكلەيمەن. ئۇنىڭ رەسىمىنى ماڭا ئەۋەتىپ بېرىڭ،
ئۇنىڭغا سەجدە قىلاي، ئۇنىڭ پۇتىغا باش قويۇپ سالام
بېرەي. ئۇ مەن تەسىرلەندۇرەلمىگەن ئىلاھتىن ھىممەت-
كە ئىگە بوپتۇ. مۇشۇنداق بىر بەختلىك ئايالنىڭ پۇتىنى
يۇغان سۇنى ئىچىشكىمۇ تەييارمەن. مەن ئىككىڭلارغا
چىن دىلىمدىن بەخت تىلەيمەن. ئەگەر مەن خېنىمنىڭ
خىزمىتىنى قىلسام، بۇنىڭ سىزگە بىۋاستە ئەمەس،
بەلكى ۋاستىلىك ھالدا تەسىرى بولسىمۇ نېمىدېگەن
ياخشى بولاتتى ـ ھە! سىز پەقەت ئۇنىڭ نام ـ ئەمەلىنى
ۋە ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز مەن دەرھال
ئۇنىڭ يېنىغا باراي. مەن ئۇنىڭغا، خانىم، مەن سىزنىڭ
قۇلىڭىز، چۈنكى سىز مېنىڭ بېگىمنىڭ ئاشىقى. مېنى
ئۆيىڭىزدە قوندۇرۇشقا رۇخسەت قىلغايسىز! سىزگە
گۈل ـ چېچەكلەردىن تۆشەك سالاي؛ پېشانىڭىزدىكى
قىزىلنى مەرۋايىتلار بىلەن زىننەتلەي؛ پۇتىڭىزنىڭ
ئۆكچىسىنى چىرايلىق قىزىل رەڭ بىلەن بوياي، دەيـ
-مەن. مانا شۇلار ھاياتىمنىڭ نىشانىسى بولۇپ قالسۇن.
مېنى ئۆچمەنلىك قىلىدۇ، ھەسەت قىلىدۇ، دەپ قالماڭـ

لار. بىرى مەندىن ئۆز نەرسەمنى تارتىۋالسا ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىمەن، بىراق ئۆزۈمنىڭكىگە ئايلانمىغان نەرسە ئۈچۈن مەندە قانداقمۇ نەپرەت پەيدا بولسۇن؟

يەنە يازىدىغان سۆزلەر كۆپ ئىدى، ئەپسۇسكى دوختۇر كېلىپ قالدى. بۇ بىچارە دوختۇر ئىچىمدە يانغان تۇتۇنىنىڭ تەپتىنى سىل كېسىلىنىڭ ئالامىتى دەپ قاراۋاتىدۇ.

ئازابتىن قىينىلىۋاتقان گۈلسۈم

يۇقىرىدىكى ئىككى پارچە خەتنى ئوقۇپ بولغۇچە سەۋر-تاقىتىم قالمىدى. مەن ئەسلىي تەلۋىلىك نىسپ بولمىغان، ئىنتايىن سوغۇققان بىر ئادەممەن. سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش يازما نەرسىلەرگە ئوڭاي هاياجانلىنىپ كەتمەيمەن. نىمىنىڭ يۈرەكتىن چىققان سادا، نىمىنىڭ كىشىلەر قەلبىنى هاياجانغا سېلىش ئۈچۈنلا يېزىلغان نەرسە ئىكەنلىكى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق دائىم ئەدەبىي ئەسەرلەردىن لەززەتلىنىشىمگە توسقۇن بولۇپ كەلگەنىدى. بىراق، بۇ خەتلەر مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى. خەتنى ئوقۇپ بىر يېرىگە كەلگەندە كۆز يېشىمنى تۇتالمىدىم. نىمىدېگەن ئازابلىق يېزىلغان خەت بۇ! كىچىكىدىن ئاتا-ئانىسىنىڭ يۈرەك قېنى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر قىز توي قىلىپلا مۇشۇنداق بىر ئازاب ئىچىدە قالسا- هە! نىكاھ مۇراسىمىدىكى ئوت پىرىغا سىغىنىپ يېقىلغان ئوت گۈلسۈمنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن يېقىلغان ئوت بوپتۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىشى ئۈچۈن يېقىلغان ئوت بوپتۇ. شۈبهىسىزكى، بۇنداق پاجىئەلىك نىكاھ ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ. بىراق،

مۇشۇ جەمئىيەت شارائىتىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى يەنىلا مەۋجۇت. ئەر - ئاياللار باراۋەر ئورۇندا تۇرمايدىكەن، بۇنداق زەربىلەر كەلگۈسىدىمۇ سادىر بولىدۇ. ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش، ئېھتىمال، ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتى بولسا كېرەك. بىز كىشىلەرنىڭ ئادەم چىشلەيدىغان ئىتنى كۆرگەندە بەدەر قاچىدىغانلىقىنى، بالىلارنىڭ بولسا ياۋاش ئىتقا تاش ئېتىپ ئوينايدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەگەر سىزنىڭ تەڭ دەرىجىلىك ئىككى خىزمەتكارىڭىز بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادىلا تالاش - تارتىش بولمايدۇ. بىراق، سىز بۈگۈن ئۇلارنىڭ بىرىنى ئەمەلدارلىققا كۆتۈرۈپ، ئىككىنچىسىنى ئۇنىڭ قول ئاستىغا تاپشۇرسىڭىز، ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ ئۆزىدىن تۆۋەندىكىگە قانداق ھەيۋە كۆرسىتىدىغانلىقىنى شۇچاغدا كۆرىسىز. بەخت ئىچىگە چۆمگەن ئەر - خوتۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى پەقەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. مۇھەببەتنىڭ باراۋەرسىز شارائىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن گۇمانلىنىمەن. بۈگۈن بىز دەۋاتقان ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت، دېھقاننىڭ ئۆز ئۆلىغىغا بولغان مۇھەببىتىگە ئوخشايدۇ. ھايۋان بېشىنى كۆتۈرمەي ئىشلەيدۇ، ئىگىسى ئۇنىڭغا چۆپ ۋە كۇنجۇرە بېرىدۇ. باش - كۆزىنى سىلايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا تىل تۇمارلارنىمۇ ئېسىپ قويىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ قەدىمى بىر ئاز ئاستىلاپ قالسا ياكى بويىنىنى تولغاپ گەپكە كىرمىسە دېھقاننىڭ قامچىسى دەرھال ئۇنىڭ ساغرىسىغا تېگىدۇ. بۇنى ئەلۋەتتە، مۇھەببەت دېگىلى بولمايدۇ.

مەن بەشىنچى پارچە خەتنى ئاچتىم.

دەل مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك، سىزدىن بىرەر پارچە
جاۋاب خەتمۇ كەلمىدى. ئېنىقكى، سىز مېنى ئاللىقاچان
تاشلىۋېتىش قارارىغا كېلىپ بولغان. بىلگىنىڭىزنى قىل-
ىڭ! ئەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خوتۇن ئۇنىڭ پۈتىد-
كى كەش، خوتۇن كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەر
خۇددى بىر ئىلاھ، بەلكى ئىلاھتىنمۇ يۇقىرى. قىز بالا
چوڭ بولۇپ ئاق ـ قارىنى پەرق قىلىشقا باشلىغاندىلا
ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئېرىنى قىياس قىلىشقا باشلاي-
دۇ. مەنمۇ شۇنداق بولغان. مەن قونچاق ئويناپ يۈرگەن
چاغلىرىمدىلا سىز ئوغۇل قونچاق سۈپىتىدە قەلبىمگە
بۆسۈپ كىرگەن. مەن پۈتلىرىڭىزنى يۇغان، بوينىڭىزغا
گۈل ـ چەمبىرەكلەر ئاسقان، ئالدىڭىزغا ئېسىل تائاملار
كەلتۈرگەن. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن مەندە چۆ-
چەك ئاڭلايدىغان، ھېكايىلەرنى ئوقۇيدىغان ئادەت پەيدا
بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ سىز چۆچەكتىكى قەھرىمان
سۈپىتىدە بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلدىڭىز. قەلبىمنىڭ
چوڭقۇر يېرىدىن سىزگە ئورۇن بەردىم. شۇئاڭلاشقا،
سىز بالىلىق چاغلىرىمدىن باشلاپ ھەر خىل ئوبراز
بىلەن مېنىڭ ھاياتىمغا سىڭىپ كىردىڭىز. ئاشۇ پىكىر-
ھېسسىياتمېنىڭ قەلبىمدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، مې-
نى بەرپا قىلىپ تۇرغان تېنىمدىكى ھەر بىر زەررىچە
ئاشۇ خىل پىكىر ـ ھېسسىيات بىلەن سۇغىرىلدى.
ئۇلارنى يۈرەكتىن چىقىرىۋېتىش، ئەلۋەتتە، ئوڭاي ئە-
مەس، شۇنداق بولىدىغان بولسا، ۋۇجۇدۇمدىكى كىلىند-
كىلار بىر ـ بىرلەپ پارچىلىنىپ تۈگىشى مۇمكىن.
ئەگەر سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز شۇ بولسا، ئۇنىڭغىمۇ بولى-
دۇ. سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولۇش ئۈچۈن ھەرقانداق

نەرسىنى قىلىشقا كۆڭلۈمدە تەييارلىق قىلىپ قويدۇم
ھەتتا پۈتۈنلەي ھالاك بولۇش ئاقىۋىتىگە قالسامۇ مەيـ
لى. ھايات ياشىشىمدىكى مەقسىتىممۇ سىز ئۈچۈن ئۆ-
لۈش. مەن يۈز خاتىر ۋە ئار ـ نومۇس دېگەننى بىر
چەتكە قايرىپ قويدۇم. ئۆز غۇرۇرۇمنى ئۆزۈم ئاياغ ـ
ئاستى قىلدىم. بىراق، سىز مېنى قوبۇل قىلمىسىڭىز،
بۇنىڭغا مېنىڭ ئامالىم يوق. بۇ سىزنىڭ خاتالىقىڭىز
ئەمەس. جەزملەشتۈرىمەنكى، مېنىڭ قانداقتۇر بىرەر
جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىمدىن سىز شۇنداق كەسكىن ئۆز-
گىرىپ كەتتىڭىز. سىز ئۇ جىنايىتىمنى سۆزلەپ ئولتۇ-
رۇشنى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ ھېسابلىدىڭىز. باغرى تاش-
لىق قىلىشتىن باشقا ھەر قانداق جازاغا بەرداشلىق بې-
رىشكە تەييارلىق قىلىپ قويدۇم. سىز ئۆز قولىڭىز
بىلەن بىر قاچا زەھەرنى بەرسىڭىز ھېچقانداق ئىككىلەن-
مەيلا ئىچىۋېتىمەن. بىراق، تەقدىرنىڭ قىسمىتى بەكمۇ
غەلىتە بولىدىكەن: بۇرۇن مەندە، ئاياللار ئەرلەرنىڭ
قولى، دېگەن ئەقىدىنى قوبۇل قىلىشتا بەلگىلىك بىر
قارشىلىق بار ئىدى. چۈنكى، مەن ئاياللارنى ئەرلەرنىڭ
ھەمراھى، بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ ئايرىلماس قىسمى دەپ
قارايتتىم. ھازىر ھەممە نەرسە ماڭا ئايان بولدى. بىر
نەچچە كۈن ئىلگىرى بىر كىتاب ئوقۇۋىدىم، ئۇنىڭدا
مۇنداق دەپ يېزىپتۇ: قەدىمكى زاماندا ئاياللار خۇددى
ئات، كالا ۋە تېرىلغۇ يەرگە ئوخشاش ئەرلەرنىڭ مۈلكى
ھېسابلىنىدىكەن. ئەرلەر ئاياللارنى ساتىدىكەن، گۆرۈگە
قويىدىكەن، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. ئۇ چاغلاردا
نىكاھ تۈزۈمى مۇنداق ئىكەن: ئەر تەرەپ قولدار ئاقسۆ-
ڭەكلەرنىڭ پالۋانلىرى بىلەن بىللە تولۇق قوراللىنىپ

قىز تەرەپكە كېلىدىكەن ۋە قىزنى بۇلايدىكەن. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە قىزنىڭ ئائىلىسىدىكى مال - مۈلۈك
ئاشلىق، چارۋا، ئىشقىلىپ، قولغا ئىلىنغۇدەك نەرسە-
نىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ، ئۆينى قۇپقۇقۇق قىلىپ قوي-
دىكەن. ئۇلار قىزنى بۇلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ
پۇتىغا كىشەن سېلىپ ئۆز ئۆيىدە بەند قىلىدىكەن. ئۇ-
نىڭ غۇرۇرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، قىزغا ئەرلەرنىڭ ئۇ-
نىڭغا مۇقەددەس ئىلاھ بولىدىغانلىقى، ئېرىنىڭ بولۇشى
ئاياللار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەخت ئىكەنلىكى قاتارلىق
تەلىملەرنى سىڭدۈرىدىكەن. هازىرغىچە بىر نەچچە مىڭ
يىل ئۆتتى. ئەرلەرنىڭ ئەسلىدىكى شۇ خىل ھېسسىياتى-
دا قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى. بارلىق قەدىمكى قائىدە
- تۈزۈملەرگە بەزىبىر شەكلەن ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈ-
زۈلگەن ياكى كەم يەرلىرى تولدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەي-
نى ئەنئەنە يەنىلا ساقلاپ قېلىندى. مەن هازىر شۇنى
چۈشەندىمكى، ئۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئاياللارنىڭ جەمئى-
يەتتىكى ئورنىنى ھەقىقەتەن ئىللا بايان قىلغانىكەن!

مەن هازىر سىزدىن خەتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قاي-
تۇرۇپ بېرىشىڭىزنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن، بۇ مې-
نىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەلىپىم. سىزنىڭ ماڭا بەرگەن بار-
لىق زىننەت بۇيۇملىرىڭىز ۋە كىيىم - كېچەكلىرىڭىز
هازىر مەن ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز، مەندە ئۇ
نەرسىلەرنى ساقلايدىغان هوقۇقمۇ يوق. قايسى ۋاقىتتا
ئېلىشنى خالىسىڭىز، شۇ ۋاقىتتا كېلىپ ئەپكېتىڭ.

مەن ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساندۇققا سېلىپ قوي-
دۇم، تىزىمىمۇ بار، سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز بولىدۇ.
بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئېغىزىمدىن ياكى قەلىمىدىن

چىققان زارىمنى ئاڭلىيالمايسىز. سىز ھەرگىزمۇ مېنى ئۆزگىرىپ كەتتى ياكى مەندىن يۈز ئۆرۈپ كەتتى دەپ قالماڭ. مەن بۇ ئۆيدە غەم - پىراق ئىچىدە ئۆلۈپ تۈگەيمەن، بىراق سىزدىن ھەرگىزمۇ نارازى بولمايمەن. مېنى ئۆستۈرگەن مۇھىتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: خوتۇن ئەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىش، بۇ ئەقىدىنى ھەسەتخورلۇق ياكى ئۆچمەنلىك قەلبىمدىن قوغلاپ چىقىرالمايدۇ. مەن جەمەتىڭىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى بىلەن شان - شۆھرىتىنى قوغدايمەن. ھاياتلا بولىدىكەنمەن، سىزنىڭ بۇ يەردىكى دۇنيالىرىڭىزنى بېسىپ قالىمەن. ئەگەر قولۇمدىن كېلىدىغان بولسا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قايتۇرۇپ بەرگەن بولاتتىم، بىراق ماغدۇرۇم يەتمەيدۇ، سىزمۇ كېلىشكە ئامالسىز. خۇدادىن تىلەيدىغان بىردىنبىر تىلىكىم، ھەرجايدا بولسىڭىزمۇ خۇدا سىزنى بەختلىك قىلغاي. مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئاچچىق ساۋاق: قىز بولۇپ تۇغۇلۇش ئەڭ چوڭ گۇناھ ئىكەن. ئۆزى ئۇچۇن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق، ئاتا - ئانا ئۈچۈنمۇ، ئېرى ئۈچۈنمۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە. قىز بىچارە ئۆز ئۆيىدىمۇ ئىززەتلەنمەيدۇ، ئېرىنىڭ ئۆيىدىمۇ ھۆرمەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئائىلىمىز ھازىر قايغۇ - ئەلەم ماكانىغا ئايلىنىپ قالدى. ئانام ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىنى تۆكمەكتە، ئاتاممۇ قايغۇ ئىچىدە ئۆرتەنمەكتە. ئائىلىدىكى باشقا كىشىلەرنىڭمۇ كۆزلىرىدە دائىملا ياش، ئۇلار مەن ئۈچۈن روھىي جەھەتتە قاتتىق ئازاب چەكمەكتە. ئېھتىمال، ئۇلار «ئەگەر قىزىمىز بولمىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى» دەپمۇ ئويلايدىغاندۇ. بىراق، پۈتۈن دۇنيا مەن تەرەپتە بولسىمۇ، سىزنىڭ ئۈستىڭىز-

www.uyghurkitap.com

دىن غەلىبە قازىنىشىم مۇمكىن ئەمەس. سىز مېنىڭ خۇدايىم، سىزنىڭ ھۆكمىڭىز مۇتلەق ئۆزگەرمەس ھۆكۈمدۇر. شۇڭا ئەرز قىلىدىغانغىمۇ، مۇراجىئەت قىلىدىغانغىمۇ ئورۇن يوق. بەس، بۇ ئىشقا بۈگۈندىن ئېتىبارەن خاتىمە بېرىلدى. ھازىر پەقەت مەن ۋە مېنىڭ پارە - پارە بولغان يۈرىكىملا قالدى. ئۆكۈنىدىغىنىم، خىزمىتىڭىزدە بولالمىدىم.

بەختسىز گۈلسۈم

زۇۋان سۈرمەي قانچىلىك ۋاقىت ئازابلىنىپ ئولتۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن.

— سىز بۇ خەتلەرنى ئوقۇدىڭىز، كۆڭلىڭىزدە قانداق قارارغا كەلدىڭىز؟ — دېدى بىر ھازادىن كېيىن ناۋىن ئەپەندى.

— ئەگەر بۇ خەتلەر ھايۋان تەبىئەتلىك ئۇ ئەبلەخنى تەسىرلەندۈرەلمىگەن بولسا، مېنىڭ خېتىم قانچىلىك رول ئوينار؟ — دېدىم مەن قايغۇرغان ھالدا، — بۇ خەتلەردىنمۇ تەسىرلىك، ئېچىنىشلىق خەتلەرنى يېزىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. بۇ خەتلەر قانداق ئىنساننىڭ قەلبىنى ئويغىتالمايدۇ؟ مېنىڭچە، گۈلسۈم مېھرىبانلىق، نومۇسلىنىش، يىرگىنىش، ھەققانىيەت تۇيغۇسى قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېتىبارسىز قارىمىغان. مەن ئۈچۈن ھازىرقى بىردىنبىر ئامال، ئۇ ئېپلاسنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇيۈز سۆزلىشىش، شۇندىلا مەسىلىنىڭ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرگىلى بولار. مۇبادا ئۇ مەن رازى بولغۇدەك جاۋاب بەرمىسە، ئۇنىڭ بىلەن ئۆلۈم جېدىلىنى قىلىمەن. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ياكى مەن دارغا ئېسىلىمەن، ياكى ئۇ سۈرگۈن قىلىنىدۇ. گۈلسۈم

بۇ ئىشقا ئىنتايىن سەۋرچانلىق ۋە قەيسەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ئۇ ماختاشقا ئەرزىيدۇ. سەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگىن. بۇگۇن كەچتىلا پويىز بىلەن مۇراد ئابادقا بېرىپ، ئۇگۇنلۇككە، قانداقلا بولسۇن ساڭا بىر ئۇچۇرنى بېرىمەن. مېنىڭچە، ئۇ ئەخلاقى بۇزۇلغان بىر دۆت.

ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكىمنى بىلمەي-مەن. ئىككىمىز تاماق يەپ بولۇپ بىرلىكتە پويىز ئىستانسىسىغا باردۇق. ئۇ پويىزغا ئولتۇرۇپ ئاكۇلاغا، مەن مۇراد ئابادقا كەتتىم. مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۇ مېنىڭ ئاچچىقىمدا نادانلارچە بىرەر ھەرىكەت قىلىپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەپ دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالدى، مەن كۆپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىنلا يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى.

مۇراد ئابادقا سەھەردە يېتىپ كەلدىم ھەم تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتىم. بۇ ياشنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدىكى بۇرۇنقى گۇمان-لىرىمنىڭ ئاساسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ قوشنىلىرى، ئۇنىۋېرسى-تېتتىكى يېقىن ئارىلىشىدىغان دوستلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئۇنى بىر ئېغىزدىن ماختاپ كەتتى. بۇ كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدى-غان بىر ئىش ئىدى. بۇ ئىشقا زادىلا ئەقلىم يەتمىدى. كەچكە يېقىن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ ئالدىمغا ناھايىتى قىزغىن يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى مۇئامىلىسى ھازىرغىچە يادىمدىن چىقمايدۇ. بۇنداق تىلى يۇمشاق، نازاكەتلىك ۋە مۇلا-يىم يىگىتنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، شۇنداقلا، بۇنداق تىلى ۋە دىلى ئوخشىمايدىغان ئادەمنىمۇ ئاز ئۇچراتقانىدىم. مەن ئالدىن ئويلاپ قويغان سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىمدىن ئېغىز ئاچتىم:

— سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشال-مەن. گۇلسۇم بۇنچىلا قاتتىق جازالىنىغۇدەك نېمە جىنايەت ئۆت-كۈزدى؟ سىزگە بىر نەچچە قېتىم خەت يېزىپتۇ، سىز بولسىڭىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر قېتىممۇ جاۋاب يازماپسىز. ئۇ يەنە سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە ئۈچ قېتىم كەپتۇ، سىز ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماپسىز. بىگۇناھ قىزغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىش زالىملىق بولىدۇغۇ دەيمەن؟

— سىز مەندىن بۇ گەپنى سورىمىغان بولسىڭىز ياخشى بولاتتى، — دېدى يىگىت خىجالەت بولغان ھالدا، — بۇ مەن ئۈچۈن جاۋاب بېرىش ئىنتايىن قىيىن بىر مەسىلە. سىلەرنى بۇ مەسىلىنى پەرەز قىلالايدىغۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ئۇقۇشماسلىقنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن گەپنى ئېنىق قىلىپ ئېيتمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — سۆزلەپ كېلىۋېتىپ ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئېلېكتر چىرىغىنىڭ ئەتراپىدا رەڭگا رەڭ پەرۋانىلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى. بىر نەچچە قارا چېكەتكە بېشىمغا كېلىپ قونۇپ، ئاندىن خۇددى غەلىبە قىلىشقاندەك يەنە كېتىپ قېلىشتى. بىر چېكەتكە ئۈستەل ئۈستىگە كېلىپ چۈشتى، ئېھتىمال، ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۇچۇش ئۈچۈن كۈچىنى توپلاۋاتسا كېرەك. يىگىت شامالدۇرغۇچنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ كۇنۇپكىنى بېسىۋىدى، پەرۋانە بىلەن چېكەتكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇچۇرۇپ كېتىپ، ئادەملەرنىڭ ئۇلار ئويلىغاندەك ئاجىز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۆزۈن ئۆتمەي ئۇرۇش مەيدانى پاكىز تازىلىنىپ، بىزنىڭ سۆھبىتىمىزگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ھېچ نەرسە قالمىدى.

— مېنى ئىنتايىن ئاچ كۆز، شەخسىيەتچى ۋە پەسكەش ئادەم ئىكەن دەپ ئويلىغانسىز، — دېدى ئۇ بىر ئاز خىجىل بولغاندەك قىلىپ، — راستىمنى ئېيتسام، مۇشۇ توينى قىلىغانلىقىم ئۈچۈن ھاياتىمدىنمۇ قىممەتلىك بولغان ئۇلۇغۋار غايەم ئەمەلگە ئاشماي قالدى. مەن ئەسلىي توي قىلىشقا قوشۇلمىغاندىم، چۈنكى ئۆز پۇتۇمغا كىشەن سېلىشنى خالىمايتتىم، لېكىن ناۋىن ئەپەندى ئېسىلىۋېلىپ زادىلا ئۇنىمىدى. شۇنىڭ

بىلەن مەن ناۋىن ئەپەندىنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن مېنىڭ ئارزۇ-يۇمغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىدىغانلىقى چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاندىن توي قىلىشقا قوشۇلدۇم. بىراق، تويدىن كې-يىن، ئۇ بۇ ئىش توغرىسىدا زادىلا ئېغىز ئاچمىدى ياكى بىرەر پارچە خەت يېزىپ بولسىمۇ مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىدىغان ئى-شىمنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ئېيتمىدى. گەرچە مەن ئاللىبۇرۇنلا ئۇنىڭغا ئۆز ئارزۇيۇمنى ئېيتقان بولسامۇ ئۇ مې-نىڭ ئۇ ئارزۇيۇمدىن ۋاز كېچىشىمنى مۇۋاپىق دەپ قارىدى. ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىقى مېنىڭ غايىلىرىمنى بىتچىت قىلدى. ھازىر مەن ئۇچۇن يەنە قانداق چىقىش يولى بار دەيسىز؟ قانۇنشۇناسلىقنىڭ باكالاۋرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ئاندىن يۇ-گور - يېتىم ئىشلارنى قىلىمەن شۇ.

— ناۋىن ئەپەندىدىن نېمە قىلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلى-سىز؟ بار دۇنياسى تويدا خەجلىنىپ يېنىدا كۆپ نەرسىمۇ قالمى-دى، شۇڭا ئەتراپلىق ئويلىمىدى، دەپ ئۇنىڭدىن رەنجىشىنىڭ ئورنى يوق. سىزنىڭ چەت ئەلگە چىقىش خىراجىتىڭىزگە، ئېھتىمال، ئۇنىڭ قۇربى يەتمەس، — دېدىم مەن.

— ئۇنداق بولغاندىن كېيىن بالدۇرراق ئېنىق گەپنى ئېيتىش كېرەكتە، — دېدى يىگىت بېشىنى يەردىن ئالماي، — ئېنىقىنى ئېيتقان بولسا مەن ئۇنىڭ قىزى بىلەن توي قىلاتتىممۇ؟ بۇ تويدا ئۇنىڭ قانچە كۆپ پۇل خەجلىگىنىنىڭ مەن ئۇچۇن نېمە پايدىسى بار؟ ئىككى تەرەپ ئىشلەتكەن ئون مىڭ رۇبلى بىكارغىلا كەتتى، مېنىڭ ئارزۇيۇمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭ كۆپۈككە ئايلاندى. دادام يېقىندا بىر نەچچە مىڭ رۇبلىنى قەرزگە تۆلىدى. ھازىر ئۇ مېنى ئەنگلىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتەلمەي-دۇ. قىممەتلىك ناۋىن ئەپەندىنىڭ مېنىڭ ئەنگلىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكۈسى بولسا زادىلا ئامال قىلالماسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر نەچچە ئون مىڭ رۇبلى ھېچ گەپ ئەمەسقۇ!

مەن بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمىدىم. ئىچىمدە ئۆز – ئۆزۈمگە، بۇ دۇنياغا لەنەت! ھىندىستان جەمئىيىتىگە لەنەت! سەندە ئەنە شۇنداق شەخسىيەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان ئادەملەر مەۋجۇت. ئۇ بىر ئاجىز قىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى چوڭقۇر ھاڭنىڭ كىرۋىكىگە ئەپكېلىپ قويدى، قېيناتىسىغا بولسا شەپقەتسىزلىك بىلەن بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئالىي مەرتىۋىگە ئىگە بولماقچى بولۇۋاتىدۇ. چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش تەلىپى يامان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئاللاتائاللا ساڭا بۇنچىلىك ئىقتىدارنى ئاتا قىلغان ئىكەن، ئەلۋەتتە بېرىشىڭ كېرەك. لېكىن، خوتۇنۇڭدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن ئوقۇش راسخوتىنى قېيناتاڭنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇش ئۇياتسىزلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى ئەمەسمۇ! ئەگەر ئۆز ئىقتىدارىڭغا تايىنىپ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇساڭ، ئۇ چاغدا سېنى ماختىسا بولىدۇ. ئۇنداق قىلماي ئۆز غۇرۇرىڭنى ئاياغ – ئاستى قىلىپ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشۇڭنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ بۇ شەرمەندىنىڭ نەزىرىدە گۈلسۇمنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق. ئۇ گۈلسۇمنى پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسىي مۇددىئاسىغا يېتىشتىكى قورالى قىلدۇالغان. بۇنداق تېگى پەس ئادەم بىلەن مۇنازىرىلىشىشنىڭ پايدىسى يوق. ئەنئەنىۋى ئادەتلەر بىزنىڭ كوكۇلىمىزنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويغان. بىزدە ئۇنىڭغا باش ئېگىشتىن باشقا ھېچقانداق ئامال بولمىسا كېرەك.

مەن ئاكۇلاغا قايتىپ كېلىپ بارلىق ئەھۋالنى ناۋىن ئەپەندىگە ئېيتىپ بەردىم. بىچارە ناۋىن ئەپەندى بارلىق مەسئۇلىيەتنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشىنى نەدىن بىلسۇن؟! ئېغىر كاساتچىلىق بولۇۋاتقان بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئادۋوكاتلىق كەسپىمۇ سۇغا چىلىشىپ قالغانىدى. ئۇ بەش مىڭ ياكى ئون مىڭ رۇبلىلىق خىراجەتنى ئوڭايلىق بىلەن ھۆددىگە ئالالمايتتى. كۆيئوغلى بۇ ئىشتىن ئۇنىڭغا بۇرۇنراق بىشارەت بەرگەن بولسا،

ئۇ قانداقلا بولسۇن بىر ئامالىنى قىلغان بولاتتى. گۆلسۈمدىن باشقا ئۇلارنىڭ نېمىسى بار؟ مەن بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىۋات-قان چېغىمدا، ئۇ:

— تۇفى! شۇنچىلىك يۈز - ئابرۇيى بار ئادەمنىڭ مۇشۇن-چىلىك بىر كىچىك ئىشنى شۇنچىۋالا يوغىنىتىۋەتكىنىنى قارا! سەن بۇگۇنلا ئۇنىڭغا خەت ياز. قاچان، قايسى ئەلگە بېرىپ ئوقۇيمەن دېسە ئوقۇپ كەلسۇن. ئۇنىڭ پۇتۇن راسخوتىنى ئۇس-تۇمگە ئېلىشقا مەن رازى. بۇ شەپقەتسىز ئەبلەخ گۆلسۈمنى توپتورا بىر يىل زار قاخشىتىپ، ئۆلتۇرۇپ قويۇشقا تاس قال-دى! — دېدى.

گۆلسۈم بۇ ئىشلارنى ئانىسىدىن ئاڭلاپتۇ، ئۇلارنىڭ كۆي-ئوغلىغا مىڭ رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ. ئېيتىپتۇ.

— ئانا، سىز دادامغا ئېيتىڭ، — دەپتۇ گۆلسۈم قوشۇ-مىسىنى تۇرۇپ، — پۇل ئەۋەتىشىنىڭ ھاجىتى يوق!

تەئەججۇپلەنگەن ئانا قىزىغا قاراپ:

— ھە! نېمە ئۇچۇن؟ بالىمىز چەت ئەلگە چىقىمەن دېسە چىقىپ ئوقۇپ كەلسۇن، بىز ئۇنى نېمىشقا توسايتتۇق؟ بىزنىڭ پۇلىمىز سىلەرنىڭ پۇلۇڭلار، بىز ئۇنى گۆرىمىزگە ئە-كىرىپ كېتەتتۇقمۇ؟ — دەپتۇ.

— ياق، سىز دادامغا ئېيتىڭ، بىر تىيىنمۇ ئەۋەتمىسۇن.

— نېمىشقا ئەۋەتمەيمىز؟

— بۇمۇ قاراقچىلارنىڭ بىر ئادەمنى تۇتۇپ كېتىپ ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرىگە پۇل تۆلەپ ياندۇرۇۋېلىشنى، بولمىسا ئۆلتۇرۇ-ۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سېلىپ مال - دۇنياغا ئىگە بولغىنىغا ئوخشاش بۇلاڭچىلىق قىلمىش.

— بالام، — دەپتۇ ئانا قىزىغا رەنجىگەن نەزەردە قاراپ، — نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ شۇنچە ۋاقىتلاردىن بېرى

www.uyghurkitap.com

ئېرىمىگەن توڭ ئېراي دەۋاتسا سەن ئۇنى يەنە توڭلاتماقچىمۇ؟

— توڭلىسا توڭلاۋەرسۇن! — دەپتۇ گۇلسۇم غەزەپلىنىپ تىترەپ، — ئۇ ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى، تەكەببۇر، رەزىل، ئۇياتسىز ئادەم. مەن ئۇنداق ئادەم بىلەن بىرگە بولالمايمەن. سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، ئەگەر پۇلنى ئەۋەتىدىغان بولساڭلار زەھەر ئىچىۋالىمەن. بۇنى پوپوزا قىلىپ دەۋاتقان گەپ دەپ قالماڭ. مېنىڭ ئۇنداق ئادەمنىڭ تەلەتىنى كۆرۈشكە رايىممۇ يوق. سىز دادامغا ئېيتىڭ، ئەگەر قورقسىڭىز، مەن ئۆزۈم ئېيتاي. مەن مۇستەقىل ياشاشنى قارار قىلدىم.

ئانا قىزنىڭ شەلپەردەك قىزارغان يۈزىگە قاراپتۇ. گۇلسۇم بۇ جەھەتتە يەنە بىر نەرسە سۆزلەشنى ياكى ئاڭلاشنى خالىمايدىغاندەك ئەلپازدا تۇرغۇدەك.

ئەتىسى ناۋىن ئەپەندى ئەھۋاللارنى ماڭا ئېيتىپ بەردى. مەن ھاياجاندىن ئۆزۈمنى باسالماي، گۇلسۇمنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ ئۇنى باغرىمغا باستىم. مەن ئايالنىڭ بۇ خىل غۇرۇرىنى كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. گۇلسۇمنىڭ دېگەنلىرى دەل مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئويلىغانلىرىم، دەل مەن ئېغىزىمدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىغان سۆزلەر ئىدى.

يەنە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئاڭلىسام، گۇلسۇم ئېرىگە بىر پارچە خەتمۇ يازماپتۇ، ئۇنىڭ بىر ئېغىز سۆزىنىمۇ قىلماپتۇ. ناۋىن ئەپەندى بىر نەچچە قېتىم كۈيئوغلىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، گۇلسۇم ئېرىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاشنى زادىلا خالىماپتۇ. ئۇنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئىرادىسى ئىنتايىن قەتئىي بولۇپ، ئاڭلىغان ئادەم تەسىرلەنمەي قالمايتتى. بۇرۇن ئۇنىڭ چىرايى ئۈمىدسىزلىك ۋە ئازاب دەستىدىن سارغايغان ۋە نۇرسىزلانغان بولسا، ھازىر غۇرۇر ۋە مۇستەقىل ياشاشتىن پەيدا بولغان قىزىللىقتىن نۇرلىنىپ تۇراتتى.

# بىر تال چاچ

## كارل سپرىنگىنسمىت (ئاۋستىرىيە)

### نىجات مۇخلىس تەرجىمىسى

بىز، كىچىك ئاپام سىرىنى ئاشكارىلىۋەتسە بولمامدىغاندۇ! ئىلگىرى بىز گۈدەك ئىدۇق، ئەمدى چوڭ بولدۇق، ئەقىل تاپتۇق، شۇنداق ئىكەن بىزدىن سىرىنى يوشۇرمىسا بولاتتى، دەپ ئويلايتتۇق. كىچىك ئاپىمىز ئالتۇن مېدالىيونىنى ئىنچىكە بىر زەنجىرگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ بويىنىدىن چۈشۈرمەي ئېسىپ يۈرەتتى. بىز ئۇنى داۋاملىق ئېسىپ يۈرگىنىگە قاراپ ئۇنىڭدا چوقۇم بىر سەۋەب بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ قىز چاغلىرىدا سۆيگەن يىگىتىنىڭ سۈرىتى بارمۇ تېخى، دەپ پەرەز قىلىشتۇق. «بۇ يىگىت كىمدۇ؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا قانداق مۇھەببەتلەشكەندۇ؟ ئۇ چاغدىكى ئىشلار زادى قانداق بولغان بولغىيدى؟» ئاخىرى يوق بۇ سوئاللار بىزنىڭ ئىچىمىزنى پۇشۇراتتى.

ئاخىر بىر كىچىك ئاپىمىزنى ئالتۇن مېدالىيونىنى بىزگە كۆرسىتىشكە ماقۇل قىلدۇق. بىز ئۇنىڭغا تاقەتسىزلىك بىلەن قاراپ تۇردۇق. ئۇ ئالىقىنىنىڭ ئۈستىگە مېدالىيونىنى قويۇپ تىرنىقىنى ئارىلىقىغا ئاستا پاتۇرغانىدى، مېدالىيونىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى.

ھەممىمىز ھەيران قېلىپ لاسىدە بولۇپ قالدۇق. ئىچىدە رەسىم تۇرماق سارغىيىپ كەتكەن بىر پارچە قەغەزمۇ يوق ئىد-

دى، پەقەت كېيىنەك شەكلىدە چېگىلگەن ئايال كىشىنىڭ بىر تال چېچىلا تۇراتتى. ھەممىمىز تەڭلا:

— ۋۇي، ئىچىدە مۇشۇ بىر تاللا چاچ بارمىدى؟ — دەپ سورىدۇق.

— ھەئە، مۇشۇ بىر تاللا چاچ بار ئىدى، — دېدى كىچىك ئاپام كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىر تال چېچىم مېنىڭ تەقدىرىم بىلەن مەھكەم باغلانغان. راستىنى ئېيتسام، بۇ بىر تال چاچ مېنىڭ مۇھەببىتىمنى بەلگىلىگەن، ھازىرقى زاماننىڭ ياشلىرى بۇنى چۈشەنمەيدۇ. سىلەر ئۆز مۇھەببىتىڭلارغا سەل قارايسىلەر، تېخىمۇ ناچار يېرىڭلار، ئۆزۈڭلارنى چىڭراق تۇتۇشنى ئويلاپمۇ قويمايسىلەر. سىلەر ئۈچۈن ھەممە ئىشلار ئۆز جايىدا كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. شۇڭا، يىگىتلەر مۇھەببەت ئىزھار قىلسا كېيىننى ئويلىماي ئاسانلا قوبۇل قىلىپ ئۆزۈڭلارنى تۇتقۇزۇپ قويىسىلەر.

مەن ئۇ چاغلاردا ئون توققۇز ياشتا ئىدىم، يىگىتىم يىگىرمە ياشلاردا بار ئىدى. قامەتلىك، چىرايلىق يىگىت ئىدى. مۇھىمى، ئۇ مېنى بەك ياخشى كۆرەتتى، داۋاملىق «ماڭا ئىشىنىڭ» دەپ تۇراتتى. ئىككىمىز كۆپ گەپلەرنى قىلىشالمىغان بولساقمۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭغا ئىشىنەتتىم.

بىر كۈنى ئۇ مېنى تاغقا چىقىپ سەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. بىز ئۇنىڭ دادىسى ئۇۋغا چىققاندا ئىشلىتىدىغان خالىي بىر كەپىدە تۈنىمەكچى بولدۇق. مەن بىر ھازاغىچە ئىككىلىنىپ قالدىم، چۈنكى مەن گەپ توقۇپ ئاتا ـ ئانامنى خاتىرجەم قىلىشىم كېرەك ئىدى. ئۇنداق قىلمىسام ئۇلار مېنىڭ بۇ ئىشىمغا ھەرگىزمۇ قوشۇلمايتتى. شۇڭا، مەن چىرايلىق سۆزلەرنى توقۇپ ئۇلارنى ئالدىدىم.

ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىغا جايلاشقان كەپە تولىمۇ تىنچ ئىدى، ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ ئوت يېقىپ

قازاننىڭ ئەتراپىدا ئالدىراپ يۈردى. مەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ شورپا قايناتتىم. تاماقتىن كېيىن ئىككىمىز كەپىدىن چىقىپ گۇگۇم قوينىغا چۆمگەن ئورمانلىق ئىچىدە ئاستا ماڭدۇق. ئەت-راپ جىمجىت، پەقەت يۈرەكنىڭ كۈچلۈك سوقۇشىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ ئاغزىغا گەپ كېلەمدۇ دەيسىز-لەر؟

بىز كەپىگە قايتىپ كەلدۇق. ئۇ ماڭا كەپىنىڭ ئىچىگە بىر كارىۋات قۇرۇپ بەردى، ئۆزى سىرتتا ياتىدىغان بولدى. ئۇ ئىشنى شۇنچىلىك ئەتراپلىق ئويلىغانىدى.

مەن كەپىگە كىرىپ كىيىملىرىمنى سېلىپ ياتتىم. ئاچقۇچ قۇلۇپتا ئىدى. ئىشىكنى ئىلىپ قويسام بولارمۇ؟ بۇنداق قىل-سام، ئۇ ئىشىك ئىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قېلىپ باشقىچە خىيال-لاردا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۆزۈمگىمۇ ئىشىكنى ئى-چىدىن ئىلىپ قويۇش تولىمۇ گۆدەكلىك ھەم كۈلكىلىك ئىش-تەك تۇيۇلدى. ئەگەر ئۇ كېچىسى نىيىتىنى بۇزۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسا، ئۇ چاغدا ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويغان بىلەنمۇ بىكار - دە. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئىش بەكلا مۇھىم ئىدى، چۈنكى بۇ ئىش ئىككىمىزنىڭ ئۆمۈرلۈك تەقدىرىگە بېرىپ تاقىلاتتى. باشقىچە ئېيتقاندا، تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بەل-گىلەيدىغان ئادەم ئاشۇ يىگىتىم ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭدىن ئەنسىرى-مىسەممۇ بولاتتى.

شۇ ئارىدا كۆڭلۈمگە ئاجايىپ بىر ئوي كەچتى. توغرا، مەن ئۆزۈمنى ئۆي ئىچىگە «سولىشىم» كېرەك. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆزۈمنى قوغدىمايمۇ بولمايدۇ. مەن ئاۋايلاپ دەسسەپ ئىشىكنىڭ قېشىغا كەلدىم، بېشىمدىن بىر تال چېچىمنى يۇلۇ-ۋېلىپ، ئىشىكنىڭ تۇتقۇچى بىلەن قۇلۇپنىڭ ئۈستىگە چىرماپ باغلاپ قويدۇم. ئۇ تۇتقۇچقا قول ئۇزارتىسىلا چاچ ئۈزۈلۈپ كېتەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەن چېچىمنى ئۆز پېتى پىشىۋالدىم. بۇ چاچ ئىككىمىزنى چىڭ بىرلەشتۈردى. ئۇ ھاياتتىكى ھەممە نەرسىدىن ئەلا ئىدى. شارائىت پىششىپ يېتىلگەندە بىز توي قىلدۇق. ئۇ كىم دېمەمسىلەر، ئۇ مېنىڭ ئېرىم دوگلاس. سىلەر ئۇنى تونۇيسىلەر، ئۇنىڭ مېنى ئۆمۈربويى بەختلىك قىلـغانلىقىدىنمۇ خەۋىرىڭلار بار. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ بىر تال چاچ ئىنچىكە بولغىنى بىلەن مېنىڭ پۈتۈن تەقدىرىمنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

# ۋىدالىشىش

## ئارتور شنىتسلېر (ئاۋستىرىيە)

قادىر ئوسمان
ئەلا ئۆمەر باقى تەرجىمىسى

ئالبېرت بىر سائەت ساقلىدى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، ھەتتا ئۆزىنىڭ نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىپمۇ قىلچە ئازادىلىك ھېس قىلمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بۇنداق ئەھۋالغا كۆنۈپ قالغانىدى. ھەر قېتىم بىر سائەت، ھەتتا ئىككى ـ ئۈچ سائەت كۈتەتتى. ئاخىرىغا كېلىپ بۇ كۈتۈشلىرى بىكار بولۇپ چىقاتتى. بۇنى ئۇ ئاننادىن كۆرمەيتتى، چۈنكى ئېرى ئۆيدە بولسا سىرتقا چىقالمايدىغان گەپ ـ دە. ئېرى سىرتقا چىقىپ كەتكەن چاغدىلا ئاننا ئاچچىقلانغان، پەرىشان ھالدا ئالبېرتنىڭ يېنىغا كېلەتتى، ئۇنىڭ لەۋلىرىگە ئىنتىزارلىق بىلەن سۆيۈپ قويۇپلا ئىتتىك ئارقىسىغا يېنىپ پەلەمپەيدىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ كېتەتتى. ئالبېرت يەنە ئۆزى يالغۇز قالاتتى. ھەر قېتىم بۇنداق چاغدا ئىلگىرىكىدەك ئۆزىنى سافاغا تاشلايتتى، ھاياجان ئىلكىدە سائەت ـ سائەتلەپ كۈتۈپ ھالىدىن كېتەتتى، ھېچ ئىشقا قولى بارمايتتى. توختىماي داۋاملىشىۋاتقان بۇ خىل كۈتۈشلەر ئۇنى بارا ـ بارا نابۇت قىلىۋاتاتتى. بۇ ئىش بۇ يىل باھاردا باشلانغان بولۇپ، ئۈچ ئايدەك بولغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن باشلاپ دېرىزە پەردىسى چۈشۈرۈلگەن ئۆيدە ئاننا-

www.uyghurkitap.com

نى كۆتەتتى، ھېچ ئىشقا قولى بارمايتتى. بىرەر پارچە كىتاب ياكى گېزىت ئوقۇشقىمۇ كۆڭلى تارتمايتتى. پەقەت كەيىن-كەينىدىن تاماكا چېكىپ ئۆينى ئىسقا تولدۇرۇۋېتەتتى. ئۇ ئى-شىكنى ھەممىشە ئوچۇق قوياتتى. ئاننا بىلەن دېيىشىپ قويغاندا ئەر خىزمەتكار ئۆيدە بولمايتتى. ھەر نۆۋەت ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىغاندا ئۇ قاتتىق چۆچۈپ كېتەتتى. ئاننا كەلگەندە ئال-بېرت ئېغىر بىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك يېنىكلەپ قالاتتى. بەزىدە خۇشاللىقىدىن يىغلاپمۇ كېتەتتى.

ئالبېرت ھەر كۈنى ئاننانى سائەت يەتتىگىچە ساقلايتتى. ئۇلار شۇنداق كېلىشىۋالغانىدى. سائەت يەتتىدىن كېيىن ئاننا سىرتقا چىقالمايتتى. ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئانناغا: «سائەت يەتتىدىن كېيىن سىرتقا چىقىپ ئايلىنىمەن. بولمىسا يولىڭىزغا قاراۋې-رىپ ئىچىم بەكلا تىتىلداپ كېتىدىكەن» دېگەنىدى. ئالبېرت تېخى بايىلا ئۆتۈپ كەتكەن بىرنەچچە سائەتنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىز قورقۇنچ ئىچىدە قالدى. ئۆتكەن يىلى ياز پەسلىنى ئويلاپ ئىچ - ئىچىدىن ئازابلاندى، شۇنىسى، ئۇ چاغدا ھەممىلا ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئىلكىدە ئىدى، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن دائىم سىرتلارنى ئايلىنىپ كەلگەن، دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ سۇغا چۆمۈلگەن، كۈنلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەن، ئۆزىمۇ بۆلەكچىلا روھلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەركىنلىككە، ساياھەت قىلىشقا، يىراق - يىراقلارغا بېرىشقا، تەنها يۈرۈشكە تەشنا ئىدى. لېكىن، ئانناغا ئىچ - ئىچىدىن كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭدىن بىردەم ئايرىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمايتتى.

مانا بۈگۈن ئالبېرتقا ئۆتكەن كۈنلەر ئىچىدىكى ئەڭ كۆ-ڭۈلسىز بىر كۈن بولدى، تۈنۈگۈن ئاننا كەلمىدى، ئۇمۇ ئاننا-دىن بىرەر خەۋەر ئالالمىدى. سائەت يەتتە بولاي دەپ قالدى. بۈگۈن ئۇ ئۆزىنى يېنىكلەپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى. ئەمدى نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. تېخىمۇ يامىنى، ئاننانى ئىز-

دەپ بارالمايتتى. ئاننانىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش ۋە دېرىزە سىرتىدا ئايلىنىپ يۈرۈشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشنى قىلالمايت-تى. ئاننانىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلىشكە بىرەرىنى ئەۋەتەلمەيت-تى. ئىككىيلەننىڭ تونۇشىدىغانلىقىنى ئىنس ـ جىن بىلمەيت-تى، ئۇلار دىلىغۇللۇق، تەشۋىشلىك بىر خىل مۇھەببەتنى باش-تىن كەچۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، خۇپىيانە مۇناسىۋىتىنى خەقلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. ئالبېرت ئـۆزلىرىـنىڭ مـۇنـاسىۋىتىنىڭ قاتتىق مەخپىيەتلىك ئىچىدە داۋاملىشىشىنى خـالايتتـى. لېكىن بـۈگـۈنـكىدەك كۈن كىشىنى تولىمۇ ئازابلايدۇ ـ دە!

سائەت سەككىزدىن ئاشتى، ئاننا تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى. ئالبېرت بىر سـائـەتنـى ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ، كۆزنەكتىن پات ـ پات كارىدورغا قاراپ قويۇش بىلەن ئۆتكۈزدى. كارىدور-دىكى گازۋاي لامپا ئەمدىلا يورۇتۇلغانىدى. ئالبېرت ھۇجرىسىغا كىرىپ، خۇددى ھاردۇق يەتكەن ئادەمدەك ساپاغا ئۆزىنى تاشلى-دى. چىراغ غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. تەخمىنەن يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە سىرتنى ئايلىنىپ كىرمەكچى بولدى. نېمىشقىدۇر، بىرنەچ-چە سائەت يول ماڭغان ئادەمدەك بېشى ئاغرىپ، پۇت ـ قوللىرى سىرقىراپ تۇراتتى.

ئالبېرت بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، ئاخىر ئاننانىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ھەممە دېرىزە پەردىلىرىنىڭ چۈشۈ-رۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۆلەكچىلا خاتىرجەم بولدى. تا-ماقخانا بىلەن ھۇجرا ئۆيىنىڭ دېرىزە پەردىسىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن چىراغ نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ قارشىسىدىكى پىيادىلەر يولىدا دېرىزىلەردىن كۆز ئۈزمەي يېرىم سائەتتەك ئايلىنىپ يۈردى. كوچىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. شۇ ئەسنادا، ئاننانىڭ ئۆيىدىن بىر نەچچە ئايال خىزمەتكار بىلەن دېدەكلەر چىقىپ قالدى.

ئالبېرت ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن دەرھال كەينىگە ياندى. شۇ كېچىسى ئۇ بەكمۇ تاتلىق ئۇخلىدى.

ئەتىسى ئالبېرت خېلىغىچە كارىۋاتتىن چۈشمەي ياتتى. ئۇ تۇنۇگۇن ئاخشاملا خىزمەتكارىغا «مېنى ئويغاتما» دېگەن مەزمۇندا ئىككىلىك خەت يېزىپ دەھلىزگە قويۇپ قويغانىدى. ئۇن بولغاندا قوڭغۇراق چالدى. خىزمەتكار ناشتىلىق ئەكىردى. پەتنۇستا تېخى بايىلا كەلگەن خەت ــ چەكلەر تۇراتتى، ئېنىقكى، بۇنىڭ ئىچىدە ئانىنىڭ خېتى يوق، لېكىن ئالبېرت دەرھال كۆڭلىدە: «ئانىنا چۈشتىن كېيىن كېلىدۇ، بۇ تېخى ياخشى ئەمەسمۇ! ئەمدى سائەت ئۈچكىچە بولغان ۋاقىتنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم» دېدى.

ئالبېرت چۈشلۈك تامىقنى يەپ بولۇپ، سائەت دەل ئۈچ بولغاندا ئۆيگە قايتىپ كەلدى ۋە دەھلىزدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ پەلەمپەيدىكى ھەر ھەرقانداق ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانسا ئالبېرت بەكلا خۇشال بولۇپ كېتەتتى، چۈنكى ئاياغ تىۋىشى يېڭى بىر ئۈمىدتىن دېرەك بېرەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ھەر قېتىمقى خۇشاللىقى ھە دېگەندىلا يوققا چىقاتتى. سائەت تۆت، بەش، ئالتە، ھەتتا يەتتىمۇ بولدى. ئانىنا كەلمىدى. ئالبېرت ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يېنىك ئۇھ تارتاتتى. ئاخىر بېشى قايغاندەك بولۇپ كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى. پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزگەن ئالبېرت يەنە كۆتۈۋېرىشكە تاقىتى قالماي بولدى قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ بۇ بەختكە تولىمۇ يۇقىرى بەدەل تۆلەۋاتاتتى... ئەمدى ئۇ باشقىچە يول تۇتمىسا بولمايتتى. ئېيتايلۇق، بىر سائەت ياكى ئىككى سائەت ساقلىسىمۇ مەيلى، ئىشقىلىپ، يەنە ساقلاۋەرسە بولمايدۇ ـ دە، بولمىسا ئۇنىڭ زېھنىي ـ قۇۋۋىتى، سالامەتلىكى ھەتتا مۇھەببىتىمۇ بەربات بولۇپ كېتىشى تۇرغان گەپ. ئالبېرت ئانىنانى خىيالىدىن چىقارماي، ئۇي ـ خىياللىرىنىڭ خۇددى قالايمىقان چۈش كۆرۈ-

ۋاتقانداك چىگىشلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئالبېرت كا-رىۋاتتىن شاققىدە چۈشتى - دە، دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ كوچىغا قارىدى. خىرە كېچە مەنزىرىسىگە تەزەر سالدى ... ئاھ ... ئۇ يەردە ... ئاشۇ دوقمۇشتا... ھەممىلا ئايال ئۇنىڭغا خۇددى ئانىدادەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئالبېرت دېرىزە يېنىدىن ئايرىلدى. ئانىنا ئەمدى كەلمەيدىغاندەك ئىدى. ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. تۇيۇقسىز، ئانىنانى سائەتلەپ كۈتۈپ تازىمۇ ئەخمەق-لىق قىلىۋاتىمەنمۇ قانداق، بەلكىم ئۇنىڭ سىرتقا چىقىشىغا ئەمدى پۇرسەت كەلگەندۇ ... بۇگۈن چۈشتىن بۇرۇن يېنىمغا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى. «ھازىردىن باشلاپ كەچكىچە سىزنى كۈتىمەن، — ئالبېرت ئۆز - ئۆزىگە پىچىر-لىدى، ئارقىدىنلا كۈلۈۋەتتى، — مەن ساراڭ بولۇپ قالىمەن، ئالجىپ قالىمەن! » ئۇ خۇدىنى بىلىپ - بىلمەي ئانىنانىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئىش يەنە تونۇگۈنكىدەكلا بولدى، يېپىقلىق دېرىزىدىن چىراغنىڭ يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ ئۇدۇلدىكى پىيادىلەر يولىدا يېرىم سائەتتەك ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈردى. بىر چاغدا ئايال خىزمەتكار بىلەن دېدەكلەر چىقىپ قېلىۋىدى، دەرھاللا ئارقىسىغا ياندى. بۇگۈن ئالبېرت: «ئۇلار مېنى كۆرۈپ قال-دى. ئۇلار چوقۇم ئاۋۇ يىگىت تونۇگۈنمۇ مۇشۇ چاغدا بۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرگەن، دەپ گېپىمنى قىلىشىۋاتىدۇ» دەپ ئويلى-دى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە ئانىنانىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېرىزىلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى. ئەڭ چەتتىكى بىر دېرىزىلا يورۇق تۇراتتى، ئۇ ئانىنانىڭ ھوجرىسى ئىدى. ئالبېرت خۇددى سېھىرلەنگەندەك ئاشۇ دېرىزىلەرگە كۆز ئۈزمەي قاراپ قالدى. ئالبېرتنى قوقۇنچ باستى. بىر ئاخشام، بىر كۈندۈز سائەت ئۆچكىچە ئېرى بار ئايالنى ئىشىكدە ساقلاپ تۇرسا قانداق بول-غىنى! بوپتۇ، سائەت ئۆچكىچىمۇ ساقلىسۇن... مۇبادا ئانىنا چىق-ماي قالسىچۇ؟ ...

ئالبېرت يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر پىيتونغا چىقىپ جىمجىت قاراڭغۇ كوچىدا ئاستا يۈرۈپ كەتتى ... ئۇ ئالدىنقى قېتىم ئاننا بىلەن بىرگە بولغان چاغدىكى ئىشلارنى ئېسىگە ئالدى ... «ياق ... ياق، ئاننا ماڭا بولغان مۇھەببىتىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرى گۇمانلىنىپ قالغانمىدۇ؟ ... ياق، بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس... ھازىرغىچە بۇنىڭ قىلچىلىك ئالامىتى كۆرۈلمىدى. ئۇ تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن ئىش تۇتۇۋاتىدۇ. دېمەك، چىقالماسلىقىدا بىرلا سەۋەب بار: ئۇ ئاغرىپ قالدى. شۇڭا ماڭا خەۋەر قىلالمىغان بولۇشى مۇمكىن ... ئۇ ئەتە ساقىيىپ كېتىدۇ. ئىككىلىك خەت يېزىپ ماڭا تەسەللىي بېرىدۇ ... شۇنداق، ئىككى كۈندىن كېيىن ياكى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كارېۋاتتىن چۈشكۈدەك ھالغا كېلەلىسىلا ... ناۋادا ئۇ ئېغىر كېسەل بولسىچۇ ... ئاھ، خۇدا! راستتىنلا شۇنداق بولسا... ياق ... ئۇ نېمىشقا ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغۇدەك! ... »

تۇيۇقسىز، ئالبېرتنىڭ كاللىسىدىن بىر خىيال كەچتى: ئەگەر ئاننا راستتىنلا ئاغرىپ قالغان بولسا، بۈگۈنلا بىرىنى ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتىش كېرەك.

ئالبېرت ئاننادىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدى. لېكىن، شۇ كۈنى كېچە بىلەن ئەتىسى كۈندۈزنى خېلى تىنچ ئۆتكۈزدى، ھەتتا چۈشتىن كېيىنمۇ باشقا كۈندىكىدەك ئۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كەتمىدى، بۈگۈن كەچكىچىمۇ ئاننادىن بىرەر خەۋەر ئالالمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

ئالبېرت كەچ سائەت سەككىزدە ئۆيدىن چىقتى. سەل نېرىراقتىكى بىر دوقمۇشقا كەلگەندە ناتونۇش بىر ئادەمنى توختىتىپ ئۇنىڭغا ئۆزى بىلەن بىللە مېڭىشنى ئېيتتى. ئاننانىڭ ئۆيىگە ئاز قالغاندا ئۇ كىشىگە ئۆز مەقسىتىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى.

ئالبېرت سائىتىگە قاراپ قويۇپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا مې-
ڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدىن: «مۇبادا ئانىنىڭ ئېرى
گۇمانلىنىپ قېلىپ ئۇنى سوراق قىلسا، يەنە ئۇنى يېنىمغا
ئەكەلسە، ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟» دېگەن خىيال كېچىپ،
ئەلچىنىڭ ئارقىسىدىن قارا كۆرۈنەر ماڭدى. ئالبېرت ئەلچىنىڭ
ئانىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئالاھەزەل ئۈچ
مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئـادەم قايتىپ چىقتى. ئارقىسىدا ئـادەم
بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئالبېرت يەنە بىر نەچچە
مىنۇت كۈتۈپ تۇردى. ئارقىسىدا ئادەم يوقلۇقىنى بىلگەندىن
كېيىن ئىتتىك ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ سورىدى:

— قانداقراق؟

— ئۇ ئەپەندى سىزگە سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى
ئېيتتى، — دېدى ئەلچى جاۋاب بېرىپ، — خانىم تېخى
ياخشى بولالماپتۇ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كارىۋاتتىن چۈشسە
كېرەك.

— كىم بىلەن سۆزلەشتىڭىز؟

— بىر ئايال خىزمەتكار بىلەن، ئۇ ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ
هايال بولمايلا قايتىپ چىقتى، دوختـۇر شـۇ ئـۆيدە بـولسا
كېرەك...

— ئۇ نىمە دېدى؟ — ئەلچى بايامقى گەپلىرىنى يەنە بىر
قېتىم تەكرارلىدى. ئاخىر ئالبېرت ئۇنىڭ كۆپ نەرسىدىن
خەۋەردار بولالمىغانلىقىنى بىلدى. ئانىنىڭ كېسىلى ھەقىقەتەن
ئېغىر ئىدى. ئۇنى يوقلاپ كېلىۋاتقانلارمۇ كۆپ بولغاچقا، ئال-
بېرتنىڭ كىرگۈزگەن ئادىمى خەقلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان-
دى، ئالبېرت ئۇ ئادەمنى ئەتە مۇشۇ چاغدا يەنە بىر كېلىشكە
تەكلىپ قىلدى.

ئـانىدا يـەنـە بىرنـەچچـە كـۈندىن كېيىن ساقىيىپ
كېتىدۇ... ئالبېرتنىڭ بىلىدىغىنى شۇلا ئىدى... ئانىنا ئۇنىڭ-

دىن غەم قىلامدىغاندۇ، بۇلار ئالبېرتقا قاراڭغۇ ئىدى...

«ئۇلار مېنىڭ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتكەنلىكىمنى بىلىپ قالغانمىدۇ؟ ئاننا ئەمەس ئۇنىڭ ئېرى ماڭا سالام ئېيتىپتۇ، ئۇلار ناتونۇش بىرىنىڭ ھال سوراپ كەلگەنلىكىنى ئانناغا ئېيتماسلىقى مۇمكىن ... بىچارە ئاننا زادى نېمە كېسەلگە گىرىپتار بولدىكىنە؟ — شۇ تاپتا ئالبېرت بىرمۇنچە كېسەل ناملىرىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى، — بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئاننا كارىۋاتتىن چۈشىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئانچە ئېغىر كېسەل بولمىسا كېرەك ... لېكىن، كىشىلەر ئالبېرتقا دادىسىنىڭ سەكراتتا ياتقاندىمۇ كارىۋاتتىن چۈشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن ئەمەسمىدى ...» ئالبېرت ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئاۋات بىر كوچىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى. ئەمدى ئەتە مۇشۇ چاغقىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۇنىڭغا تولىمۇ تەسكە چۈشەتتى.

ۋاقىت سائەتلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. مەشۇقىنىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىغا ئۇنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، بۇنىڭغا ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. كۆڭلىنىڭ ئارام تېپىپ قالغانلىقى ئۇنىڭغا بىر خىل جىنايەتتەك تۇيۇلۇپ كەتتى... چۈشتىن كېيىن ئالبېرت خۇددى ئەنسىرەپ كېتىدىغان ھېچ ئىش يوقتەك، ئۈمىد كۈتىدىغان ھېچنېمە قالمىغاندەك كىتاب ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلمىغىنىغا ئۇزاق بولغانىدى.

كەچتە ئالبېرت كوچا دوقمۇشىغا كەلدى، ھېلىقى ئادەممۇ شۇ يەردە كۈتۈپ تۇراتتى.

— ئامال بار ئايال خىزمەتكار بىلەن سۆزلىشىپ، خانىمنىڭ كېسىلىنىڭ زادى قانداقلىقىنى بىلىپ چىقىڭ، — دېدى ئالبېرت جىددىي تەلەپپۇزدا.

ئەلچى ئاننانىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئالبېرتنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. تەخمىنەن چارەك سائەتتىن كې-



www.uyghurkitap.com

يىن ئەلچى قايتىپ چىقتى. ئالبېرت ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى.

— خانىمنىڭ ئەھۋالى بەكلا ئوسال ئوخشايدۇ...

— نېمە؟ — ئالبېرت ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى.

— خانىمنىڭ ئەھۋالى بەكلا ئوسال ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ ئادەم باياmقى گېپىنى تەكرارلاپ.

— كىم بىلەن سۆزلەشتىڭىز؟ ئۇ سىزگە نېمە دېدى؟...

— ئايال خىزمەتكار خانىمنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە... دوختۇرمۇ كېلىپ كەتتى، دېدى. ئاڭلىسام، ئېرىمۇ ئۇمىدىنى ئۈزۈپتۇ.

— سۆزلەڭ، ھە سۆزلەۋېرىڭ... ئۇ زادى نېمە بوپتۇ؟ سوراپ باقمىدىڭىزمۇ؟

— سورىدىم، خانىم كېزىك بولۇپ قاپتۇ، ئىككى كۈندىن بېرى ھوشسىز يېتىپتۇ.

— يەنە نېمىلەرنى ئۇقتىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئالبېرت پەرىشان بولۇپ.

ئۇ ئادەم ئۇقۇقانلىرىنى باشتىن - ئاياغ بىر قېتىم سۆزلەپ بەردى. ئالبېرت ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىنى خۇددى بىرەر يېڭىلىق چىقىپ قالىدىغاندەك قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى. ئاندىن ئۇ ئادەمنى ئازراق پۇل بېرىپ يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن مەشۇقىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كوچىغا كەلدى، ئەمدى ئۇ بۇ يەردە ھېچقاندىاق كاشىلىغا ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭغا كىممۇ دىققەت قىلسۇن؟ ئالبېرت ھەممىنى ئېنىق كۆرۈۋاتقاندەك ھۇجرىنىڭ دېرىزىلىرىگە بىر ھازاغىچە تىكىلىپ قارىدى. كېسەلنىڭ ھۇجرىسى شۇ، چوقۇم شۇ! ئاشۇ جىمجىت ھۇجرا ئىچىدە ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىرىنىڭ ياتقانلىقىدا گەپ يوق. ئۇ نېمىشقا بىرىنچى كۈنى كەچتىلا بۇ ئىشنى ئۇقمىغاندۇ؟ شۇ ئەسنادا، بىر پەيتۇن ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ئالبېرت شۇ زامان

پەيتونغا يېقىن باردى. بىر ئەپەندى پەيتوندىن چۈشۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ دوختۇر بولسا كېرەك. ئالبېرت ئېسىگە يېقىن كېلىپ دوختۇرنىڭ چىقىشىنى كۈتۈشكە باشلىدى... مىدىر - سىدىر قىلماي بىرنەچچە مىنۇت تۇردى. ئاندىن ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئانىنىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ھاياتىنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىغا زادى ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. «ياق... ئانىنا شۇنچىلىك ياش، شۇنچىلىك چىرايلىق، شۇنچىلىك سۆيۈملۈك تۇرسا...» ئۇنىڭ كاللىسىغا «كېزىك» دېگەن قورقۇنچلۇق سۆز كىرىۋالدى... ئۇ بۇنىڭ قانداق كېسەل ئىكەنلىكىنى تازا ئېنىق بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، «كېزىك» دېگەن سۆزنى ئۆلگۈچىلەرنىڭ «ئۆلۈش سەۋەبى» دېگەن جەدۋەلدە كۆرگەنىدى. شۇ تاپتا ئالبېرت ئانىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ۋە يېشى بېسىلغان، يەنە «8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كېزىك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى» دېگەن سۆزلەر كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇرغان گېزىتنى كۆرگەندەك بولدى... ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس... نەچچە كۈندىن كېيىن راستتىنلا ئانىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى بېسىلىپ چىققان گېزىتنى كۆرسە... بۇنىڭغا قانداقمۇ ئىشەنگۈسى كەلسۇن؟... ئالبېرتنىڭ تەقدىر ئۇستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. ئاخىر دوختۇر چىقتى، ئالبېرت ئۇنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قالغانىدى. ئۇ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ تورۇپلا قالدى. دوختۇرنىڭ چىرايى جىددىي تۇس ئالغانىدى. ئۇ پەيتونچىغا بىر ئادرېسنى ئېيتتى - دە، پەيتونغا چىقتى، پەيتون يۈرۈپ كەتتى. «نېمىشقا ئۇنىڭدىن سوراپ باقمىدىم؟» دەپ ئويلىدى ئالبېرت. ئارقىدىنلا سوراپ باقمىغىنىدىن خۇشالمۇ بولدى. چۈنكى ئۇ تولىمۇ يامان بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى... ئەمدى ئۇ ئۈمىد ئۈزمىسىمۇ بولىدۇ... ئالبېرت يەنە بىرەر سائەتتىن كېيىن كەلمەكچى بو-



www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئانىنانىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن كەتتى ... ئالبېرت ئاننا ساقايغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكىلى كەلگەن چاغدىكى مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلدى ... بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىغا شۇنچىلىك ئېنىق كەلتۇرەلىگىنىدىن ئۆزىمۇ ھەيران قالدى: «ئاننا كېلىدىغان كۈنى سىم - سىم يامغۇر ياغىدۇ، ئۇچىسىغا يامغۇرلۇق يېپىنىۋالغان ئاننا ئۆيگە كىرگەندە يامغۇرلۇق يەرگە سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۆزىنى مېنىڭ قوينۇمغا ئېتىپ يىغلاپ كېتىدۇ. پىچىرلاپ: «ماڭا يەنە ئېرىشتىڭىز... مانا كەلدىم» دەيدۇ: ئالبېرتنى بىردىنلا قورقۇنچ باستى... ئويلىغانلىرىنىڭ ھەرگىزمۇ راستقا چىقمايدىغانلىقى ئۆزىگە ئايان ئىدى... مانا ئاخىر تەقدىر ئۇنى يەڭدى... ئاننا ئەمدى ئالبېرت كۈتۈپ تۇرغان يەرگە كەلمەيدۇ. تېخى بەش كۈن ئىلگىرى ئاننا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كوچا دوقمۇشىغا كەلگەن، ئىككىيلەن تەستە خوشلاشقانىدى. ئەمدى ئاننا ئۆيدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ، ئالبېرت ئىشنىڭ بۇنداق بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن...

ئالبېرت كوچىدا كېتىۋاتقاچ چىگىش خىياللار قايىنىمىغا غەرق بولدى. شۇ تاپتا ئۇ سەزگۈلىرىدىن مەھرۇم قېلىشقا بەكمۇ تەشنا ئىدى. بىر پەستىن كېيىن ئالبېرت يەنە ئانىنانىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى ... دەرۋازا ئوچۇق ئىدى. بىنادىكى تاماقخانا بىلەن ھۇجرىنىڭ چىرىغى يېنىپ تۇراتتى ... ئالبېرت دەررۇ بۇ يەردىن كەتتى. ئەگەر ئۇ يەنە بىردەم تۇرغان بولسا بىناغا ئېتىلىپ كىرىپ مەشۇقى ئانىنانىڭ كارىۋىتىغا ئۆزىنى ئاتقان بولاتتى. ئۇ چاغدا ئانىنانىڭ ئېرى مىدىرلىماي ياتقان خوتۇنىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى سىلكىپ تۇرۇپ: «ئاشىقىڭ كەلدى، ئاشىقىڭ!» دەپ ۋارقىراپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئاننا ئاللىبۇرۇن بۇ دۇنيادىن كەتكەن.

ئالبېرت كېچىچە چۈش كۆرۈپ چىقتى، كۈندۈزدىكى ھارغىنلىق ئۇنى قاتتىق ئېزىۋەتكەنىدى. سائەت ئون بىرلەردە ئۇ

www.uyghurkitap.com

يەنە بىر ئەلچىنى ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئەمدى ئۇ بۇ ئىشنى ھودۇقماي قىلىۋەرسە بولاتتى، كىمموً خەۋەر ئۇقتۇرغىلى كەلگەنلەرگە دىققەت قىلىپ يۈرىدۇ دەيسىز؟! ئاخىر ئۇنىڭغا ھېچ ئۆزگىرىش يوق دېگەن خەۋەر كەلدى... ئالبېرت چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتنى ئۆيدىكى ساپاسىدا يېتىپ ئۆتكۈزدى. نېمە بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەممە نەرسە بەرىبىر ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە: «ھېرىپ ھالىمدىن كەتسەم ياخشىراق ئۇخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ... ئالبېرت ئۇزاق ئۇخلىدى، قاراڭغۇ چۈشكەندە چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ ئەھۋالنى ئېنىق بىلىۋېلىشقا تولىمۇ تەشنا، شۇڭا بۇگۈن دوختۇردىن ئۆزى ئانىنىڭ ئەھۋالىنى سورىشى كېرەك ئىدى. ئالبېرت ئانىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا بىر پەستىلا يېتىپ كەلدى، ئىشىكتە ئايال خىزمەتكار تۇراتتى، ئۇ يېقىن بېرىپ مۇلايىملىق بىلەن:

— خانىم قانداقراق؟ — دەپ سورىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ تەمكىنلىكىدىن ھەيران قالدى.

— ھەي، ئەھۋالى چاتاق، ئەمدى ئورنىدىن تۇرالمايدۇ، — دېدى ئايال خىزمەتكار.

— ئاھ، بەك ئېچىنىشلىق ئىش بوپتۇ! — دېدى ئالبېرت ئەدەب بىلەن.

— ئۇنى بىر دېمەك، شۇنداق ياش، چىرايلىق بانىم قاراپ تۇرۇپ... — خىزمەتكار گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمەيلا دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى.

ئالبېرت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى... «خىزمەتكار مەندىن گۇمانلىنىپ قالمىغاندۇ - ھە، مەن تەسەۋۋۇرغىلا تايىنىپ قالغاچقا بۇ ئۆيگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتىمەن...» شۇ ئەسنادا دوختۇر چۈشكەن پەيتون ئۇنىڭ قېشىدىلا توختىدى. ئالبېرت ئۇنىڭغا سالام بەردى، دوختۇرمۇ ئەدەب بىلەن «رەھمەت» دېدى. بۇنىڭدىن ئالبېرت بەكلا خۇش بولۇپ كەتتى...

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئالبېرت دوختۇر بىلەن تونۇش بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ بىنادىن چۈشكەندە ئانىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ باقسا بولىدۇ.

ئالبېرت ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك مىدىرلىماي تۇرۇپ قالدى، دوختۇرنىڭ شۇ تاپتا ئانىنىڭ يېنىدا ئىككەنلىكىنى ئويلاپ كۆڭلى تىندى. دوختۇر تېخىچە چىقمىدى. «ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولمىسا، دوختۇر بۇنچىلىك ئۇزۇن ھايال بولۇپ قالامتى. ئانىنا سەكراتقا چۈشۈپ قالغانمىدۇ يا… ئېھتىمال…» ئالبېرت بۇ خىياللارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولدى، لېكىن پايدىسى بولمىدى. تۇيۇقسىز، دوختۇرنىڭ «ئۈمىد يوق» دېگەن گېپىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ، ئىختىيارسىز ئانىنىڭ ئۆيىنىڭ يېپىقلىق دېرىزىسىگە لاپپىدە قارىدى. «مەلۇم بىر ئەھۋال ئاستىدا، ئېيتايلۇق، مېڭىنىڭ سەزگۈ نېرۋىلىرى بەكلا ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەندە، دېرىزىسى يېپىقلىق ئۆينىڭ ئىچىدىكى قىلىشقان گەپلەرنىمۇ ئاڭلاش مۇمكىنمۇ قانداق» دەپ ئويلىدى ئۇ. توغرا، ئۇ راستىنىلا ئاڭلىغانىدى. تەسەۋۋۇردىكى ئاۋاز ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئاۋازنى ئاڭلىغانىدى. دەل شۇ چاغدا دوختۇر دەرۋازىدىن چىقتى. ئالبېرت تاپ بېسىپ ماڭدى. دوختۇر ئۇنى مۇشۇ ئائىلىنىڭ تۇغقىنى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ سوئال ئالامىتى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ بېشىنى چايقاپ قويدى. ئالبېرت دوختۇرنىڭ نېمە مەنىدە باش چايقىغانلىقىنى چۈشىنەلمەي: «پروفېسسور ئەپەندى» دەپ تۇرۇشىغا، دوختۇر بىر پۇتىنى پەيتۇننىڭ دەسسىگۈچىگە ئالدى.

— ئەھۋالى ناھايىتى چاتاق، — دېدى ئۇ يەنە باش چايقاپ، — سىز ئۇنىڭ تۇغقىنى بولامسىز؟

— ھەئە، — دېدى ئالبېرت دەرھاللا.

دوختۇر ھېسداشلىق نەزىرىدە ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ پەيتۇنغا ئولتۇردى - دە، بېشىنى چايقىغان پېتى يۈرۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئالبېرت ئەنسىزلىك ئىچىدە پەيتون يوقاپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاداققى ئۈمىدىمۇ پەيتون بىللە يوقاپ كېتىۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى. «دوختۇر كەتتى، — ئالبېرت چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىدى، — بۈگۈن نېمە ئىش قىلىمەن؟ يېزىغا كېتەي دېسەم بەك كەچ بولۇپ كەتتى. شۇنداق، مەن ھەسرەت چېكىۋاتىمەن! راست ھەسرەت چېكىۋاتامدىم؟ ماڭا ھەسرەت چېكىشتىن باشقا يول يوقمۇ؟ ياق، مەن ئايلىنىپ يۈرىمەن، مەندە باشقا ھېچقانداق سەزگۈ يوق. ھازىر بېرىپ ئۆيۈن كۆرسەممۇ، يېزىغا كەتسەممۇ بولىدۇ...ياق، راستتىمنى ئېيتسام...ھەممىسى ئەسەبىي خىياللار. چۈنكى مەن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن. ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلىۋاتىدۇ، بۇ بىر مۇھىم پەيت، ئۇنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. مەندە ھېچقانداق سەزگۇ يوق...راستتىمنى ئېيتسام، ھېچنېمە يوق، — ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىترەشكە باشلىدى... — ئۆيگە قايتىش كېرەك. ئىلگىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كەچۈرمىشلەرنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكى جەزمەن ... ئۇ قايسى چاغ بولغىدى، چۈشۈمدىمۇ يا؟ ... كىم بىلىدۇ، بەلكىم بۇمۇ بىر چۈشتۇ ... توغرا، مەن ھازىر ئىلگىرىكى كېچىلەرگە ئوخشاش خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كېتىۋاتىمەن. نېمىشقا ئۆزۈمنى بۇنىڭغا ئىشەندۈركەچكە بولىمەن؟ ئەمدى ئۆيۈمدە تۇرالمايمەن. يېرىم كېچىدە بولسىمۇ مەشۇقۇمنىڭ، سەكراتتا ياتقان مەشۇقۇمنىڭ ئۆيىگە بارىمەن...» ئالبېرتنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

ئالبېرت ئۆيىگە كەپقالغانلىقىنى بىلدى، لېكىن كېيىن ئۆيگە قانداق كىرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى. چىراغنى يېقىپ ساپادا ئولتۇردى. «نېمە ئىش بولغانلىقى ماڭا ئايان، ئازاب ئىشىكىنى چېكىۋاتىدۇ، مەن ئۇنى كىرگۈزمەيۋاتىمەن. ئۇ بوسۇغامدىلا چەكچىيىپ تۇرىدۇ. ئىشىك يوچۇقىدىن مەن ئۇنى

كۆرەلەيمەن. نېمىدېگەن ئەخمەقلىق بۇ، ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق ـ تە! ... مەشۇقۇم سەكراتتا ... شۇنداق، ئۇ خۇدانىڭ دەرگاھىغا كېتىش ئالدىدا تۇرىدۇ! قىزىق، مەندە بىرەر ئۈمىد بولغاچقىلا مۇشۇنداق خاتىرجەم تۇرۇۋاتامدىمەن قانداق؟ ياق، بۇنىسى ماڭا ئايان. ھە راست، دوختۇر مېنى ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى دەپ قالدى! ھەي، راست گەپنى ئېيتسام بوپتىكەن، نېمىشقا مەن ئۇنىڭ ئاشىقى بولىمەن دېمىگەندىمەن.»

«ئاھ، خۇدا! — ئالبېرت تۇيۇقسىز ۋارقىراپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى... — مەن ئازابقا ئىشىكىمنى ئېچىپ بەردىم! ئۇ ئۆيگە كىردى! ... ئاننا، ئاننا، سۆيۈملۈكۈم، قەلبىم تۆرىدىكى سۆيۈملۈك ئاننايىم... شۇ تاپتا سەن بىلەن بىرگە بولالمايۋاتىمەن! گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، مەن ساڭىلا تەئەللۇق ئىدىمغۇ ـ ھە؟ ... سۆيۈملۈكۈم، تېخى بەدىنىڭنىڭ سېزىمى پۈتۈنلەي يوقاپ كەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن! بىز بۇنى قانداق قىلساق بىلەلەرمىز ـ ھە! ئەجەل قوينىدا مېنى سېغىنىۋاتقانسەن، لېكىن قېشىڭغا بارالمايمەن، بېرىشقىمۇ ھەددىم يوق. بەلكىم ئاداققى مىنۇتلاردا، پانىي ئالەمدىكى ھەممە غەم ـ غۇسسىدىن خالاس بولۇش ئالدىدا بوش ئاۋاز بىلەن ‹ماڭا ئالبېرتنى چاقىرىپ بېرىڭلار، ئۇنىڭ دىدارىنى بىر كۆرۈۋالاي› دېگەنسەن.»

بىر پەستىن كېيىن بولغۇسى ئىشلار ئالبېرتنىڭ خىيال ئېكرانىدا بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى، پۈتكۈل جەريان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. مانا، ئۇ بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىدىن ئىتتىك چىقتى. ئاننانىڭ ئېرى ئۇنى قارشى ئالدى ۋە سەكراتتا ياتقان كېسەلنىڭ قېشىغا باشلاپ كىردى. ئاننا ھاڭ ـ تاڭ قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، ئالبېرت ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئاننانى قۇچاقلىدى. ئۇ قەددىنى رۇسلىغاندا ئاننا جان ئۈزدى... شۇ چاغدا ئاننانىڭ ئېرى ئۇنىڭغا: «ئەپەندى،

قېنى بۇ ياقتا كېلىڭ، سىز بىلەن دېيىشىدىغان گەپ بار...» دېدى. لېكىن رېئاللىق ئۇنداق ئەمەس. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس... ئاننانىڭ دىدارىنى يەنە بىر كۆرۈش، ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن يەنە بىر مەرتە ھاياجانغا چۆمۈش ھەممىسىدىن گۈزەل! «قانداقلا قىلىپ بولسۇن، ئاننانى جەزمەن يەنە بىر كۆرۈۋالمىسام بولمايدۇ ... شۇنداق، يەنە بىر كۆرۈۋالمىغۇچە ئۇنى ھەرگىزمۇ ئۆلگىلى قويمايمەن. بۇنداق قىلىش، ئېھتىمال، بەك قورقۇنچلۇقتۇ! — ئالبېرت تېخىچە كۆڭۈلدىكىدەك چارە تاپالماي ئېسەنكىرەپلا قالدى، — ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ يېرىم كېچە بولاي دەپ قالدى، جەزمەن بىر باھانە تېپىش كېرەك... شۇ تاپتا ئەجەل... مۇبادا ئاننا... ئۆلۈپ كەتسە، مەن ئۇنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاشقا، ئۇنىڭ ئېرىگە ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمگەن كۆڭلىگە داغ تەگكۈزۈشكە ھوقۇقلۇقمۇ؟ ... لېكىن... مەن دەلدۈش قىياپىتىگە كىرىۋالسام بولىدىغۇ؟ توغرا... شۇنداق بىر قاملاشتۇرايكى... ئاھ، خۇدا، بۇ تازىمۇ بىر كومېدىيە بولىدىغان بولدى! ... بۇ رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىقالىسام مەيلى ئىدى... ئاننا بەلكىم ساق بولۇپ مېنى ساراڭ دەپ جاكارلىسا، مېنى تونۇمايمەن، بۇنداق ئادەمنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان دېسە، ئۇ چاغدا... ۋاي، بېشىم! ... — ئالبېرت ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى، شۇ تاپتا ئۆزىنى قاراڭغۇلۇق بىلەن جىمجىتلىقنىڭ ئوراپ تۇرغانلىقىنى بىلدى، — جىمجىتقىنا بىر پەس ئويلىنىۋالاي، ئاننانى شۇنداق كۆرگۈم بار ... توغرا، قانداقلا بولسۇن... بىر كۆرمىسەم ئارماندا قالىمەن.»

ئالبېرت يەنە خىيالغا پاتتى. ئۇ ئۆزىنى نەچچە يۈز خىل سىياقتا ياسىنىپ ئاننانىڭ پەلەمپىيىدىن چىقىۋاتقان، پروفېسسورنىڭ ياردەمچىسى، ياردەمچى دورىگەر، ئەر خىزمەتكار، دەپنە ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى، تىلەمچى، ئاخىر بېرىپ مې-

يىتىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغاندەك، ئۇنى زادى تونۇمايدىغاندەك، مېيىتنى ئاق خەسە بىلەن ئوراپ گۆرگە سېلىۋاتقاندەك ھالەتتە كۆردى.

ئالبېرت خىرە ئۇيۇقتا تاڭ نۇرى جىلۋىلەنگەندە ئويغاندى. دېرىزە ئوچۇق ئىدى. كېيىملىرىنى سالمايلا ياتقان بولسىمۇ، پۇتۇن ئەزايى تىترەپ كېتىۋاتاتتى. سىرتتا سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى.

كۆز كەلدى، دەپ ئويلىدى ئالبېرت. ئورنىدىن تۇرۇپ سائىتىگە قارىدى. «بەش سائەت ئۇخلىدىمۇ؟ ئېھتىمال، شۇ-نىڭغىچىلىك... نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەرگەندۇ، — ئۇنىڭدىكى تىترەك تېخىچە بېسىلمىدى، — قىزىق، نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى ئەمدى چۈشەندىم. ئۇ يەرگە، ئانىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا باراي، ياقامنى قايرىۋېتىپ... ئۆز ئاغزىم بىلەن... سوراپ كۆرەي...»

ئۇ بىر رومكا براندى قۇيۇپ گۇپپىدە ئىچىۋەتتى - دە، دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى: «ۋاي - ۋۇي، كوچىدا نېمە ئىش بولغاندۇ. بۇنچە ئەتىگەندە نېمە تولا ئادەم بۇ. سائەت يەتتىدىلا ئالدىراش ئىشقا مېڭىپتۇغۇ. توغرا، مەنمۇ سائەت يەتتىدە ئالدى-راش ئىشقا ماڭغانلارنىڭ بىرى بولاي، دوختۇر تونۇگۇن «ئەھ-ۋال ناھايىتى چاتاق» دېگەن... لېكىن، ئانىنا تېخى ئۆلمىدى... تونۇگۇن ئەتىگەندىن كەچكىچە مۇشۇنداق بىر تەسىراتتا بولدۇم، خۇددى ئۇ ئاللىقاچان... قېنى... ئەمدى ماڭاي...» ئۇ پەلتوسىنى كىيىپ يامغۇرلۇقنى ئالدى - دە، دەھلىزگە چىقتى. ئەر خىز-مەتكار ھەيران قالدى. ئۇ ھازىرلا كېلىمەن دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئالبېرت ئۇششاق قەدەملەر بىلەن ئاستا ماڭدى. ئانىنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقانسېرى تولىمۇ ئوڭايسىزلاندى، ئەمدى ئالدىغا چىققانلارغا نېمە دېسە بولار؟

ئالبېرت ئاخىر ئانىنانىڭ ئۆيىنى كۆردى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ ئۆي شۇ قەدەر ناتونۇش ئىدىكى، ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاندەك قىلاتتى. سىم - سىم يامغۇر شەھەرنى سۇس تۇمان بىلەن قاپلىغانىدى. نەقەدەر ئۆزگىچە مەنزىرە - ھە!

دەرۋازا ئوچۇق ئىدى. شۇ ئەسنادا، ئىچكىرىدىن سۇت قاچىسى كۆتۈرگەن بىر يىگىت چىقتى. ئالبېرت تۇيدۇرماي دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى. ئالبېرت پەلەمپەيگە چىققىلىۋاتقاندا، ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ۋە ئەمدى يۈز بېرىدىغان، شۇنىڭدەك بىلمەكچى بولغان ئىشلار ناھايىتى تېز لا خىيالىغا كەچتى. ئۇ ئۆزىنى يولنىڭ يېرىمىغا كەلگۈچە يېرىم ئۇيقۇلۇق ھالەتتە كەلگەندەك ھېس قىلدى. ئانىنانىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىلا ئېسىگە كەلدى. ئۇ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ بىناغا ئاستا چىقىشقا باشلىدى. پەلەمپەي مۇشۇ ئىكەن - دە! ئالبېرت بۇنداق پەلەمپەينى كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۇ يەر قاراڭغۇ ئىدى، تامدا بىر نەچچە كىچىك گازۋاي لامپا يېنىپ تۇراتتى... ئانىنانىڭ ئۆيى ئىككىنچى قەۋەتتە ئىدى. بۇ نېمە ئىش... ئىشىك ئوچۇق تۇرىدىغۇ، ئالبېرت دەھلىزگە قارىدى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ ئىككىلىنىپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىدا ھۇجرا ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بىر ئايال خىزمەتكار پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ چىقتى، لېكىن ئالبېرتنى كۆرمىدى. ئالبېرت ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— خانىمنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دەپ سورىدى. ئايال خىزمەتكار ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ:

— خانىم يېرىم سائەت ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتتى، — دەپلا ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

ئالبېرتقا خۇددى پۈتكۈل دۇنيا ھەش - پەش دېگۈچىلا گۆرىستان جىمجىتلىقى ئىچىدە قالغاندەك، يۈرەكلەر سوقۇشتىن، ئادەملەر مېڭىشتىن، چاقلار ئايلىنىشتىن، سائەتلەر تەۋ-

رىنىشتىن، پۈتكۈل دۇنيا بىردىنلا ھاياتتىن، ھەرىكەتتىن توختاپ قالغاندەك بىلىنىدى، «ئەسلىدە ئۆلۈم ئەنە شۇنداق بولىدىكەن ـ دە، تېخى تۇنۇگۇنلا بۇنى چۈشەنمەيتتىم...» دەپ ئويلىدى ئالبېرت.

— كەچۈرۈڭ، — ئۇنىڭ قېشىدىلا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. قارا ئۇستۇاش كىيگەن بىر ئەپەندى پەلەمپەيدىن چۈشۈپ زالغا كىرمەكچى بولغاندا، ئىشىكتە تۇرغان ئالبېرت ئۇنى توسۇۋالغاندى. ئالبېرت ئۇ ئەپەندىگە يول بوشىتىپ بەردى. ئەپەندى ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماي ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىدى، ئالبېرت ھۇجرىدىكى ئىشلارنى كۆرەلەيتتى. دېرىزە پەردىلىرى چۈشۈرۈۋېتىلگەچكە، ئۆي ئىچى قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ بىر نەچچە ئادەمنىڭ بىر ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلىقىنى، ھېلىقى ئەپەندى كىرگەندە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام بەرگەنلىكىنى كۆردى، ئۇلارنىڭ بوش ئاۋازدا سۆزلەشكىنىنى ئاڭلىدى... كېيىن ئۇلار ياندىكى بىر ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى، ئالبېرت تېخىچىلا ئىشىكتە تۇراتتى. «ئاننا ئاشۇ ئۆيدە ياتىدۇ... ئۇنى ئاخىرقى قېتىم باغرىمغا باسقىنىمغا تېخى بىر ھەپتىمۇ بولغان... مېنىڭ كىرىشىمگە ئىجازەت يوق...» دەپ ئويلىدى ئالبېرت. بۇ چاغدا پەلەمپەي تەرەپتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، ئىككى ئايال ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ياشراقىنىڭ يىغىدىن كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى، چىرايى مەشۇقىغا بەكمۇ ئوخشايتتى. بۇ چوقۇم سىڭلىسى، ئىلگىرى ئۇنىڭغا گېپىنى قىلىپ بەرگەنىدى. ئىككىيلەننىڭ ئالدىغا ياشانغان بىر ئايال چىقىپ ئۇلارنى قۇچاقلىدى ۋە بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— يېرىم سائەت ئىلگىرى... بەك تاسادىپىي بولدى، — دېگىنىچە ئۆكسۈپ يىغلاپ گېپىنىڭ ئايىغىنى ئېيتالمىدى. ئۇچەيلەن ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ھېچكىممۇ ئالبېرتقا دىق-

www.uyghurkitap.com

قەت قىلمىدى.

— «بۇ يەردە تۇرىۋەرمەي، — دەپ ئويلىدى ئالبېرت، — پەسكە چۈشۈپ بىر سائەتتىن كېيىن كېلەي.» ئۇ شۇئان كوچىغا چىقتى. ئەتىگەندىلا شاۋقۇن - سۈرەت باشلانغان، ئادەملەر ئالدىراش كېتىپ بارغان، ماشىنىلار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغانىدى.

«يەنە بىر سائەتتىن كېيىن، ئانىنىڭ ئۆيىگە چوقۇم كۆپ ئادەم كېلىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا غىپپىدە كىرىۋالسام بولدى، — دەپ ئويلىدى ئالبېرت، — تۈنۈگۈنكىدىن كۆڭلۈم خېلىلا تەسەللى تاپتى. ئاننا ئالەمدىن ئۆتتى... بۇنىڭغا يىرىم سائەت بولىسمۇ... يەنە مىڭ يىل ئۆتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇش بىلەن بولغان ئارىلىقى هازىرقىدىن تېخىمۇ يىراقلاپ كەتمەيدۇ... شۇنداق، ئەمدى هەر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاننانى كۆتۈش ۋەزىپەم ئاياغلاشتى... — شۇ چاغدا ئاننا بىلەن ئۆتكەن تەسۋىرلىگۈسىز ئاجايىپ گۈزەل چاغلار ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى، — مەن تېخى نەچچە كۈن ئىلگىرىلا بەختلىك ئىدىم، راست، هەقىقەتەن بەختلىك ئىدىم. ئۇ بىر خىل ئەنسىز ۋە تەڭداشسىز بەخت ئىدى. ئاھ، پەلەمپەيىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدىن ئالدىراش چۈشۈۋاتقان ئاننا... ئۇنىڭ باغرىمغا ئۆزىنى ئېتىشلىرى، تەنىنىڭ شېرىن جۇغۇلداشلىرى... خۇش پۇراق هىد بىلەن تاماكىنىڭ پۇرىقى قاپلىغان قاراڭغۇ ئۆيدە — ئاپئاق چۈشەكلەر ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇچە بىر - بىرىمىزگە قانماي... تۈگىدى... هەممىسى تۈگىدى... كەلمەسكە كەتتى... ساياهەتكە بارىمەن، مانا قولۇمدىن كېلىدىغان بىردىنبىر ئىش شۇ. شۇ تاپتا ئۆيۈمگە كېتەلىسەم ئەجەب ياخشى بولاتتى - هە! ئۇ چاغدا هەسرەت بىلەن ئاچچىق ياش تۆكىمەن، نەچچە كۈنلەپ يىغلايمەن، مەڭگۈگە يىغلايمەن، مەڭگۈ...»

ئالبېرت بىر قەهۋەخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، تۇيۇقسىز،

تۇنۇگۇن چۈشتىن بېرى ئاغزىغا ھېچنېمە سالمىغانلىقىنى ئېسى-
گە ئالدى. ئۇ قەھۋەخانىغا كىرىپ ناشتا قىلدى. قەھۋەخانىدىن
چىققاندا سائەت توققۇزدىن ئاشقانىدى. «ئەمدى قايتاي، ئانىنىڭ
دىدارىنى بىر كۆرۈۋالاي، ئۇ يەردە نېمىش قىلارمەن؟… ئۇنى
كۆرەلەيمەنمۇ؟… ئۇنى كۆرمىسەم بولمايدۇ… شۇنداق، ئاخىرقى
قېتىم بىر كۆرۈۋالاي… مېنىڭ… مېنىڭ يۈرەك پارەم، ئەجەل
قۇچـقـان ئـانىـايىم… ئۇلار مېنى مەشۇقۇمنىڭ يېنىغا كىر-
گۈزەرمۇ؟… ئەلۋەتتە كىرگۈزىدۇ، ئۇ يەردە ئادەم كۆپ، ھەممە
ئىشىك ئوچۇق…»

ئالبېرت قەدىمىنى تېزلەتتى. دەرۋازىدا ئايال خىزمەتكار
تۇراتتى. ئۇ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئالبېرتقا سالام بەردى.
ئۇ پەلەمپەيدە ئۆزى بىلەن تەڭ چىقىپ كېتىۋاتقان ئىككى ئەپەن-
دىدىن ئۆتۈپ كەتتى. دەھلىزنىڭ ئىشىكىدە بىرنەچچە ئادەم
تۇراتتى، ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. ئالبېرت ئىچكىرى
كىردى. يېرىم ئوچۇق تۇرغان دېرىزە پەردىسىدىن كۈن نۇرى
چۈشۈپ تۇراتتى. ئۆيدە ئولتۇرغان، ئۆرە تۇرغانلار بولۇپ ئون
بىر، ئون ئىككىدەك ئادەم بار ئىدى، ئۇلار بوش ئاۋازدا سۆزلى-
شىۋاتاتتى. ھېلىقى ياشانغان ئايال پەرىشان ھالدا سۇس قىزىل
رەڭلىك ساپادا ئولتۇراتتى. ئالبېرت يېقىنلاپ كەلگەندە ئۇ ئال-
بېرتقا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى. ئالبېرت ئايال بىلەن قول
ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئايال باش لىڭشىتىپ قويۇپ يەنە يىغا-
زار قىلدى. ئالبېرت ئەتراپقا قارىدى، يان ئۆينىڭ ئىشىكى
يېپىقلىق تۇراتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ ياندا تۇرغان ئەپەندىدىن سورى-
دى:

— ئانىنا قەيەردە؟

دېرىزە پەردىسىنىڭ ئاراشلىرىدىن تالاغا ئەنسىز قاراپ تۇر-
غان ئۇ ئەپەندى قولى بىلەن ئوڭ تەرەپنى كۆرسەتتى. ئالبېرت
پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ئىشىكنى ئاستاغىنا ئاچتى. ئۆيگە دېرى-

زىدىن كۆن نۇرى چۈشۈپ تۇرغاچقا، ئىچكىرىگە كىرگەن ئال-بېرت دەماللىققا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى. ئۇ ئۆزىنى تاملىرى-غا ئاق ۋە سېرىق قەغەز چاپلانغان، ئۆي جاھازلىرى سۇس كۆك سىرلانغان يوپيورۇق بىر مېھمانخانىدا كۆردى. مېھمانخانىدا ئادەم يوق ئىدى. بۇ ئىچكىرىدىكى ھۇجرا بولۇپ، ئىشىكى بوش يېپىقلىق تۇراتتى، دېرىزىلىرى مەھكەم يېپىلغانىدى. چىراغ سۇس يېنىپ تۇرغان ھۇجرىدىكى كارىۋاتتا ئاللىقاچان بۇ ئالەم-دىن ۋىدالاشقان ئاننا تۈپتۈز ياتاتتى. ئۈستىگە يېپىلغان يوتقان ئۇنىڭ لەۋلىرىگە تېگىپ تۇراتتى. كارىۋات بېشىدىكى شامنىڭ يورۇقى ئاننىنىڭ تاتارغان چىرايىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئالبېرت ئۆلگۈچىنىڭ كىملىكىنى بىلمىگەن بولسا ئۇنى چوقۇم تونۇيالمى-غان بولاتتى. ئۇ ئۆلگۈچىنى ئاستا ـ ئاستا تونۇدى، ئۆلگۈچىمۇ بارا ـ بارا ئانناغا ئوخشىدى. مۇردىغا ئايلانغان ئاننىنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۆزۈن سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئالبېرت تۇنجى قېتىم كۆز-لىرىگە لىققىدە ياش ئالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى چىدىغۇسىز ئۆرتىنىپ قاتتىق ۋارقىرىغۇسى، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىغۇسى، ئاننىنىڭ مۇزدەك قوللىرىغا سۆيگۈسى كەپكەتتى… لېكىن، ئۆزى-نىڭ بۇ يەردە يالغۇز ئەمەسلىكىنى ئېسىگە ئالدى. بىر ئادەم كارىۋات يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى، ئۇ بېشىنى يوتقانغا قو-يۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ بىر قولىنى ئىككى قوللاپ مەھكەم تۇتۇۋال-غانىدى. ئالبېرت كارىۋاتقا يېقىن كەلمەچى بولۇپ ئالدىغا بىر قەدەم ئالدى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئەر بېشىنى كۆتۈردى. «ئۇنىڭغا نېمە دېسەم بولار؟» توساتتىن، ئالبېرت يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئوڭ قولىنى تۇتقانلىقىنى سەزدى، «رەھ-مەت، رەھمەت» بوغۇق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

مۇسىبەت قايغۇسىدىن ئازابلىنىپ ياش تۆكۈۋاتقان بۇ ئەر ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يەنە بېشىنى يوتقانغا قويدى ـ دە، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. ئالبېرت يەنە بىر پەس

جىم تۇرۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ قارىدى. ئۇ-نىڭ قەلب ئازابى بىردىنلا تۈگەپ كەتكەندەك بولدى، ھامىنى بىر كۈنى بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ھەم قورقۇنچلۇق، ھەم قىزىق تۇيۇلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. بۇ ئەر بىلەن بىللە بۇ يەردە ئازابتىن ياش تۆكۈۋاتقانلىقى ئالبېرتقا ئىنتايىن كۈلكىلىك بىر ئىشتەك تۇيۇلدى.

ئالبېرت ئارقىسىغا بۇرۇلدى. بوسۇغىغا كەلگەندە قەدەملى-رىنى توختىتىپ يەنە ئارقىسىغا قارىدى. ئۇنىڭغا شامنىڭ سۇس يورۇقىدا ئانىنىڭ لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئالبېرت گويا ئانىنا بىلەن ۋىدالىشىۋات-قاندەك، ئۆلۈك ياتقان مەشۇقى ھەممىنى كۆرۈۋاتقاندەك باش لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ چىقىپ كەتمەكچى بولدى، لېكىن ئاشۇ تەبەسسۇمدىن پۇتلىرى يەرگە چاپلىشىپ قالغاندەك مىدىرلىيال-ماي قالدى. توساتتىن، ئانىنانىڭ تەبەسسۇمى خۇددى سۆزلەۋات-قاندەك، لېكىن ئالبېرت بۇنى چۈشىنەلمەيۋاتقاندەك ئانچىكىم، يوچۇنلا بىر تەبەسسۇمغا ئۆزگەردى. لېكىن، بۇ تەبەسسۇم ئال-بېرتقا «مەن سىزنىڭ سۆيگىنىڭىز ئىدىم، لېكىن ھازىر خۇددى ناتونۇش ئادەمدەك چەتتە قاراپ تۇرىسىز، مېنى ئېتىراپ قىلغۇ-ڭىز كەلمەيۋاتىدۇ. ئېرىمگە مېنى مېنىڭ مەشۇقۇم بولىدۇ، دەپ ئېيتىڭ. سىزنىڭ كارىۋات ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قوللىرىمنى سۆيۈش ھوقۇقىڭىز بار. بۇلارنى ئۇنىڭغا ئېيتىڭ، نېمىشقا ئېيتمايسىز؟» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

لېكىن، ئالبېرت ئۇنداق قىلالمايتتى. ئۇ ئانىنانىڭ تەبەس-سۇمىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ قولى بىلەن كۆزلىرىنى تو-سۇۋالدى... پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيدىن چىقتى، ھەممە ئىشكلەرنى بىر - بىرلەپ ياپتى. قورقۇمسىرىغان ھالدا يوپيو-رۇق مېھمانخانىدىن ئۆتۈپ قاراڭغۇ ياتاق ئۆيگە كەلدى. كىشىلەر تېخىچىلا بوش ئاۋازدا سۆزلىشىۋاتاتتى. ئالبېرت ئۇلارنىڭ ئارد-

سىدا تۇرسا بولمايدۇ ـ دە، شۇڭا غىپپىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن زالدىن چىقىپ پەلەمپەيدىن چۈشتى. دەرۋازىدىن چىققاندىن كې-يىن قورۇ تېمىنى بويلاپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ماڭدى، خۇددى بىر نەرسە ئارقىسىدىن قوغلاۋاتقاندەك قەدەملىرىنى تېخىمۇ تېز-لەتتى. قاتتىق خىجىللىق ئىچىدە چوڭ ـ كىچىك كوچىلاردىن ئالدىراپ ئۆتتى. ئۆزىنى ئاننا ئۈچۈن باشقىلارغا ئوخشاش ماتەم تۇتالمايۋاتقاندەك، ئۆلۈپ كەتكەن مەشۇقىنى ئۆزى كەتكۈزۈۋەت-كەندەك ھېس قىلماقتا ئىدى.

# غايىب مۇھەببەت

## شېلېي جەكسېن (ئامېرىكا)

### ئازات سۇلتان تەرجىمىسى

ئۇ كىچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. جىم كەتكەندە كېچە سائەت بىر بولغانىدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىغا كىرىپ ياتقان بولسىمۇ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ چىقتى. بەزىدە كۆزى ئىلىنغاندەك قىلاتتى، ھەتتا تاتلىقغىنا چۈشمۇ كۆرەتتى، ئەمما بىردەمدىلا چۆچۈپ ئويغىنىپ خىرە - شىرە يورۇق تۇرغان ئۆي ئىچىگە ئالاق - جالاق قارايتتى - دە، خىيالى ئۆتكەن ئىشلارغا كېتەتتى. ئۇ تەستە سائەتنى يەتتە قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئالدى بىلەن قەھۋە قايناتتى. ئۇلار سىرتتا ناشتا قىلمىز دەپ كېلىشىپ قويغان بولغاچقا، قەھۋەلا ئىچتى. قەھۋە ئىچىشكە ئالاھازەل بىر سائەت كەتتى. ئەمدى يۇيۇنۇپ - تارىنىشتىن باشقا ئىشى قالمىدى. كىيىملىرىنى ئېلىپ تازا سىنچىلاپ قاراشتۇرغاندىن كېيىن، ھاۋانىڭ ئېچىلماي كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىچى پۇشۇپ، دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇغۇسى كەلدى. لېكىن يەنە دەرھال يالتايدى. ئاخىر ھەدىسىگە خەت يازماقچى بولۇپ ئولتۇردى. ئۇ چىرايلىق پوچچىركىسى بىلەن خېتىنى باشلىدى:

«سۆيۈملۈك ھەدە:

سەن بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغان چاغدا مەن توي قىلىپ بول-

غان بولىمەن. بۇنىڭغا سەن ھەيران قالارسەن ـ ھە! بۇ ئىشقا ھەتتا ئۆزۈممۇ ئىشەنمەي قېلىۋاتىمەن. ئەگەر پۈتۈن جەريانىنى سۆزلەپ بەرسەم تېخىمۇ ھەيران بولۇشۇڭ تۇرغان گەپ...»

ئۇ خېتىنى داۋاملاشتۇرالماي ئولتۇرۇپ قالدى. يازغانلىرىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن قەغەزنى يىرتىۋەتتى ۋە دېرىزىدىن تالاغا قارىدى. ھاۋا ئېچىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ھاۋارەڭ تاۋار كۆڭلىكىنى كىيىشتىن بىردىنلا يالتىيىپ قالدى. بۇ كۆڭلەك بەكلا ئاددىي ئىدى. نازاكەتلىك كۆرۈنمەن دېسە بۇ كۆڭلەك ياراشمايتتى. ئۇ ئىشكاپنى يەنە ئاختۇرۇشقا باشلىدى. بىر پەستىن كېيىن ئۇنىڭ تېز ـ تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقان قوللىرى بۇلتۇر يازدا كىيگەن گۈللۈك كۆڭلەكتە توختاپ قالدى. بۇ كۆڭلەك ئۇنىڭ پېشىغا ماسلاشمايتتى، ياقىسىدا كەشتىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر بۇنداق گۈللۈك كۆڭلەكلەرنى كىيىدىغان چاغ ئەمەستە، بىراق ...

ئۇ ئىشكاپنىڭ ئىشىكىگە ئىككى كۆڭلەكنى قاتار ئېسىپ قويۇپ، ئاشخانا ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقان ئويۇقنىڭ ئەينەكلىك ئىشىكىنى ئاۋايلاپ ئاچتى. ئوچاقتا ئوت يېقىپ قەھۋە چەينىكىنى قويدى ـ دە، يەنە دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. كۈن نۇرى دېرىزىدىن چاراقلاپ چۈشۈپ تۇراتتى. بىردەمدىلا چەينەك شىڭىلداشقا باشلىدى. ئۇ ئىستاكانغا قەھۋەدىن قۇيۇپ ئىچىشكە تەمشىلىۋېتىپ ئويلىنىپ قالدى: «ناشتا قىلماي تۇرۇپ قۇرۇق قورساققا كوركىرىتىپ قەھۋەلا ئىچسەم، تاماكىنى ئۈزمەي چەكسەم، بېشىمنى ئاغرىتىۋېتەر. مۇشۇنداق خۇشاللىق كۈندە بېشىم ئاغرىغىلى تۇرسا قانداق قىلىمەن!»

ئۇ تام ئىشكاپتىن بىر قۇتا ئاسپىرىن ئېلىپ كۆك رەڭلىك ھەميانىغا سېلىۋالدى. «گۈللۈك كۆڭلەككىمۇ قوڭۇررەڭ ھەميان ماس كېلەتتى، لېكىن بۇ ھەميان بەك كونا، قانداق قىلسام بولار؟»

ئۇ بېشى قاتقان ھالدا نەزىرىنى كۆك ھەميانىدىن گۈللۈك كۆڭلەككە يۆتكىدى ۋە كۆك ھەميانىنى يانچۇقىغا سېلىۋالدى، ئاندىن دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچكىلى تۇردى. قەھۋەدىن ئوتلىغاچ ئۆزىنىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيىگە سەپسالدى. ئۇلار بۈگۈن مۇشۇ ئۆيدە قونماقچى بولۇشقان، شۇڭا ئۆيىنى بىر قۇر يىغىشتۇرۇپ قويمىسا بولمايدۇ.

«ئاپلا، يېڭى يۇدۇرۇپ كەلگەن كىرلىكلەر بار تۇرۇقلۇق ئالماشتۇرۇۋەتمىگىنىمنى!» ئۇ ئالدىراپ تام ئىشكاپىنىڭ ئۈستىدىن پاكىز كىرلىك ۋە ياستۇقلارنى ئېلىپ كارىۋاتنى تۈزەشتۈرگەن بولدى. كونا كىرلىكلەرنى يىغىشتۇرۇپ مۇنچىدىكى سېۋەتكە تاشلىدى. ئېسقىلىق تۇرغان لۆڭگىنىمۇ سېۋەتكە تاشلاپ ئورنىغا يېڭىنى ئالماشتۇردى. بۇ ئىشلار تۈگەپ قەھۋە ئىچىشكە ئولتۇرغاندا قەھۋە سوۋۇپ قالغانىدى.

ئۇ سائەتكە قارىدى، توققۇزدىن ئاشقانىدى. ئەمدى تېزرەك تەييارلىق قىلمىسا بولمايدۇ. ئۇ يۇيۇندى. پاكىز لۆڭگە بىلەن بەدەنلىرىنى سۈرتتى. ئاندىن ئۇ لۆڭگىنىمۇ سېۋەتكە تاشلىۋېتىپ ئورنىغا يېڭىسىنى ئېلىپ قويدى. ئۇچىسىدىكى كىيىملەرنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا كېچىلىك خالاتلىرىنىمۇ سېۋەتكە پۇرلاپ تىقىۋېتىپ، پەقەتلا كىيىلمىگەن يېڭى كىيىملەرنى ئالماشتۇردى. تېشىغا ھېلىقى ھاۋارەڭ كۆڭلىكىنى كىيىپ بولۇپ تۇرۇپ قالدى: «بۇ كۆڭلىكىم يارىشىملىق، لېكىن جىم بىلەن بولغاندا بىرقانچە قېتىم كىيىلگەن. بۈگۈنكىدەك توي كۈنى يەنە ئۇنى كىيسەم تازا بولماس. ئاۋۇ گۈللۈك كۆڭلىكىمغۇ چىرايلىق، جىممۇ ئۇنى كۆرمىگەن، بىراق پەسىلگە ماس كەلمەيدۇ ـ دە».

ئۇ ئويلا ـ ئويلا ئاخىر:
«بۈگۈن مېنىڭ تويۇم، كىيگەن كىيىمىم ئۆزۈمگە يېقىشى كېرەك» دېگەن قارارغا كەلدى ـ دە، گۈللۈك كۆڭلەكنى كىي-

دى. بۇ كۆڭلەكنىڭ چىرايلىقلىقىغا قىل سىغمايتتى. لېكىن،
ئەينەككە قاراپ، كۆڭلەكنىڭ چىلتەكلىك ياقىسى چىرايلىق
بويىنىنى توسۇۋالغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېتەكلىرى-
نىڭ كەڭلىكىچۇ تېخى، بۇنداق كۆڭلەكنى ياش قىزلار كىيىپ
يۈگۈرسە، تانسا ئوينىسا، بەللىرىنى تولغاپ ماڭسا خوپ يارىشى-
دۇ. بۇنى كىيسەم، جېم: «مەن بىلەن توي قىلىۋېلىش ئۈچۈن
ئۆزىنى ياش، چىرايلىق كۆرسەتمەكچى» دەپ ئويلاپ قالامدۇ؟
ئۇ ئۈچىنچىسىدىكى كۆڭلەكنى ھاپىلا - شاپىلا سېلىۋەتتى. ئالدى-
راشلىقتا كۆڭلەك تىكىشىدىن سۆكۈلۈپمۇ كەتتى، ھاۋارەڭ
كۆڭلىكىنى كىيىۋىدى. بويىغا سىڭىشىپلا كەلدى. ئۆزىگىمۇ
راھەت تۇيۇلدى. بىراق يەنىلا ئاچمىدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە:
«قانداق كىيىم كىيسەم بولىۋېرىدۇ. بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق»
دەپ تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ، كۆڭلى يەنىلا ئەمىن تاپمىدى.
باشقا كىيىم تېپىش نىيىتىدە تام ئىشكاپىنى ئىزدەشتۈرگەن بول-
سىمۇ، تۈزۈكرەك كىيىم تېپىلمىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى
دۇكاندىن بىرەر كۆڭلەك سېتىۋېلىشنى ئويلىدى. لېكىن يەنە
سائەت ستىرېلكىسىنىڭ ئونغا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئىك-
كىلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ قىلىدىغان تېخى نۇرغۇن ئىشلىرى
تۇرۇپتۇ، چاچنىڭ ئىشىغۇ ئاسان، ئارقىسىغا تاراپ بانتىلىۋال-
سىلا پۈتىدۇ، لېكىن گىرىم قىلىش تەس گەپتە. باشقىلار
كۆرسىمۇ چانمىغۇدەك چىرايلىق گىرىم قىلىش كېرەك. ئۇ
باشقىلارنىڭ: «توي قىلىمەن دەپ تېرىسىنىڭ سېرىقلىقىنى،
كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىكى قورۇقلارنى ئەتەي يوشۇرۇپتۇ» دەپ
ئويلاپ قېلىشىدىن بەك قورقاتتى. جېم بىلەن يانمۇ يان تۇرغاندا
ئۆزىنىڭ يۈز - كۆزىنى قورۇق باسقان ھالەتتە كۆرۈشتىن
تېخىمۇ قورقاتتى. بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك كۆرۈنۈش - ھە!
ئۇ ئەينەك ئالدىدا تۇرۇپ: «ئوتتۇز بەش يىلنىڭ ماڭا قىلغان
سوۋغىسىمۇ ئاز بولماپتۇ!» دەپ مىسكىنلىك بىلەن پىچىرلى-

www.uyghurkitap.com

دى، لېكىن ئۇ توي خېتىگە يېشىنى ئوتتۇز دەپ يازغۇزغانىدى.
شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ سائەت ئوندىن ئىككى مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. بىراق كىيىم، گىرىم ۋە ئۆيىنىڭ سەرەمجانلىنىش-لىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ دىتىغا ياقمايۋاتاتتى. ئۇ: «ئەمدى ھېچنېمىگە ئۇلگۇرگىلى بولمايدۇ» دەپ ئويلاپ، قەھۋەنى قايتى-دىن ئىستتى ـ دە، دېرىزە تۈۋىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئول-تۇردى. ئۇنىڭ خىيالى يەنە جېمغا يۆتكەلدى، لېكىن شۇنچە تىرنىشىپمۇ جېمنىڭ چىرايىنى ۋە ئاۋازىنى زىنھار ئەسكە ئالالمى-دى. «ھەممە ئادەم مۇشۇنداق بولىدۇ، مۇھەببەت دېگەن مانا مۇشۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى تۇنۇگۇن ۋە بۈگۈنلەردىن ھالقىپ، يىراق ئەتىگە قاراپ قانات قاقتى: «جېم-نىڭ يېزىقچىلىق ئىشلىرى يۇرۇشۇپ كەتسە خىزمىتىمدىن چې-كىنىمەن.» ئۆتكەن ھەپتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بولغۇسى «سەھرا-دىكى داچىسى» ھەققىدە شېرىن خىياللارنى قىلىشۋېدى. شۇ چاغدا ئۇ جېمغا ئەركىلەپ تۇرۇپ: «ئىلگىرى قولۇمدىن ھەر تۈرلۈك قورۇمىلارنى تەييارلاش كېلەتتى، ھازىر ئاززاقلا ھەپىلەشسەم قالتىس مەززىلىك تورتلارنى، توخۇ گۆشلىرىنى پىشۇرالايمەن. يەنە گوللاندىيىچە چۆچمەل لازا قىيامىنىمۇ راسلىيالايمەن» دېگەن سۆزلەرنى قىلغان. ئۇ بۇ سۆزلىرىنىڭ جېمنىڭ ئېسىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.
سائەت ئون يېرىم بولغاندا ئۇ تېلېفون قىلىشۋېدى، ھېلىقى قىزنىڭ: «... ئوندىن يىگىرمە توققۇز مىنۇت ئۆتتى» دېگەن چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئويلانمايلا سائەتنى كەينىگە بىر مىنۇت سۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ يادىغا ئاخشام ئىشىك تۈۋىدە ئۆزىنىڭ: «ئۇنداق بولسا دەل سائەت ئوندا بولسۇن، مەن تەق بولۇپ تۇرىمەن» دېگىنى كەچتى. شۇ چاغدا جېم كارىدوردا كېتىۋېتىپ قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتكەنىدى.
سائەت ئون بىر بولغاندا ئۇ گۈللۈك كۆڭلىكىنىڭ سۆكۈ-

لۇپ كەتكەن تىكىشنى تىكىپ ئۈچىسىغا كىيىمۇ ئالغانىدى. ئۇ يىپ ـ يىڭنىلەرنى يىغىشتۇرۇپ تام ئىشكاپىغا سالغاندىن كېيىن يەنە ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچكىلى تۇردى.

«ئۇستۇبېشىمنى يەنە ئاز ـ تولا تۈزەشتۈرۈۋالسامغۇ ياخشى بولاتتى، لېكىن ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئۇ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمدى يەنە ئەزمەمنى ئېزىپ ئولتۇرماي» دەپ ئويلاپ، يېمەكلىك ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ قالدى. بۇ جەھەتتە ھەر ھالدا تەييارلىق بار. ئاغزى ئېچىلمىغان بىر قۇتا تۇزلانغان چوشقا گۆشى كونسېرۋاسى، بىر كوروپكا تۇخۇم، پېچىنى بۇزۇلمىغان سېرىق ماي ۋە بولكىلار راسلاقلىق. بۇلار ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئاتاپ قويۇلغان، شۇڭا ئۇلارغا ھازىر تېگىشكە بولمايدۇ. ئۇ جېمغا ئىككىلىك خەت يېزىپ قالدۇرۇپ، يۇگۇرۇپلا پەستىكى يېمەكلىكلەر دۇكىنىدىن ئازراق يېمەكلىك سېتىۋېلىشنى ئويلىدى ـ يۇ، لېكىن يەنە شۇ زامات بۇ نىيىتىدىن يالتىيىپ، يەنە ئازراق كۈتۈپ باقماقچى بولدى.

سائەت ئون بىر يېرىم بولغاندا، ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ، ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلىدى. ئەگەر جېمنىڭكىدە تېلېفون بولغاندا ئىدى، تېلېفون بېرىپ باققان بولسا ياخشى بولاتتى. ئەمدى پەسكە چۈشۈپ قورساقنى ئازراق ئەستەرلىۋالماي بولمىدى. ئۇ قەغەزگە: «جېم، مەن پەستىكى دۇكانغا چىقىپ كەتتىم، بەش مىنۇتتىلا كېلىمەن» دېگەن سۆزلەرنى يازدى. قولىغا سىياھ تېگىپ كېتىۋېدى، مۇنچىغا كىرىپ قولىنى يۇيۇپ پاكىز لۆڭگىگە سۈرتتى. ھېلى يازغان باغاقچىسىنى ئىشىككە چاپلاپ قويۇپ يەنە خاتىرجەم بولالماي ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. جېم كېلىپ قالسا تالادا قالمىسۇن، دەپ ئىشىكنى قۇلۇپلىماي يېپىپلا قويدى.

دۇكاندا ئۇ ئالماقچى بولغان يېمەكلىكلەر يوق بولغاچقا، پەقەت قەھۋەلا سېتىۋالدى. توساتتىن كاللىسىغا: «جېم كېلىپ

قالغان بولسا راسا جىلە بولۇۋاتامدىكىن» دېگەن ئوي كېلىپ،
ئەمدىلا بىر ئوتلىغان قەھۋەسىنىمۇ تاشلاپ ئۆيگە چاپتى. بىراق
ئۆيگە بىرەرى كەلگەندەك ئەمەس، ئىشىكتىكى باغاقچىمۇشۇ
پېتى چاپلاقلىق تۇرۇپتۇ. ئۆينىڭ ئىچى ئىس بوپكېتىپتۇ.
باياتىن ئۇ تاماكىنى تولا چېكىپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئۆيگە كىرىپ-
لا دېرىزىنى ئېچىۋەتتى. ئورۇندۇقتا كۈتۈپ ئولتۇرۇپ مۈگ-
دەشكە باشلىدى، ئاخىر ئۇخلاپمۇ قالدى. ئۇ ئويغانغاندا سائەت
بىرگە يىگىرمە مىنۇت قالغانىدى.

هازىرغىچە كۈتكەن ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىسە، بۇ
قانداق بولغىنى؟ ئۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. «ئەمدى ئۇنى
ئىزلىمەي بولمايدۇ.» ئۇ دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنچىغا كىر-
دى - دە، يۈزىنى مۇزدەك سۇ بىلەن چالا - بۇلا يۇيۇپلا قۇرۇق
لۆڭگە بىلەن سۈرتتى. بۇ قېتىم ئىلگىرىكىدەك لۆڭگىنى يەڭ-
گۈشلەپ ئولتۇرمىدى. ئالدىراپ - تېنەپ ئۇچىسىدىكى گۈللۈك
كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە چاپىنىنى كىيدى. بېشىغا ھېچ نەرسە
كىيمەيلا، كۆڭلىكىگە ماسلاشمايدىغان ھېلىقى ئاسپىرىن سې-
لىنغان كۆك ھەميانىنى ئېلىپ، خەتمۇ قالدۇرماي ئىشىكنى
سولىدى. كوچىغا چىقىپ تاكسى كىرا قىلدى. جېمنىڭ تۇرار
جايىمۇ ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇ جېمنىڭ تۇرار جايىغا
يېقىنراق بىر دوقمۇشقا كەلگەندە ماشىنىدىن چۈشۈپ قالدى.
چۈنكى جېمنىڭ ئۆزىنى ماشىنا بىلەن ئىزلەپ كەلگەنلىكىنى
كۆرۈپ قېلىشىدىن خىجىل بولغانىدى.

ماشىنىنى كەتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، قالغان يولنى پىيادە
ماڭدى. ئۇ بۇ يەرلەرگە ئىلگىرى زادىلا قەدەم بېسىپ باقمىغاند-
دى. ئۇ كىرمەكچى بولغان بىنا كونا پاسونىدىكى خېلىلا كۆركەم
ئىمارەت ئىدى. جېمنىڭ ئىسىم - شەرىپى ئىشىكلەرنىڭ ئالدى-
دىكى خەت ساندۇقلىرىدىمۇ، ئىشىك قوڭغۇراقلىرىدىمۇ كۆرۈن-
مىدى. ئادرېسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈۋېدى، ئادرېس توغرا،

ئۇ ئامالسىز «ئۆي باشقۇرغۇچى» دېگەن خەت يېزىلغان ئىشىك-تىكى كۇنۇپكىنى باستى. قوڭغۇراق جىرىڭلىغاندىن كېيىن ئىشىكنى ئېچىپ قاپقاراڭغۇ كارىدورغا كىردى. ئاڭغىچە كارى-دورنىڭ ئىچكىرىسىدىن بىر ئىشىك ئېچىلىپ «كىم؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

نېمە دېيىش كېرەك؟ ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

— كىمنى ئىزلەيسىز؟

ئىشىكتە كۆڭلەكچان بىر ئەر كىشى تۇراتتى. كارىدور قاراڭغۇ بولغاچقا ئۇنىڭ چىرايىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى، بۇ كىشىمۇ قارشى تەرەپنى ئېنىق كۆرەلمەيتتى.

قىز بىردىنلا غەيرەتلىنىپ زۇۋانغا كىردى:

— مەن مۇشۇ بىنادىكى بىرىنى ئىزلەيتتىم، لېكىن ئۇ-نىڭ ئىسمى خەت ساندۇقلىرىدىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

— كىمنى ئىزلەيتتىڭىز.

— جاموس خالىسنى.

ئۇ كىشى تۇرۇپ كېتىپ، «خالىس؟» دەپ پىچىرلاپ قويدى، ئاندىن كەينىگە قاراپ:

— مارگى، بۇ يەرگە كېلىڭا؟ — دەپ توۋلىدى. ئۆينىڭ ئىچىدىن: «نېمە ئىش؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، خېلىدىن كېيىن بىر ئايال پەيدا بولدى.

— بۇياق خالىس ئىسىملىك بىرىنى ئىزلەيدىكەن. مۇشۇ بىنادا تۇراتتى، دەيدۇ. بۇ بىنادا شۇنداق ئادەم بارمۇ؟

— ياق، بۇ بىنادا خالىس ئىسىملىك ئادەم يوق، — بۇ ئايالنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆلكىلىك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— كەچۈرىسىز، — دېدى ئەر كىشى ئىشىكنى يېپىشقا تەمشىلىپ، — ئادرېس خاتا ئوخشايدۇ، — ئۇ ئاخىردا پەس ئاۋازدا، — ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى خاتا بىلى-ۋالغان ئوخشايسىز، — دەپ قوشۇپ قويدى. شۇ گەپتىن

كېيىن ئەر - خوتۇن تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.
ئىشىك يېپىلدى. قاراڭغۇدا قالغان قىز ئىشىك يوچۇقىدىن چۈشۈۋاتقان يورۇقتىن كۆزىنى ئۈزمەي:
— ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرىدىغانلىقى ئېنىق، بۇنى مەن ئوبدان بىلىمەن، — دېدى.
ئىشىك سەلگىنە ئېچىلدى.
— بۇنداق غەلىتە ئىشلارنى بىز تولا كۆرگەن، — دېدى ھېلىقى ئايال دىمىغىنى قېقىپ.
بۇ سۆز قىزغا ھار كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋېلىپ، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن جاۋاب بەردى:
— باشقىچە ئويلاپ قالماڭلار، سىلەر مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنمىگەندەك قىلىسىلەر.
— ئۇ قانداق ئادەم ئىدى؟ — دەپ سورىدى ئايال بىر ئاز ئوڭايسىزلانغان ھالدا.
— ئېگىز بوي، كېلىشكەن يىگىت. ئادەتتە كۆك كىيىم كىيىپ يۈرىدۇ، ئۆزى يازغۇچى.
— ئۇقمايدىكەنمەن، — دېدى ئايال ۋە سەل توختىۋېلىپ يەنە، — ئۇياق ئۇچىنچى قەۋەتتە تۇرامتى يا؟ — دەپ قوشۇپ قويدى.
— بۇنىسى ماڭا ئېنىق ئەمەس.
— مەن مۇشۇنداق بىر ئادەمنى كۆرگەندەك قىلىمەن. ئۇچىنچى قەۋەتتىكى دوئېرىست ئەپەندى بىلەن خانىمى تۇغقان يوقلاپ شىمالغا كەتكەندە ئۆينى شۇ كىشىگە بېرىپ تۇرغان.
— ئەمىسە شۇمىكىن؟ لېكىن...
— ئۇ كىشى ھەمىشە كۆك كىيىم كىيىپ يۈرىدۇ. بىراق، بوينىڭ ئېگىزلىكىگە تازا دىققەت قىلماپتىكەنمەن، ئۇ بۇ يەردە بىر ئاي تۇردى.
— بىر ئاينىڭ ئالدىدا...

— ئۇ تەرەپلىرىنى دوئېرسىت ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭ خانىمىدىن سوراڭ، — دېدى ئايال، — ئۇلار بۈگۈن چۈشتىن ئىلگىرى قايتىپ كېلىشتى. ئۈچىنچى قەۋەت B نومۇرلۇق ئۆيگە كىرسىڭىز بولىدۇ.

ئۇ سۆزدىن كېيىن ئىشىك يېپىلىپ، كارىدورنىڭ ئىچىنى گۆرىستان قاراڭغۇلۇقى باستى.

كارىدورنىڭ تۆگلۈكىدىن يورۇق چۈشۈپ تۇرغاچقا، ئىككىنچى قەۋەت ھەر ھالدا يورۇق ئىدى. ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى ھەم يېپىقلىق بولۇپ، ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. بۇ قەۋەتتە تۆت ئۆيلۈك ئادەم باردەك قىلاتتى. C نومۇرلۇق ئىشىكنىڭ تۈۋىدە بىر بوتۇلكا سۈت تۇراتتى.

ئۇ ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىپ سەل تۇرۇۋالدى. B نومۇرلۇق ئۆيدىن مۇزىكا ئاۋازى ۋە گەپلەشكەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئىشىكنى چەكتى، ئارقىدىن يەنە چەكتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆيدىن بىر ئايال چىقتى:

— ياخشىمۇسىز، سىز دوئېرسىت خانىمغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەدەب بىلەن.

— ھەئە، — دېدى دوئېرسىت خانىم. ئۇ ئۇخلاش كىيىملىرى بىلەن ئىدى.

— كەچۈرۈڭ، سىزدىن بىر ئىشنى سوراي دېگەنتىم.

— قېنى سوراۋېرىڭ، — دېدى دوئېرسىت خانىم ئورنىدىن قىمىر قىلماي.

— خالىس ئەپەندىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىدى.

— خالىس ئەپەندى دېگەن كىم؟ — دوئېرسىت خانىم قىلچە ئويلىنىپ باقمايلا سورىدى.

— سىزلەرنىڭ ئۆيىڭىزلەردە تۇرغان جاموس خالىس ئەپەندىچۇ.

— ۋاي خۇدايىمەي، — دەۋەتتى دوئېرسىت خانىم خۇد-

دى ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغانىدەك، — ئۇ نېمە ئىش قىپتۇ؟
— ھېچنېمە قىلمىدى، مەن ئۇنى ئىزلەپ كەلگەنىدىم.
خانىم يەنە «ۋاي توۋا» دەپ قويۇپ، ئۇنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئاندىن:
— ۋېرىن! — دەپ ۋارقىرىدى.
ئۆي ئىچىدە مۇزىكا ئاۋازى ياڭراپ تۇراتتى. ئورۇندۇق، دىۋان ۋە پول ئۈستىدە ئاغزى ئېچىقلىق بىرنەچچە چامادان تۇراتتى. بۇلۇڭغا قويۇلغان ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە تەخسە - ئىستاكانلار قالايمىقان تاشلاقلىق ياتاتتى. ئۇ يەردە ياشقىنا بىر ئەركىشى ئولتۇراتتى. ئۇ بىر قارىماققا جېمغىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.
— نېمە گەپ؟
— دوئېرسىت ئەپەندى، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى قىز مۇزىكا ئاۋازى ئىچىدە كۈچىنىپ سۆزلەپ، — پەستىكى ئۆي باشقۇرغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، جاموس ئەپەندى سىزلەرنىڭكىدە تۇرغانىكەن.
— ھەئە، ئەگەر ئۇنىڭ ئىسمى ھەقىقەتەن جاموس بولسا، ئۇياق بىزنىڭكىدە تۇرغان.
— مەن تېخى ئۆيىنى ئۇنىڭغا سىزنى بېرىپ تۇرغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن. بۇ گەپچە سىز ئۇنىڭ بىلەن تازا تونۇشمايدىكەنسىز - دە.
— مەن ئۇنى ئەسلا تونۇمايمەن. ئۇ تاۋدېنىڭ دوستى.
— ئۇ نەدە يۈرۈپ مېنىڭ دوستۇم بولسۇن؟ — دوئېرسىت خانىم ئۈستەلنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر پارچە بولكىغا خاسىڭ قىيامىنى سۈركىدى - دە، بىر چىشلىۋېتىپ، قوپاللىق بىلەن ئېرىگە رەددىيە بەردى، — ئۇ ھەرگىزمۇ مېنىڭ دوستۇم ئەمەس.
— سەن ئۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قارغىش تەگكۈر ئولتۇ-

رۇشتا تونۇشۇپ قالمىدىڭمۇ؟ — دوئېرست ئەپەندى رادىئو-نىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا قويۇلغان چامادانىنى ئېلىۋېتىپ ئول-تۇردى ۋە يەرگە تاشلاقلىق تۇرغان بىر ژۇرنالنى ئېلىپ ۋاراقلىغاچ، — مەن ئۇنىڭ بىلەن جىق بولسا ئون ئېغىز گەپ قىلىشقاندىمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى.

دوئېرست خانىم بولكىنى يەنە بىر چىشلىۋېتىپ، ئېرىگە رەددىيە بەردى:

— ئۆينى ئۇنىڭغا بېرىشكە ئۆزۈڭ قوشۇلغان. ئەجەب بۇرۇن ئۇ توغرۇلۇق بىر نېمە دېمىگەنتىڭغۇ؟

— مەن سېنىڭ دوستلىرىڭنى ئەزەلدىن ئۇنداق - مۇنداق دەپ باقمىغان، بۇنى بىلىسەنغۇ؟

دوئېرست خانىمنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى. ئۇ زەردە بىلەن:

— ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن مېنىڭ دوستۇم بولغان بولسا، سېنىڭ تاپا - تەنەڭدىن قۇتۇلالمىغان بولاتتىم. بۇ راستقۇ؟ سەن بۇنىڭدىن تانالمايسەن.

— بولدى، بەس! — ژۇرنال كۆرۈۋاتقان دوئېرست ئەپەندى بېشىنى كۆتۈرۈپ گەپنى ئۈزدى، — يېتەر ئەمدى.

دوئېرست خانىم بولكا تۇتقان قولىنى ئېرىگە جونۇپ تۇ-رۇپ:

— كۆرە بۇنىڭ تەلەتىنى، ئەتىدىن - كەچكىچە مۇشۇنداق ھۇرپىيىپلا تۇرغان، — دېدى.

ھەممەيلەن جىمجىت بولۇپ قالدى. پەقەت رادىئودىن ياڭ-راۋاتقان مۇزىكا ساداسىلا بىر خىلدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر ھازادىن كېيىن قىز پەس ئاۋازدا:

— ئۇنداقتا ئۇ كېتىپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كىمنى دەيسىز؟ — دەپ سورىدى دوئېرست خانىم خۇاسىنىڭ قىيامى قاچىلانغان قۇتىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— جامۇس خالىس ئەپەندىنى دەۋاتىمەن.

— بىز ئەتىگەن كەلسەك ئۇ كېتىپ قاپتىكەن، هازىرغىچە ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرمىدۇق.
— كېتىپتۇ؟!
— بىراق ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ پېتى، ساپساق، بۇزۇلغان، چېچىلغان نەرسە يوق، — سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە خانىم ئېرىگە قاراپ قويىدى، — مەن سىزگە، ئۇ ئۆيدىن ئوبدان خەۋەر ئالالايدۇ، دەپ ئېيتقانىغۇ.
— بۇ قېتىم سېنىڭ تەلىيىڭگە شۇنداق بوپقاپتۇ.
— ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىدا، ھەممىسى بىز ئىلگىرى قويغان ئورۇندا تۇرۇپتۇ.
— سىز هازىر ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟
— زادى بىلمەيمەن. مەن سىزگە دېدىمغۇ، ئۇ ھېچ نەرسىگە تەگمەپتۇ، ھەممە نەرسە شۇ پېتى.
خانىم توساتتىنلا سوراپ قالدى:
— ئۇنىڭدا بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟
— شۇنداق، مۇھىم بىر ئىشىم بار ئىدى.
— كەچۈرىسىز، ئۇ كېتىپ قاپتۇ.
قىز ئىشىككە قاراپ ماڭدى. دوئېرست خانىم ئەدەب بىلەن ئۇنى ئۇزىتىپ چىقتى.
بۇ چاغدا ژۇرنال كۆرۈپ ئولتۇرغان دوئېرست ئەپەندىمۇ:
— ئۇنىڭ كەتكىنىنى ئۆي باشقۇرغۇچى كۆرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس، — دەپ قويدى.
قىز قاراڭغۇ كارىدورغا چىققاندا رادىئونىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانماي قالدى. ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا ئارقىسىدىن دوئېرست خانىمنىڭ ئاۋازى يەنە جاراڭلىدى:
— ئەگەر ئۇنى ئۇچرىتىپ قالسام، سىزنىڭ ئىزلەپ كەلگەنلىكىڭىزنى ئېيتىپ قويىمەن.
«ئەمدى نېمە قىلىشىم كېرەك؟ جېمنى تاپماي تۇرۇپ

ئۆيگە كەتمەيمەن» ئۇ شۇ خىيال بىلەن كوچىغا چىقىپ يول بويىدا خېلى تۇرۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا قارشى تەرەپتىكى بىر ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن بىر ئايال بېشىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنىمۇ دېرىزە تۈۋىگە چاقىر- دى. بۇ ئىشتىن ئاچچىقى كەلگەن قىز بىنانىڭ بېقىنىدىكى تەييار يېمەكلىكلەر دۇكىنىغا كىرىپ كەتتى. پوكەيگە يۆلىنىپ گېزىت كۆرۈۋاتقان پاكارغىنا پىرىكازچىك ئۇنى كۆرۈپ پوكەي- نىڭ ئىچىدىن چىقتى.

قىز مۇزلىتىلغان پىششىق گۆش، ئىرىمچىكلەر تىزىلغان ئەينەك پوكەينىڭ ئالدىغا كېلىپ پىرىكازچىكتىن:

— يېنىڭىزلاردىكى بىنادا تۇرىدىغان بىر كىشىنى ئىز- لەيتتىم، سىز ئۇ كىشىنى تونۇمسىزكىن؟ — دەپ ئېھتىيات بىلەن سورىدى.

پىرىكازچىك ئۇنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىغىنىچە:

— ئۇنى شۇ بىنادىكىلەردىن سورىسىڭىز بولمىدىمۇ؟ — دېدى.

ئۇ، مەن ئۇنىڭ نەرسىسىنى سېتىۋالمىغاچقا مۇشۇنداق قوپال گەپ قىلىۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىپ، يەنە گەپ قىلدى:

— كەچۈرۈڭ، مەن ئۇلاردىنمۇ سورىدىم، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. ئۇ مۇشۇ بىنادىن بۇ- گۈن ئەتىگەن چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— بۇ ئىشتا سىزگە ياردەم قىلالمايدىكەنمەن، — پىرى- كازچىك شۇنداق دەپ قويۇپ گېزىت كۆرۈشنى يەنە داۋاملاش- تۇردى، — مەن ئەتىدىن كەچكىچە ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاراپ ئولتۇرمايمەن - دە.

قىز ئالدىراپ ئىزاھات بەردى:

— مېنىڭ باشقا غەرىزىم يوق، پەقەت سىزنى دىققەت قىلغانمىكىن دېگەن خىيالدا سوراپ بېقىشىم. ھەرگىز رەنجى-

مەڭ، ئۇ بۇ يەردىن بەلكىم سائەت ئۇنلار ئەتراپىدا ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بويى ناھايىتى ئېگىز، ھەمىشە كۆك كىيىم كىيىپ يۈرىدۇ.

— خانىم، ھەر كۈنى بۇ يەردىن ئۆتۈپ تۇرىدىغان كۆك كىيىملىكلەرنى ئاز دەمسىز؟ سىزچە مەن بىكار قىلىپ مەخسۇس...

— رەنجىمەڭ.

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، پىر-كازچىكنىڭ «تووۋا!» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى.

«چوقۇم مۇشۇ يولدا ماڭدى، — دەپ قىياس قىلدى ئۇ كوچىدا كېتىۋېتىپ، — چۈنكى بىزنىڭكىگە بېرىش ئۈچۈن جەزمەن مۇشۇ يولدىن مېڭىش كېرەك، بۇنىڭدىن باشقا يولمۇ يوق. جېم كوچىنى قەيەردىن كېسىپ ئۆتكەندۇ؟ بىزنىڭ بىنا-نىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندىمۇ ياكى باشقا يەردىن ئۆتكەندىمۇ؟»

كوچا دوقمۇشىدا گېزىت ساتىدىغان بوتكا بار ئىدى. قىز-دا: «بوتكىدىكىلەر جېمنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەن پىكىر تۇغۇلۇپ، ئىتتىك مېڭىپ بوتكىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بوتكىدىن بىر ئەر كىشى گېزىت سېتىۋالدى، ئاندىن بىر ئايال-دىن يول سورىۋېلىپ كېتىپ قالدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن گېزىت ساتقۇچى قىزغا قارىدى:

— سىز بۈگۈن ئەتىگەن سائەت ئۇنلاردا كۆك كىيىم كىيگەن ئېگىز بويلۇق بىر يىگىتنىڭ مۇشۇ يەردىن ئۆتكىنىنى كۆردىڭىزمۇ؟ — گېزىت ساتقۇچى ئاغزىنى ئېچىپ چەكچىيىپ قاراپلا قالدى. قىز، ئۇ ماڭا چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئىزاھات بېرىشكە ئالدىرىدى، — بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش ئىدى. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، سۆزۈمگە ئىشىنىڭ، مەن چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق.

گېزىت ساتقۇچى گەپكە ئەمدىلا تەمشىلىپ تۇرۇشىغا، قىز

هاپىلا ـ شاپىلا يەنە:

ــ ئۇياق يازغۇچى ئىدى، شۇڭا سىزدىن گېزىت سېتىۋال-
غان بولۇشى مۇمكىن، ــ دېدى.

ــ ئۇنىڭدا نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ ــ دەپ سورىدى گېزىت ساتقۇچى ھەجىيىپ. قىز ئۆزىنىڭ كەينىدە گېزىت ئالىدىغان بىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى سەزدى. گېزىت ساتقۇچى ئاشۇ خېرىدارغا قاراپ ھەجىيىۋاتاتتى.

ــ بولدى، سورىماپتىمەن، ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، ــ قىز شۇنداق دەپلا كېتىپ قالماقچى بولىۋېدى، گېزىت ساتقۇچى-نىڭ سۆزى ئۇنى توختاشقا مەجبۇر قىلدى.

ــ ماڭا قاراڭ، سىز ئىزلەۋاتقان ئادەمنى كۆرگەندەك قىلىمەن، ئەمما كېسىپ ئېيتالمايمەن. بۈگۈن چۈشتىن ئىلگى-رى سىز ئېيتقاندەك بىر يىگىت مۇشۇ يەردىن ئۆتكەندەك قىل-غان.

ــ سائەت ئون ئەتراپىدىمۇ؟

ــ ھەئە، سىز دېگەندەك ئېگىز بوي، كۆك كىيىم كىي-گەن كىشى. مەن ئۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەپتىمەن.

ــ ئۇ قايسى كوچا بىلەن ماڭدى؟ ــ سورىدى ئۇ تەقەز-زالىق بىلەن، ــ ئاھالىلەر رايونى تەرەپكە كەتتىمۇ؟

گېزىت ساتقۇچى بېشىنى لىڭشىتتى.

ــ ئاھالىلەر رايونى تەرەپكە كەتتى. ئۇ دەل شۇ تەرەپكە ماڭدى. ئەپەندى، سىز نېمە گېزىت ئالىسىز.

قىز چاپىنىغا چىلىك پۇركەنگىنىچە بىر چەتكە داجىدى. باياتىن ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان كىشى ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنىڭغا قايرىلىپ قاراپ قويدى، قىز گېزىت ساتقۇچىغا ئازراق ھەق بەرسەممىكىن، دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا، ئۇ ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. قىز دەرھال بۇ يەردىن كەتتى.

«ئاھالىلەر رايونى تەرەپكە ماڭغان بولسا دەل جىمىنىڭ

ئۆزى شۇ. ئاھالىلەر رايونىغا بېرىش ئۈچۈن كوچىنى كېسىپ ئۆتمەي، ئالدىغا ئازراق مېڭىپ، بىزنىڭ كوچىغا بۇرۇلسىلا بولدى» ئۇ بىر ئاز مېڭىپ بىر گۈل دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى. دۇكان دېرىزىسىگە گۈللەر تىزىۋېتىلگەنىدى.

«بۈگۈن مېنىڭ تويۇم، شۇڭا ئۇ گۈل كۆتۈرۈپ كېلىشى مۇمكىن» ئۇ شۇ خىيالدىن كېيىن گۈل دۇكىنىغا كىردى. رەتلىك كىيىنگەن دۇكان خوجايىنى كۈلۈمسىرىگىنىچە ئىچكىرىدىن چىقىپ كەلدى. خوجايىن گەپ قىلىپ بولغۇچە قىز ئالمان ـ تالمان سۆزلەپ كەتتى:

— ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش بىلەن كەلگەنىدىم. مەن بىر ئەپەندىنى ئىزلەيتتىم. ئۇ بۈگۈن چۈشتىن ئىلگىرى دۇكىنىڭىزدىن گۈل ئالغان بولۇشى مۇمكىن. مەن شۇ كىشىنى نەدىن بولسۇن تاپمىسام بولمايدۇ، — ئۇ بۇ گەپلەرنى بىر تىنىقتىلا دەپ بولدى.

— ئۇنىڭ سىپتىۋالغىنى قانداق گۈل؟ — سورىدى خوجايىن. بۇ كۈتۈلمىگەن سوئال قىزنى تەمتىرىتىپ قويدى.

— بۇنى مەن بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى ئۇ ۋە يەنە قوشۇپ قويدى، — ئۇ يىگىت سائەت ئونلاردا مۇشۇ دۇكانغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن.

— چۈشەندىم، — دېدى خوجايىن، — ئەمما، ھە...

— بۇ بەك زۆرۈر ئىش ئىدى، — دېدى قىز دۇدۇقلىنىپ تۇرۇپ، — ئۇ چوقۇم ئىنتايىن ئالدىراش ماڭغان بولۇشى مۇمكىن.

خوجايىن مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى، ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇ بىر دەپتەرنى ئېلىپ ۋاراقلاپ تۇرۇپ:

— قېنى بىر قاراپ باقاي، ئەگەر بىرەر خانىمغا ئەۋەتىدىغان گۈل بولسا، گۈلنى نەگە ئاپىرىپ بېرىشىمىزنى ئېنىق تىزىملىتىپ قويىدۇ، — دېدى.

— مېنىڭچە، ئۇ گۈلنى سىلەر ئارقىلىق ئەمەس، ئۆزى ئاپىرىپ بەرسە كېرەك.

— خانىم، — دېدى خوجايىن سەل تېرىككەندەك قىلـ لىپ، — راستىمنى ئېيتسام، سىزنىڭ زادى نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم...

— خاپا بولماي ئەسلەپ باققان بولسىڭىز، — دېدى قىز يالۋۇرۇش ئاھاڭىدا، — ئۇ ئۇچىسىغا كۆك كىيىم كىيگەن ئېگىز بويلۇق يىگىت، سائەت ئون ئۆپچۆرىسىدە مۇشۇ كوچىدىن ئۆتكەن.

خوجايىن تىرنىقىنى چىشلەپ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە خا- تىرىسىگە ئېلىشقا تىرىشىپ كۆردى. ئاخىر:

— پەقەتلا ئېسىمگە ئالالمىدىم، — دەپ بېشىنى چايقى- دى.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، رەھمەت سىزگە، — دېدى قىز روھسىزلانغان ھالدا ئىشىككە مېڭىپ.

خوجايىن بىردىنلا ئۇنى چاقىرىپ قالدى:

— توختاڭا! — دېدى ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كې- يىن، — ئۇ جۇخار گۈلى ئالغانمىدى؟

— ياق، — قىزنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — جۇخار گۈل ئۇ بارىدىغان سورۇنغا ماس كەلمەيدۇ.

خوجايىننىڭ لەۋلىرى چىڭ يۇمۇلدى.

— بەلكىم شۇنداقتۇ، — غۇدۇڭشىدى ئۇ باشقا تەرەپكە قاراپ، — گۈلنىڭ قانداق سورۇنغا ئىشلىتىلىدىغانلىقىدىن، ئەلۋەتتە، مېنىڭ خەۋىرىم يوق. لېكىن، سىز سۈرۈشتۈرۈۋاتـ- قان ئاشۇ ئەپەندىنىڭ بوگۈن چۈشتىن ئىلگىرى دۇكاندىن جۇخار گۈل سېتىۋالغانلىقى ئېنىق، گۈلنى ئۆزى ئېلىپ كەتتى.

— سىز بۇنى جەزم قىلالامسىز؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى خوجايىن ئىشەنچ بىلەن، —

سىز ئىزلىگەن كىشى دەل شۇ.

— سىزگە كۆپ رەھمەت، ئاۋارە قىلدىم.

خوجايىن ئۇنى ئۇزىتىپ ئىشىككە كەلگەندە:

— ئەتىرگۇلدىن بولامدۇ ياكى شاتارى گۇلدىن بولامدۇ، بىرەر تال ئېلىۋالامسىز؟ — دەپ قالدى.

— رەھمەت، — دېدى قىز ئىشىكتە توختاپ، — سىزنى بەكلا ئاۋارە قىلىۋەتتىم.

خوجايىن ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ گېپىنى يەنە تەكرارلىدى:

— خانىملار مەيدىسىگە بىرەر تال گۇل قىستۇرۇۋالسا بەكلا يارىشىدۇ. كەكرەن گۇلدىن ئېلىۋالامسىز يا؟

— رەھمەت، گۇلنىڭ ماڭا لازىمى يوق.

— يىگىتنىڭىزنى تېپىۋېلىشىڭىزغا تىلەكداشمەن، — دې-دى خوجايىن سوغۇق ۋە مەنسىتمىگەندەك دىمىغىنى قىقىپ قويۇپ.

قىز كوچىدا كېتىۋېتىپ: «بۇ ئىش ھەممىيلەنگە كۈلكىلىك تۇيۇلۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ دوقمۇشتا تۇرغان ساقچىنى كۆرۈپ ساقچىدىن سوراشنىمۇ ئويلاپ، بۇ پىكرىدىن يەنە تېزلا يالتايدى. شۇ قىسقىغىنا ئارىلىقتا ئۇ ئۆزىنى ساقچى ئىدارىسىدە تۇرغاندەك: «بىز بۈگۈن توي قىلماقچى ئىدۇق، لېكىن يىگى-تىم كەلمىدى» دەۋاتقاندەك، ئۈچ - تۆت ساقچى ئۇنى ئورىۋې-لىپ، ئۇنىڭ گۈللۈك كۆڭلىكىنى، يۈز - كۆزىگە بولۇشىچە سۈرگەن ئۇپا - ئەڭلىكلىرىنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك ئويلاپ قال-دى.

ئۇ يەنە بىرئاز مېڭىپ ئۆزىنىڭ تۇرالغۇ جايىغا يېقىنلاپ قالغاندا، كوچىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرغان ئاياغ مايلايدىغان بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى. بوۋاي ئورۇندۇقتا مۈگدەپ ئولتۇرات-تى. قىز كۈتۈپ تۇرىۋىدى ئۇزۇن ئۆتمەي بوۋاي ئويغاندى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

www.uyghurkitap.com

— كەچۈرۈڭ، سىزگە مالاللىق يەتكۈزدۈم، — دېدى قىز تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزلەرنى دېيىشكە ئالدىراپ، — مەن بىر كىشىنى ئىزلەۋاتاتتىم. ئۇ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت ئونلاردا مۇشۇ كوچىدىن ئۆتكەن. سىز ئۇنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇ ئېگىز بوي، كۆك كىيىم كىيگەن، قولىدا بىر دەستە گۈل كۆتۈرگەن بىر يىگىت.

— كۆردۈم، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ گېپىنى تۈگىمەيلا، — ئۇ سىزنىڭ دوستىڭىزمىدى؟

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى قىز ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاپ تۇرۇپ.

بوۋاي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— مەن ئۇنى كۆرۈپ ئىچىمدە: يىگىت، دېسەم - دېمىسەم، مۇھەببىتىڭنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىسەنغۇ، دەپ ئويلىدىم. يىگىتلەر يارىنىڭ يېنىغا بارماي نەگە باراتتى، شۇنداقمۇ؟

— ئۇ قايسى يول بىلەن ماڭدى؟ مۇشۇ كوچىنى بويلاپ مېڭىپ ئۇدۇل ئالدى تەرەپكە كەتتىمۇ؟

— شۇنداق. ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئايىغىنى مايلاتتى. قولىدا گۈلى بار ئىكەن، كىيىنىشلىرىمۇ پۇزۇر، مېڭىشلىرى بەك ئالدىراش. مەن كۆڭلۈمدە، يارىڭنىڭ يېنىغا ئالدىراۋاتىسەنغۇ ھەقاچان، دەپ ئويلىدىم.

قىز بوۋايغا رەھمەت ئېيتقاچ يانچۇقىدىن پارچە پۇل ئىزدىدى.

— بۇ يىگىتنىڭ كىيىنىشلىرى سۆيگىنىنى جەزمەن خۇش قىلىۋېتىدۇ.

قىز بوۋايغا يەنە رەھمەت ئېيتىپ يانچۇقىدىن پۇل ئەمەس، قۇرۇق قولىنى چىقاردى. ئۇ بوۋاينىڭ سۆزىدىن جىمىنىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا رەسمىي ئىشىنىپ قالغانىدى. قال-

غان يولنى ناھايىتى چاپسان ماڭدى. دوقمۇشتىن بۇرۇلغاندا ئۆزى تۇرۇۋاتقان بىنا كۆرۈندى، لېكىن بۇ يەردىن ئۆز ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنى، دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ تۇرغان جېمنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ بىنا تەرەپكە يۈگۈرگەندەك مېڭىپ كەتتى. بىنانىڭ ئىشىكىگە كىلەر ـ كەلمەيلا قولىغا ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىۋىدى. ئاچقۇچ تۇتقان قوللىرى دىرىلدەپ تىتىرەپ كەتتى. شۇ ئەسنادا، بىنانىڭ ئالدىدىكى دۇكانغا كۆزى چۈشۈپ، ئەتىگەندە قەھۋە ئېچىۋېتىپ قورقۇپ كەتكىنىنى يادىغا ئېلىپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە ئۆزىنى زادىلا تۇتالماي قالدى، ھەتتا ئىشىكنىمۇ ئاچماي «جېم مەن قايتىپ كەلدىم، سىزدىن تولىمۇ ئەنسىرىدىم جۇمۇ!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ئۆي ئۇنى يەنىلا جىمجىت قارشى ئالدى. ئادەمسىز ئۆي ھۇۋۇلداپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇستەلدە تۇرغان ئىستاكانغا چۈشۈپ قالدى «ئۇ مېنى ساقلاپ بېقىپتۇ ـ دە» دېگەن خىيال ئۇنىڭ ئىچىنى پاللىدە يورۇتۇۋەتتى. بىراق، ئۇمىد ئۇچقۇنى قانچە تېز پەيدا بولغان بولسا شۇنچە تېز ئۆچتى، چۈنكى بۇ ئىستاكاننى ئۇستەلگە ئۆزىنىڭ قويۇپ قويغانلىقى ئۇنىڭ يادىغا كەچكەنىدى. ئۇ ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىنى تىمىسقىلاپ ئاختۇرۇپ چىقتى. قارىمىغان ئامبار، مۇنچىلارمۇ قالمىدى، جېمنىڭ ئۆزى تۇرماق سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

ــ مەن ئۇنداق ئادەمنى كۆرمىدىم، ــ دېدى بىنانىڭ بېقىنىدىكى دۇكاننىڭ خىزمەتچىسى، ــ ئەگەر سىز دەۋاتقان كىشى دۇكىنىمىزغا كىرگەنلا بولسا جەزمەن يادىدا ساقلايتتىم، چۈنكى ئۇنىڭ قولىدىكى گۈلگە دىققەت قىلىمەن ـ دە، ئەپسۇس، مۇنداق كىشى زادىلا كىرمىدى.

مۇگدەپ ئولتۇرغان ئاياغ مايلايدىغان بوۋاي كۆزىنى ئېچىپ، ئالدىدا بايىقى قىزنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— يەنە سىزمىدىڭىز، ئەھۋال قانداقراق؟ — دەپ كۈلۈمسىرىدى.

— سىز ئۇنىڭ مۇشۇ يول بىلەن كېتىپ قالغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەمسىز؟

بوۋاي قىزنىڭ كەيپىياتىدىكى جىددىيچىلىكنى بايقىغان بولغاچقا، ۋەزمىن تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— مەن ئۇنى كۆردۈم، ئۇنى كۆرۈپ: يەنە بىر يىگىت سۆيگىنىنىڭ يېنىغا مېڭىپتۇ - دە، دەپ ئويلىغانىدىم. مەن ئۇنىڭ سۆيگىنىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆردۈم.

— قايسى بىناغا؟ — دەپ سورىدى دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن قىز.

— ئاۋۇ بىناغا، — دەپ كۆرسەتتى بوۋاي ئورۇندۇقتىن ئازراق كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاۋۇ بىنانى دەۋاتىمەن. ئۇنىڭ قولىدا گۈل بار، ئاياغلىرى پارقىراپ كەتكەن. يارى بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتىكەن، ئۇدۇل ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

— قايسى ئۆيگە؟

— ئوتتۇرىدىكى ئۆيگىچۇ دەيمەن، — بوۋاي شۇ گەپتىن كېيىن گۇمانلانغاندەك نەزەر بىلەن قىزنىڭ باش ئايىغىغا سەپسالدى، — سىز نېمانچە سۈرۈشتۈرۈپ كەتتىڭىز؟ ئۇنى ئىزدەپ نېمە قىلىسىز؟

قىز ھەتتا رەھمەتمۇ دېمەي يۈگۈرگەندەك كېتىپ قالدى. ئۇ ئۇدۇل بېرىپ بوۋاي كۆرسەتكەن بىنادىكى ئۆيلەرگە بىر-بىرلەپ قاراشتۇرغىلى تۇردى. جىم بېشىنى چىقىرىپ تۇرامدىكىن دەپ دېرىزىلەرگە تەلمۈرۈپ قاراپ چىقتى، جىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالىمەنمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭ - تىڭلاپمۇ باقتى.

بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇنىڭغا بىر ئايال ئۇچراپ



www.uyghurkitap.com

قالدى. بۇ ئايال باللار ھارۋىسىنى ئۇياق ـ بۇياققا ئىتتىرىپ يۈرەتتى، ھارۋىدا بىر بوۋاق تاتلىققىنە ئۇخلاۋاتاتتى. قىز بۇ ئايالنى كۆرۈپلا ئاغزىغا رەم بولۇپ قالغان سۆزلىرىنى ئاپتوماتىك ئېيتىۋەتتى:

— رەنجىمىسىڭىز، مەن سىزدىن بىر ئىشنى سورىسام، سىز بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئونلاردا بىر يىگىتنىڭ مۇشۇ ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ بىرەرىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ بويى ئېگىز، ئۇچىسىدىكى كىيىمى كۆك رەڭدە، قولىدا تېخى بىر دەستە گۈلمۇ بار.

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا تەخمىنەن ئون ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا ئۇلارنىڭ قېشىغا يېقىنلاپ كېلىپ گەپكە قۇلاق سالدى. ئۇ بىر دەم ئۇنىڭ چىرايىغا، بىردەم بالىسى بار ئايالنىڭ چىرايىغا قارايتتى، ھارۋىدىكى بوۋاقىمۇ قاراپ ـ قاراپ قويىاتتى.

سائەت ئوندا مەن بالىنى يۇيۇندۇرۇۋاتاتتىم، — دېدى ئايال، — ئۇنداق چاغدا مەن نەدە يۈرۈپ ئەتراپتا مېڭىپ يۈرگەن خەقلەرگە دىققەت قىلاي.

شۇ ئارىدا ھېلىقى كىچىك بالا گەپ قىستۇرۇپ قالدى:

— قولىدا گۈلى بارمىدى؟ — دېدى ئۇ قىزنىڭ ئېتىكىنى تارتىپ، — قولىدا گۈلى بولسا مەن ئۇنى كۆردۈم.

قىز نەزىرىنى بۇ بالىغا ئاغدۇردى. شاكىچىك ئۇنىڭغا ئەيىمەنمەي قاراپ تۇراتتى، ھەتتا شوخلۇق قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپمۇ قويدى.

— كۆرگەن بولساڭ دەپ باقە، ئۇ قايسى ئۆيگە كىرىپ كەتتى؟

— سىز ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشامسىز؟

— خانىملارغا بۇنداق گەپلەرنى قىلىش ئەدەبسىزلىك بولىدۇ، — دەپ ئەيىبلىدى بالا ئۇخلىتىۋاتقان ئايال.

— ئۇنى راست كۆردۈم. ئۇ ئاۋۇ يەرگە كىرىپ

www.uyghurkitap.com

كەتتى، — دېدى بالا ياندىكى بىنانى كۆرسىتىپ، — مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم. ئۇ ماڭا يىگىرمە بەش تىيىن پۇل بەردى. بۈگۈن مېنىڭ ياخشى كۈنۈم، ئالە ئۇكام، دېدى.

گېپىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئاۋازى تۆۋەنلەپ كەتتى. قىز بۇ بالىغا بىر دوللار بېرىپ:

— قانچىنچى قەۋەت؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەڭ تۆپىسىگىچە چىقتىم، يىگىرمە بەش تىيىننى بەرگەندە ئاندىن قايتىپ چۈشتۇم. بالا بىر دوللارنى تۇتقىنىچە پىيادىلەر يولىدا كېتىۋېتىپ:

— سىز ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كېتەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— سەن كۆرگەن كىشىنىڭ قولىدا گۈل بارمۇ؟

— بار، — بالا ئېنىق جاۋاب بەردى، — خانىم سىز ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشامسىز؟ سىز ئۇنىڭ چاتقىنى تېپىۋالدىڭىزمۇ؟ — ئۇ قايتىلاپ سوراۋەردى، — ئۇنىڭ چاتقى چىقتى، بىچارە بايقۇش قاپقانغا چۈشتى، — ئۇنىڭ گەپلىرى بالا هارۋىسىنى ئىتتىرىپ يۈرگەن ئايالنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

بۇ بىنانىڭ ئىشىكى قۇلۇپلانمىغان، ئىشىكتە قوڭغۇراقمۇ يوق ئىدى، ھەتتا بىنادا ئولتۇرىدىغانلارنىڭ ئىسىملىرى يېزىلىدىغان كارتوچكىمۇ كۆرۈنمەيتتى. قىز تار ھەم پاسكىنا پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى. ئەڭ ئۈستىدىكى قەۋەتتە ئىككىلا ئىشىك بار ئىدى. ئۇ ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئىشىك تۈۋىدە پۇرلەنگەن قەغەز پارچىسى ۋە پوكلەنگەن باغاقچە تاشلاقلىق ياتاتتى. بۇ پارچە - پۇرات قەغەزلەر كىشىگە خۇددى ئۇلارغا ئالىلقاندىق تېپىشماقنىڭ جاۋابى پۈتۈلگەندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى. قىز ئىشىكنى چەكتى ۋە شۇ ئارىدا قانداقتۇر ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ ئۈشتۈمتۇتلا: «ئەگەر جىم مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە بولۇپ قېلىپ، شۇ تاپتا ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ قالسا نېمە دەرمەن» دېگەن خىيالدا دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالدى.

شۇ ئارىدا ئۇنىڭغا ئەمدى ئۆينىڭ ئىچىدىكى پاراڭ قىلغان ئاۋازلار جىمىپ قالغاندەك بولۇپ تۇيۇلدى. ئىشىكنى يەنە چېكىۋىدى، ھېچقانداق جاۋاب چىقمىدى. جىمجىتلىقنى پەقەت يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاجىزغىنا ئاۋازلار بۇزۇپ تۇراتتى. بۇ كۈلكە ئاۋازىغا ئوخشاپمۇ قالاتتى.

«ئۇ مېنى دېرىزىدىن كۆرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بايىقى كىچىك بالا تاشقىرىقى ئۆيگە كىرىپتۇغۇ، جېم ھازىر ئىچكىرىكى ئۆيدە بولۇشى مۇمكىن» ئۇ سەل توختىۋېلىپ ئىشىكنى يەنە ئۇردى، ئىشىك يەنىلا ئېچىلمىدى.

ئۇ ئاخىر ئۈمىدسىزلىنىپ يەنە بىر ئىشىكنىمۇ چېكىپ كۆردى، ئاندىن ئاستاغىنا ئىتتىرىۋىدى ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. بۇ ئەسلىدە بىنالارنىڭ ئۈستىدىكى چېدىر ئۆيلەر بولۇپ، قۇپقۇرۇق ئىدى. تۆت تام ياغاچتىن ياسالغان، پول سىرلانمىغانىدى. ئۇ ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. ئۆيدە سېمونت قاچىلايدىغان قاپلار ۋە توپ - توپ كونا گېزىتلەر تاشلاقلىق ياتاتتى. بىر بۇلۇڭدا بىر ئەسكى ساندۇق تۇراتتى. ئۇ چاشقانلارنىڭ كىتىرلىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدى، بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزى تام تۈۋىدە ئۆزىگە ھۇشيارلىق بىلەن قادىلىپ تۇرغان چاشقانغا چۈشۈپ، چاشقاننىڭ يىرگىنچلىك تەلەتىدىن شۈركۈنۈپ كەتتى. شۇڭا ئالدىراش - تېنەش تاشقىرىغا چىقىپ ئىشىكنى يېپىپ قويدى. جىددىيچىلىكتە گۈللۈك كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى ئىشىككە قىسىلىپ قېلىپ يىرتىلىپمۇ كەتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئىشىكى ئېچىلمىغان ئۆيدە ئادەم بارلىقىدىن شۈبھىلەنمەيتتى، چۈنكى ئۇ پىچىرلاشقان ھەتتا قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازلارنى ئاڭلىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ ئىشىككە تولا كەلدى. بىر ھەپتىگىچە ئۈزمەي كېلىپ تۇردى. ھەر كۈنى ئىشقا ماڭغۇچە كەلدى، كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتقۇچە كېلىپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇ قانچە كەلسىمۇ، ئىشىكنى قانچە كۈچەپ ئۇرسىمۇ ئىشىك پەقەتلا ئېچىلمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ۋانىنا ۋانىنى

## سىتىندال (فرانسىيە)

رۇسچىدىن ئابدۇشۇكۇر تۇردى تەرجىمىسى

1827 ـ يىلى باھارنىڭ بىر ئاخشىمى، پۈتۈن رىم زىلزىلىگە كەلگەندى. نامدار بانكىر گىرېتسوگ B ۋىنتسىيە مەيداندىكى يېڭى سېلىنغان سارىيىدا چوڭ بەزمە ئۆتكۈزدى. بۇ سارايىنى زىننەتلەشتە ئىتالىيىنىڭ ئىنتايىن كۆركەم سەنئىتى ۋە لوندون، پارىژلارنىڭ بارلىق ھەشەمەتلىك بۇيۇملىرى ئىشقا سېلىنغانىدى. مېھمانلار ناھايىتى كۆپ كەلدى. ئەنگلىيىلىك ئاقسۆڭەك خانىملار، سېرىق چاچ، تەكەببۇر گۈزەللەرمۇ بانكىر ئۆتكۈزگەن بۇ بەزمىگە قاتنىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانلىقلىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئابرۇي دەپ بىلىشكەنىدى، ئۇلار توپ ـ توپى بىلەن كېلىشمەكتە، رىمنىڭ ئەڭ چىرايلىق ئاياللىرى گۈزەللىكتە ئۇلار بىلەن رىقابەت قىلىشماقتا ئىدى.

زالغا دادىسىنى قولتۇقلىغان ھالدا بىر قىز كىرىپ كەلدى. يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى، قاپقارا چاچلىرى ئۇنىڭ رىملىق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ھەممىنىڭ نەزىرى شۇ قىزغا ئاغدى. قىزنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى ئادەتتىن تاشقىرى بىرخىل غۇرۇرنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

بۇ بەزمىنىڭ ھەشەمىتى چەت ئەللىك مېھمانلارنى ھەيرەتتە قالدۇردى. ئۇلار «ياۋروپا خانلىرىنىڭ ھەرقانداق زىياپىتىمۇ بۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ» دېيىشەتتى.

ياۋروپا خانلىرىنىڭ بۇنداق رىم پاسونىدا قۇرۇلغان سارايـ
لىرى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار پەقەت ئۆز ئوردا ئاياللىرىنىلا
تەكلىپ قىلايدۇ، ھالبۇكى بانكىر B بولسا، مەخسۇسلا گۈزەل
ئاياللارنى چاقىرغانىدى. ئۇنىڭ بۇگۈنكى تاللىشى مۇۋەپپەقىيەتـ
لىك بولۇپ چىقتى. بۇ يىغىلىش بارلىق ئەرلەرنىڭ كۆزىنى
قاماشتۇرۇۋەتكەنىدى. مەپتۇن قىلغۇچى گۈزەللەر شۇنچە كۆپ
ئىدىكى، بىرىنچى دەرىجىنى كىمگە بېرىش مەسىلىسىنى ھەل
قىلىش قىيىنغا توختىدى، شۇنداقتىمۇ، بىرمۇنچە تەۋرىنىشلەرـ
دىن كېيىن، بۇگۈنكى بەزمىنىڭ شاھلىقىنى قاپقارا چاچلىق،
كۆزلىرى يېنىپ تۇرىدىغان ۋانىنا ۋاننى خېنىمغا بېرىشكە ھەمـ
مەيلەن ماقۇل كېلىشتى. چەت ئەللىك ۋە رىمنىڭ ياش يىگىتلىـ
رى دەرھال مېھمانخانىنى تاشلاپ، قىز تۇرغان تانسا زالىغا
توپلىنىشتى.

قىزنىڭ دادىسى كىنەز ئازىدرۇبالو ۋاننى ئۆز قىزىدىن
ھەممىدىن ئاۋۋال ئىككى - ئۈچ مۇلۇكدار نېمىس شاھزادىلىرى
بىلەن تانسا ئويناشنى تەلەپ قىلدى. كېيىن قىز يەنە بىر نەچچە
داڭدار، ئىنتايىن چىرايلىق ئىنگلىزلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل
قىلدى. بىراق، ئۇلارنىڭ گىدەيگەن تۇرقى قىزنى تېزلا زېرىكـ
تۇردى. تۇرقىدىن ۋاننىنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك
بىلىنگەن ياش يىگىت لۇيجو ساۋىللىنى ئازابلاش بۇ قىزغا
ھەممىدىن بەك ھۇزۇر بېغىشلايتتى. لۇيجو ناھايىتى كېلىشكەن
رىم يىگىتلىرىنىڭ بىرى ئىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ كىنەزلىك
ئۇنۋانىمۇ بار ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭغا ئوقۇپ چىقىش ئۈچۈن
بىرەر رومان بەرسە، يىگىرمە بەت ئوقۇمايلا، بېشىم ئاغرىپ
كەتتى دەپ كىتابنى تاشلاپ قوياتتى، ۋاننىنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىش
ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ نۇقسانى ئىدى.

يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقاندا، بەزمە مەيدانىدا بىر خەۋەر
تارقىلىپ غۇلغۇلا قوزغىدى: دەل شۇ كېچىسى قاماقتا ئېلىنغان

ياش كاربۇنارىي كىيىمىنى ئۆزگەرتىپ مۇقەددەس پەرىشتە قەل ئەسىدىن قاچقان ۋە تۈرمىنىڭ ئاخىرقى دەرۋازىسىغا كەلگەندە رومانتىك جاسارىتى قايناپ تېشىپ، قاراۋۇلدا تۇرغان ساقچىغا خەنجەر بىلەن ھۇجۇم قىلغان، ئۆزىمۇ يارىدار بولغان. ساقچىلار قان ئىزلىرى بويىچە ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپتۇ، قولغا چۈشۈرۈش ئۈمىدىدە ئىكەن.

ھەممىيلەن مۇشۇ ئىش ئۈستىدە پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەندە، ۋاننىنانىڭ گۈزەللىكى ۋە بۇگۈنكى مۇۋەپپەقىيەتتىن ھاياجانغا كەلگەن دون لىۋىئوساۋىللى تانىسىدىن كېيىن قىزنى ئۆز ساپاسىغا ئۆزىتىپ كېتىپ بېرىپ، مۇھەببەت كۈچىدىن مەست بولغان ھالدا خىتاب قىلدى:

— خۇدا ھەققى، ئېيتىپ بېقىڭا، كىم سىزگە يېقىشى مۇمكىن؟

— قەلئەدىن قاچقان ياش كاربۇنارىي. قانداقلا بولسۇن، ئۇ بىرەر ئىش قىلىدىغۇ، پەقەت دۇنياغا يارالغىنى بىلەنلا كۇپايىلەنمىدى①، — دېدى ۋاننىنا.

كىنەز ئازىدرۇبالو قىزىنىڭ قېشىغا كەلدى. بۇ يىگىرمە يىلدىن بېرى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىسىدىن ھېسابات ئېلىپ باقمىغان دۆلەتمەن ئادەم ئىدى. باشقۇرغۇچىسى ئۇنىڭ ئۆز پۇلىنى ئۆزىگە يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرزگە بېرەتتى. ئەگەر كىنەزنى كوچىدا ئۇچراتسىڭىز، ئۇنى پېشقەدەم ئارتىسمىكىن، دەپ قالاتتىڭىز، ھەتتا ئۇنىڭ قولىدىكى چوڭ برىليانت كۆزلۈك ئۈزۈكلىرىگىمۇ سەپسالمىغان بولاتتىڭىز. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئېيزۇئىتلار تەشكىلاتىغا② قاتناشقان ۋە ئەقلىدىن ئېزىپ ئۆلگەندە

---

① دۇنياغا يارالغانلىقى بىلەنلا كۇپايىلەنمىدى — 18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن فرانسۇز يازغۇچىسى بومارشېنىڭ «فىگارونىڭ ئۆيلىنىشى» دېگەن كومېدىيىسىنىڭ باش قەھرىمانى فىگارونىڭ كۆپ ئېيتىدىغان سۆزى.

② ئېيزۇئىتلار تەشكىلاتى — 1534 ـ يىلى ئىتالىيىدە قۇرۇلغان ئەكسىيەتچى كاتولىك دىنى تەشكىلاتى. ئۇ پاپا ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان.

دى. ئۇ ئوغۇللىرىنى ئۇنتۇپ كەتتى، لېكىن بىردىنبىر قىزى
بولغان ۋاننىنىڭ ئەرگە تەگمەيۋاتقانلىقىدىن قايغۇراتتى. قىزى
ۋاننىنا ئـون تـوقـقـۇزغا كىرگەن بولسىمۇ، ناھايىتى ئوبدان
لايىقلارنى رەت قىلاتتى. ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟
تانسا بولغان كـۈننىڭ ئـەتىسى ئـەتىگەندە، ۋاننىنا دادى-
سىنىڭ — ئۆتۈپ كەتكەن بىغەم، ئۆمرىدە بىرەر قېتىم قولىغا
ئاچقۇچ ئېلىپ كۆرمىگەن بۇ ئادەمنىڭ تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىدى-
غان تار پەلەمپەيىنىڭ ئىشىكىنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن يېپىپ
قويۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئۇستۈنكى قەۋەتتىكى بۇ ئۆيىنىڭ
دېرىزىسى چوڭ تۇڭلارغا ئاپپىلسىن دەرەخلىرى تىكىلگەن بالكون-
غا قارايتتى.
ۋاننىنا شەھەرگە مېھمانغا كەتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە،
چوڭ دەرۋازا چىراغ بېزەكلىرى ئورنىتىش ئۈچۈن توساپ قويۇل-
غانىدى، هارۋا ئارقا هويلا بىلەن كىرىشكە توغرا كەلدى. ۋاننىنا
يۇقىرىغا قاراپ هەيران بولدى. ئۇنىڭ دادىسى ئېھتىيات بىلەن
ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ قويغان تۆتىنچى قەۋەتتىكى ئۆيلەردىن بىرى-
نىڭ دېرىزىسى ئوچۇق تۇراتتى. ئۇ ئايال خىزمەتچىسىنى ماش-
دۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، بىنانىڭ ئەڭ ئۇستۈنكى چېدىرىغا چىق-
تى ۋە ئىزلەپ يۈرۈپ رىشاتكىلىق كىچىك پەنجىرىنى تاپتى.
پەنجىرە ئاپپىلسىن قويۇلغان بالكونغا قارايتتى، ۋاننىنانى قىزىق-
تۇرغىنى ئوچۇق دېرىزە ئىدى. ئېنىقكى، ئۆيدە بىرى تۇرۇۋې-
تىپتۇ. ئەمما ئۇ كىم؟ ئەتىسى ۋاننىنا ئاپپىلسىن قويۇلغان بال-
كونغا چىقىدىغان ئىشىكنىڭ ئاچقۇچىنى ئىزلەپ تېپىپ يوشۇ-
رۇنچە دېرىزىگە يېقىنلاشتى، دېرىزە يەنىلا ئوچۇق ئىدى. ۋاننىنا
رىشاتكىلىق دېرىزە قاپقىقى كەينىگە يوشۇرۇندى. ئۆيىنىڭ يۇقى-
رىقى تېمى يېنىدا بىر كارىۋات تۇراتتى، كارىۋاتتا بىرى ياتاتتى.
ۋاننىنا هودۇقۇپ دەررۇ قايتىپ چۈشمەكچى بولدى - يۇ، لېكىن
شۇ پەيتتە ئورۇندۇق ئۇستىگە تاشلاپ قويۇلغان ئايالچە كۆڭلەك-

نى كۆرۈپ قالدى. ئۇ سەپسىلىپ قاراپ، ياستۇق ئۈستىدىكى سىرلىق چاچلىق بىر باشنى ئېنىق بايقىدى، كۆرۈنۈشىدىن خېلى ياشتەك قىلاتتى. ئەمدى ۋاننا بۇ ياتقان كىشىنىڭ قىز ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى. ئورۇندۇق ئۈستىدىكى كۆڭلەك تامامەن قانغا بويالغانىدى. ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان توپلىيىغىمۇ قان ئۇيۇپ قالغانىدى. ناتونۇش ئايال ئاستا مىدىرلىدى، شۇندىلا ۋاننا ئۇنىڭ ياردار ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆكرىكى قان داغلىرى چۈشكەن لاتا بىلەن تېڭىلغان، تېڭىق ئۈستىدىن قانداقتۇر تاسمىلار بىلەن ماتالغان ئىدى، بۇنىڭ دوختۇرنىڭ قولى بىلەن قىلىنمىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ۋاننا دادىسىنىڭ ھەر كۈنى سائەت تۆتلەردە ئۆز ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى ئېتىۋالىدىغانلىقىنى، ئاندىن ناتونۇش ئايالنى يوقلاشقا چىقىدىغانلىقىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. دادىسى ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرمايتتى، قايتىپ چۈشۈپلا پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ گراف خانىم ۋىنتىپلىكانىڭ قېشىغا كېتەتتى. ئۇنىڭ كېتىشى بىلەن ۋاننا كىچىك بالكونغا كۆتۈرۈلەتتى ـ دە، ناتونۇش ئايالنى كۆزىتەتتى. شۇنچە بەختسىز ياش ئايالغا ۋاننا ئىنتايىن ئىچ ئاغرىتاتتى، ھېسداشلىق قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ سەزگۈزەشتىسى ئۈستىدە ئويلىناتتى. ئورۇندۇق ئۈستىدىكى قانغا بويالغان كۆڭلەك خەنجەر بىلەن تېشىلگەندەك قىلاتتى، ۋاننا بۇ كۆڭلەكتىكى تۆشۈكلەرنىمۇ ساناپ چىقتى.

بىر كۈنى ئۇ ناتونۇش ئايالنى ناھايىتى ئېنىق كۆردى. ئۇ ئايال، خۇددى ئىبادەت قىلىۋاتقاندەك زەڭگەر كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىككىنىچە مىدىر قىلماي ياتاتتى، بىر پەستىن كېيىن بۇ گۈزەل كۆزلەر ياش بىلەن تولدى. بۇ چاغدا ۋاننا ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى. ئەتىسى ۋاننا دادىسى يوقلاشقا چىقىشتىن ئاۋۋال دادىللىق قىلىپ بالكونغا يوشۇرۇنۇۋالدى. ئۇ دادىسى دون ئازىدرۇبالونىڭ ناتونۇش ئايال-

نىڭ قېشىغا كىرگىنىنى ئېنىق كۆردى. دادىسى يېمەك ـ ئىچمەك سېلىنغان سېۋەتنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. كىنەز ناھايىتى تەشۋىشلەنگەن بولۇپ، بەكمۇ ئاز گەپ قىلاتتى. ئۇ شۇنچىلىك پەس ئاۋازدا سۆزلىدىكى، ھەتتا ئەينەكلىك ئىشىك ئوچۇق تۇر-سىمۇ ۋاننىنا ھېچ نەرسە ئاڭلىيالمىدى. كۆپ ئۆتمەي كىنەز چىقىپ كەتتى.

«دادام شۇنچە بىپەرۋا ئادەم تۇرۇقلۇق، يەنە ھېچكىمگە ئىشەنمەي، كۈندە شۇنچە كۆپ پەلەمپەينى ئۆزى باسقىنىغا قارىـ غاندا، بۇ ئايال بىچارىنىڭ دۈشمەنلىرى خەتەرلىك ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ۋاننىنا.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ۋاننىنا ئېھتىيات بىلەن ناتونۇش ئايال-نىڭ دېرىزىسىدىن قارىغانىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇ ئايالنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ھەممە ئىش ئاشكارىلىنىپ قالدى. ۋاننىنا دەرھال تىزلىنىپ:

— مەن سىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم، مەن سىزنىڭ دوستىڭىز! — دەپ خىتاب قىلدى.

ناتونۇش ئايال ئىما بىلەن ئۇنى ئۆيگە كىرىشكە شەرەت قىلدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، مېنى كەچۈرۈشىڭىزنى سورايمەن! — دەپ تەكرارلىدى ۋاننىنا، — مېنىڭ ئەخمە-قانە ھەۋىسىم سىزگە نەپرەتلىك سېزىلسە كېرەك. قەسەم قى-لىپ بېرەي، بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتمايمەن، ئەگەر سىز كەلمە دېسىڭىز بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز كەلمەيمەن.

— سىزنى كۆرۈشنى كىممۇ بەخت ھېسابلىمىسۇن! — دېدى ناتونۇش ئايال، — سىز مۇشۇ سارايدا تۇرامسىز؟

— ئەلۋەتتە، — جاۋاب بەردى ۋاننىنا، — قارىغاندا، سىز مېنى تونۇمايدىغان ئوخشايسىز مەن ۋاننىنا، كىنەز ئازدىرۇ بالونىڭ قىزى.

ناتونۇش ئايال ھەيران بولۇپ قىزغا قارىدى ۋە پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى، كەينىدىن قوشۇپ قويدى:

— كۆندە كېلىپ تۇرۇۋشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. لېكىن، سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى كىنەزنىڭ بىلىپ قالماسلىقىنى خالايمەن.

ۋانىنانىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ ناتونۇش ئايالنىڭ ھەممە ھەرىكىتىدىن بىر خىل ئالىيجانابلىق سەزدى. بۇ بەختسىز ياش ئايال، ئېھتىمال، بىر يۇقىرى مەنسەپدارنى ھاقارەت قىلغاندۇ ياكى رەشىك ئوتىدا يېنىپ، ئۆز سۆيگىنىنى ئۆلتۈرگەندۇ. ۋانىنا، ئۇنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ سەۋەبى ھەرگىز ئادەتتىكى ئىش ئەمەس، دېگەن خىيالنى كاللىسىدىن كەچۈردى. ناتونۇش ئايال ئۇنىڭغا يەلكىسى ۋە كۆكرىكىدىن يارىلانغانلىقىنى، ھازىر بەكمۇ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. تېز - تېزلا ئۇنىڭ ئاغزىدىن قان كېلەتتى.

— سىزگە دوختۇر چاقىرمىدىمۇ؟ — ھەيران بولدى ۋانىنا.

— سىزمۇ بىلىسىز كېرەك، — دېدى ناتونۇش ئايال، — رىمدىكى دوختۇرلار ئۆزلىرى داۋالىغان يارىدارلار توغرىسىدا دەرھال ساقچى ئىدارىسىگە خەۋەر قىلىشى شەرت. كىنەز ئىنتايىن غەمخور كىشى، ئۆزى يارامنى مانا بۇ لاتا بىلەن تېڭىپ تۇرىدۇ.

ناتونۇش ئايال ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ئۆز بەختسىزلىكى ئۈستىدە نالە قىلىپمۇ قويمىدى. ۋانىنا ئۇنىڭغا قايىل بولدى.

پەقەتلا بىر نەرسە، يەنى جىددىي پاراڭ ئارىسىدا ناتونۇش ئايالنىڭ بىر نەچچە قېتىم تۇيۇقسىز كۈلۈپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ قالغانلىقى ۋانىنانى ھەيران قالدۇراتتى.

— ئىسمىڭىزنى ئۇقۇش ئىستىكىم بار ئىدى، — دەپ

سوردى ۋاننا ئۇنىڭدىن.
— مېنىڭ ئىسمىم كلېمېنتىنا.
— خوپ، كلېمېنتىنا، ئەته سائەت بەشتە سىزنى يەنە يوقلاپ كېلىمەن.
ئەتىسى ۋاننا يېڭى دوستىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىنى بايقىدى.
— مەن سىزگە دوختۇر چاقىرتاي، — دېدى ۋاننا ئۇنى سۆيۈپ تۇرۇپ.
— ياق، ئۇنىڭدىن ئۆلگىنىم ياخشى، — دەپ قارشىلىق قىلدى ناتونۇش ئايال، — ماڭا خەيرىخاھلىق قىلغانلارغا زىيان سالىدىغان ئىشنى قىلىشقا ھەرگىز قوشۇلمايمەن.
— توختاپ تۇرۇڭ! رىم ۋالىيسى ساۋىللى كاتانتىسارانىڭ دوختۇرى بىر خىزمەتچىمىزنىڭ ئوغلى بولىدۇ، — دېدى ئالدىراپ ۋاننا، — ئۇ بىز بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنى يۇقىرى بولغاچقا، ھېچكىمدىن قورقۇپ كەتمەيدۇ. دادام بىكاردىنلا ئۇنىڭ بىزگە بولغان ساداقىتىگە ئىشەنمەي يۈرىدۇ، مەن ھازىرلا ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىمەن.
— ھاجىتى يوق، ھاجىتى يوق! — ناتونۇش ئايال ھاياجان بىلەن ئېتىراز بىلدۈرۈپ ۋاننانى ھەيران قالدۇردى، — مېنى يوقلاشقا كېلىپ تۇرۇڭ، ئەگەر خۇدا مېنى ئۆز دەرگاھىغا چاقىرسا، قولىڭىزدا جان ئۈزسەم شۇنىڭ ئۆزى ماڭا بەخت.
ئەتىسى ناتونۇش ئايالنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى.
— ئەگەر سىز مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، دوختۇر ئەپكېلىشكە ماقۇل بولۇڭ، — دېدى ۋاننا ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ تۇرۇپ.
— ئەگەر دوختۇر كېلىدىغان بولسا، پۈتۈن بەختىم بەربات بولىدۇ.

— دوختۇرغا ئادەم ئەۋەتىمەن، — دەپ چىلاڭ تۇردى ۋاننا.

ناتونۇش ئايال جاۋاب بەرمەستىن ۋاننانى تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنىڭ قولىغا لەۋلىرىنى ياقتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىملىق ھۆكۈم سۈردى. ناتونۇش ئايالنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى. ئاخىر ئۇ ۋاننانىڭ قولىنى قويۇپ بېرىپ، خۇددى ئۆلۈمگە كېتىپ بارغان بىر قىياپەتتە:

— سىزگە راست گېپىمنى قىلاي، ئالدىنقى كۈنى ئۆزۈمنى كلىمېنتىنا دەپ يالغان ئېيتقانىدىم، ئۇنداق ئەمەس، مەن بىر بەختسىز كاربۇنارىي... — دېدى.

ۋاننا ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تىكىلدى ۋە ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئورۇندۇقتىن قوزغالدى.

— سېزىپ تۇرىمەن، — كاربۇنارىي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مۇشۇ ئىقرارىم بىلەن مېنى ھاياتقا باغلاپ تۇرغان بىردىنبىر شادلىقتىن مەھرۇم بولدۇم. لېكىن، سىزنى ئالداشنى خالىمايمەن، بۇ ماڭا مۇناسىپ ئىش ئەمەس. مېنىڭ ئىسمىم پېترو مىسسىرىللى، ئون توققۇز ياشقا كىردىم. دادام كەمبەغەل دوختۇر، سىڭىل، ئانىلۇ ۋە ئىن ۋادۇدا ياشايدۇ. ئۆزۈم كاربۇنارىي. بىزنىڭ ئىشىمىز پاش بولۇپ قالدى. مېنى رومانىيەدىن كىشەنلەپ رىمغا ئېپكېلىپ قاراڭغۇ زىنداندا تاشلاشتى. ئۇ يەردە كېچە - كۈندۈز كىچىككىنە بىر لامپىلا يېنىپ تۇرىدۇ. ئون ئۈچ ئاي ئەنە شۇ يەردە ياتتىم. بىر رەھىمدىل ئىنساندا مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش پىكرى پەيدا بوپتۇ. ئۇ مېنى ئايالچە كىيىندۈردى. تۈرمىدىن چىقىپ ئاخىرقى دەرۋازىغا كەلگىنىمدە، كاربۇنارىيلارنى قەبىھلىك بىلەن ھاقارەت قىلغان قاراۋۇللاردىن بىرىنى تەستەك بىلەن كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالدىم، ئىشىنىڭكى، مەن بۇنى مەقسەتسىز جاسارەتتىن قىلغىنىم يوق، ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن. بۇ ئالدىراقسانلىقىم نەتى-

جىسىدە ئەسكەرلەر كەينىمدىن قوغلاشتى. نەيزە بىلەن يارىلانغانىدىم، قانسىراپ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتىم، كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئۆزۈمنى كىمنىڭدۇر ئىشىكى ئوچۇق تۇرغان ئۆيىگە ئاتتىم. قۇلاق سالسام، كەينىمدىن ئەسكەرلەر پەلەمپەي بويلاپ قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ. مەن دېرىزىدىن باغقا سەكرىدىم ۋە باغدا ئايلىنىپ يۈرگەن بىر ئايالدىن نەچچە قەدەملا نېرىغا يىقىلدىم.

— گراف خانىم ۋىنتېلېكامۇ؟ ئۇ دادامنىڭ يېقىن دوستى! — دەۋەتتى ۋاننا.

— ھە! ئۇ سىزگە ئېيتىپ بەرگەنمۇ؟ — خىتاب قىلدى مىسسىرىللى، — ئۇ ئايالنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ مېنىڭ ھاياتىمنى ساقلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ھېچقانداق ۋاقىتتا ئېغىزدىن چىقارماسلىق كېرەك. ئەسكەرلەر مېنى تۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا كىرىشكەندە دادىڭىز مېنى پەيتۇنىغا سېلىپ ئېپكەتكەنىدى. مېنىڭ ھالىم خاراب، بەك خاراپ. نەچچە كۈندىن بېرى مۈرەمدىكى يارا مېنى بەكمۇ بىئارام قىلىۋاتىدۇ، تېز ئارىدا ئۆلىمەن، ئەمدى سىزنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، دېگەن ھەسرەت بىلەن ئۆلىمەن ...

ۋاننا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تاقەتسىزلىك بىلەن ئاڭلىدى ۋە چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدى. مىسسىرىللى ئۇنىڭ گۈزەل كۆزلىرىدە ئېچىنىش ئالامەتلىرىنى ئەمەس، بەلكى ھاقارەتكە ئۇچرىغان بىر خىل غۇرۇرنى سەزدى.

كېچىسى يارىدارنىڭ قېشىغا دوختۇر كەلدى. دوختۇر يالغۇز ئىدى. مىسسىرىللى بۇنىڭدىن كېيىن ۋاننانى كۆرەلمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ دوختۇردىن سورۇشتۇرۇشكە باشلىدى. دوختۇر ئۇنىڭ يارىسىنى تاڭدى، ئەمما سوئاللىرىنىڭ بىرىگىمۇ جاۋاب بەرمىدى. كېيىنكى كۈنلەردىمۇ شۇنداقلا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. پېترو ۋاننا كىرىپ كېلىدىغان بالكوننىڭ ئەينەكلىك ئىشىكىدىن كۆز ئۈزمەي ياتاتتى،

ئۇ ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلاتتى. بىر كۈنى يېرىم كېچە بولاي دېگەندە، ئۇنىڭغا قاراڭغۇ بالكوندا كىمدۇر بىرى تۇرغاندەك سېزىلدى. ئەجەبا، ۋاننا بولسا ـ ھە؟!

ۋاننا ھەر ئاخشىمى كېلەتتى ۋە ئەينەك ئىشىككە يېقىنلىشىپ مىسسىرىللىغا قارايتتى.

«ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشسەم ھالاك بولغىنىم شۇ، — دەپ ئويلىدى ۋاننا، — ياق، ئەمدى ئۇنى ھەرگىز كۆرمەسلىككىم كېرەك.

لېكىن، ۋاننا ئۆز قارارىنىڭ ئەكسىچە، ساددا دىللىق بىلەن مىسسىرىللىنى ئايال دەپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا، بۇ يىگىتكە قانچىلىك چوڭقۇر دوستلۇق باغلىغانلىقىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئەسلەيتتى. شۇنچىلىك سەممىي يېقىنلىقتىن كېيىن ئۇنى ئۇنتۇيالامدۇ؟

ۋاننا ھوشيار پىكىر قىلغان ۋاقىتلىرىدا، مىسسىرىللى ئۆز ئىسمىنى مەلۇم قىلغاندىن تارتىپ، ئۆزى ئۈچۈن ھەممە نەرسىنىڭ قانداقتۇر ئاجايىپ بىر ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ئۇنى قورقۇتاتتى، ئۇنىڭ بالدۇر ئويلىغان ئويلىرى، داۋاملىق ئەتراپتا كۆرۈپ يۈرگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى قاياقلارغىدۇر يىراقلىشىپ، تۇمان بىلەن قاپلىنىپ كەتكەندى.

تېخى ھەپتە بولماستىنلا چىرايى تاتارغان ۋاننا تىترىگەن ھالدا دوختۇر بىلەن بىللە كاربۇنارىينىڭ خانىسىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاغرىق كۈتۈش ئۈچۈن بىرەر خىزمەتكار چىقىرىپ بېرىشكە كىنەزنى كۆندۈرۈش لازىملىقىنى ئېيتىپ قويۇشقا كىرگەندى. ئۇ بۇ يەردە بىر مىنۇتلا تۇردى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە دوختۇر بىلەن بىللە كىردى. بۇ قېتىم پەقەت ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىنلا كىرگەندى. مىسسىرىللى خېلى تۈزىلىپ قالغانىدى، گەرچە ئۇنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئەنسىرەشكە ئەمدى ئاساس قالمىغان بولسىمۇ، بىر كۈنى كەچقۇرۇن-

لمۇقى ۋاننا ئۇنىڭ يېنىغا يالغۇز كىرىشكە پېتىنالىدى. مىسىد-
رىللى ئۇنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى.
بىراق، ئۆز مۇھەببىتىنى يوشۇرۇپ قېلىشقا تىرىشتى. ھەممى-
دىن ئاۋۋال ئۇ ئۆزىنىڭ ئەرلەرگە مۇناسىپ قەدىر - قىممىتىنى
يوقىتىپ قويۇشنى خالىمىدى. ۋاننا ئۇنىڭ يېنىغا كىرگىنىدە،
نومۇستىن ئوت بولۇپ يانغان، مۇھەببەت توغرىسىدىكى پاراڭلار-
نى ئاڭلاشتىن ئىنتايىن قورققانىدى. بىراق، مىسىرىللىنىڭ
قىلچىمۇ مېھىر - مۇھەببەت ئۇچقۇنىنى ئىپادىلىمەي، پەقەت
ئالىيجاناب ۋە سەممىي دوستلۇققا ئائىت سۆزلەر بىلەنلا قارشى
ئالغانلىقى ۋاننانى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ كېتىش ئۇچۇن
تەدەددۇتلانغاندا پېترو ئۇنى تۇتۇپ قېلىشقىمۇ ھەرىكەت قىلمى-
دى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ۋاننا يەنە پېترونىڭ
قېشىغا كەلدى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشمۇ ئۆتكەنكىگە ئوخشاشلا
ئىخلاسمەنلىك ۋە مەڭگۇ رازىمەنلىككە ھۆرمەت بىلەن ئىشەندۇ-
رۇشتە ئۆتتى. ۋاننا ئەمدى ياش يىگىتنىڭ زوقىنى سوۋۇتۇشقا
ئىنتىلىش ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئۆز مۇھەببىتىگە ئورتاق
بولماسلىقىدىن قورقۇشقا باشلىدى. ئىلگىرى غۇرۇر بىلەن تول-
غان بۇ قىز ئەمدىلىكتە ئۆزىنى قانچىلىك يوقىتىپ قويۇۋاتقانلى-
قىنى ئەلەم بىلەن ھېس قىلماقتا ئىدى. قىز ئۆزىنى خۇشال،
ھەتتا بىپەرۋا كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. ئۇ ئاغرىق قېشىغا ئاز
كېلىدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مىسىرىللىنى يوق-
لاشتىن تامامەن ۋاز كېچىشكە ھېچ جەزم قىلالمايتتى.

مىسىرىللى سۆيگۈ ئوتىدا يېنىۋاتاتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ
تۆۋەن تەبىقىدىن ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ ۋە ئۆز قەدىر - قىممىتى-
نى ساقلاشقا ئىنتىلىپ، پەقەت بىر ھەپتىگىچە ۋاننانى كۆرەل-
مەي قالغان ئەھۋال ئاستىدىلا، ئاندىن مۇھەببەت توغرىسىدا سۆز
ئېچىشقا قارار قىلدى. مەغرۇر كىنەز قىزىمۇ ئۆزىنى مۇستەھ-

كەم مۇداپىئە قىلاتتى.

«نېمە بوپتۇ! — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ئاخىر ۋاننا. — مەن ئۇنى يوقلاپ تۇرۇۋېرىمەن، بۇ مەن ئۈچۈن كۆڭۈللۈك، لېكىن ئۇنىڭغا ھەرگىز ھېسسىياتىمنى ئاشكارىلىمايمەن.»

ۋاننا ئاغرىقنىڭ قېشىدا ئۇزاق ئولتۇراتتى، پېترو بولسا ئۇنىڭ بىلەن يىگىرمە ئادەمنىڭ ئالدىدىمۇ بولۇۋېرىدىغان سۆز بىلەن سۆزلىشەتتى. بىر قېتىم، ۋاننا كۆن بويى مىسسىرىللىغا نەپرەتلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ سوغۇققان ۋە سورلۇك مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا ئۆزىگە ۋەدە بەرگەن كۆنى ئاخشىمى بىردىنلا مىسسىرىللىغا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار تېزلا ئۆز ھېسسىياتلىرىغا بېرىلىپ كېتىشتى.

ۋاننا بەكمۇ ھېسسىياتچان بولۇپ كېتىۋاتاتتى، بىراق ئىقرار قىلىش كېرەككى، ئۇ ئىنتايىن بەختلىك ئىدى. مىسسىرىللىمۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ ئەرلىك قەدىر - قىممىتىنى ساقلاشقا تىرىشمايدىغان بولدى. ئۇ يىگىرمە ياشلىق يىگىتنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىدە بولىدىغان، ئىتالىيىچە ياخشى كۆرۈش بىلەن ۋاننىنى سۆيەتتى. ئۇ ھەتتا بۇ مەغرۇر كىنەز قىزىنىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭ سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھىيلىسىنىمۇ سەمىمىي كۆڭۈل ۋە سادىق قىزغىنلىق بىلەن ئىقرار قىلدى. ئۇ بەختلىك ئىدى، ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك بەختكە ئېرىشكەنلىكىگە ئۆزىمۇ ھەيران بولاتتى.

تۆت ئاي سېزىلمەستىن ئۆتۈپ كەتتى. دوختۇر كېسەلگە «ئەمدى ئەركىن قوپۇپ يۈرسەڭ بولىدۇ» دەيدىغان كۈنمۇ يېتىپ كەلدى.

«قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دەپ ئويلايتتى مىسسىرىللى، — يەنە ئاۋۋالقىدەكلا رىمدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزنىڭكىدە يوشۇرۇنۇپ يېتىۋېرەيمۇ؟ ئۇنداق قىلسام مېنى قۇياش

نۇرىدىن مەھرۇم قىلىپ ئون ئۈچ ئاي زىنداندا قامىغان رەزىل ۋەھشىيلەر ئۇنى مەغلۇپ قىلدۇق دەپ ئويلاشمامدۇ؟ ئېغ ئىتالىيە، ئوغۇللىرىنىڭ سېنى شۇنداق ئاسان تاشلاپ كېتىدىغان بولسا، سەن ھەقىقەتەن بەختسىز ئىكەنسەن!»

ۋاننىنا پېترو مەڭگۈ ئۆزى بىلەن قالسا، بۇنىڭ پېترو ئۈچۈن ئەڭ زور بەخت سانىلىدىغانلىقىغا گۇمان قىلمايتتى. پېترو ھەقىقەتەن بەختلىك، بىراق گېنېرال بوناپارتنىڭ قەھرلىك چاقچىقى بۇ ياشنىڭ يۈرىكىدە ئاچچىق تەسىر قالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاياللارغا بولغان مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. 1796 - يىلى گېنېرال بوناپارت برېتتىيەنى تاشلاپ چىققان، ئۇنى شەھەر دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ چىققان شەھەر ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا: «برېتتىيەلىكلەر ئەركىنلىكنى باشقا بارلىق ئىتالىيىلىكلەردىن بەكرەك قەدىرلەيدۇ» دېگەندە، ئۇ: «شۇنداق، ئۇلار ئۆز ئاشنىلىرى بىلەن ئەركىنلىك ھەققىدە سۆزلىشىشنىلا ياخشى كۆرىدۇ.» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

پېترو خىجىل بولغان ھالدا ۋاننىناغا مۇنداق دېدى:

— بۈگۈن قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن مەن بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشىم كېرەك.

— پەخەس بولۇڭ، تاڭ ئاتقۇچە قايتىپ كېلىشكە ھەرىكەت قىلىڭ، مەن سىزنى كۈتىمەن.

— تاڭ يورۇغاندا مەن رىمدىن نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا بولىمەن.

— بۇ قانداق گەپ! — دېدى ۋاننىنا سوغۇققىنا قىلىپ، — نەگە بارماقچىسىز؟

— رومانىياغا، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن.

— مەن باي، — دېدى ۋاننىنا ناھايىتى خاتىرجەم ئاۋازدا، — مەندىن قورال ۋە پۇل قوبۇل قىلىشىڭلارغا ئىشىنىمەن.

مىسسىرىللى بىر پەس ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى ۋە بىردىنلا ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

— مېنىڭ قەلبىم، مېنىڭ ھاياتىم! سىز مېنى ئۆز بۇرچۇمنى ئۇنتۇپ قېلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىسىز، — دېدى ئۇ ۋاننىناغا، — سىز ئالىيجاناب قەلب ئىگىسى، مېنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك.

ۋاننىنا كۆپ ياش تۆكتى، ئاخىر مىسسىرىللى رىمدا يەنە بىر كۈن تۇرىدىغان بولدى.

— پېترو، — دەپ سۆز باشلىدى ۋاننىنا ئەتىسى، — سىز دائىم ماڭا، مۇبادا ئاۋسترىيە چېگرىمىزدىن يىراق بىر يەردە جىددىي ئۇرۇشقا قاتنىشىپ قالسا، شۆھرەتلىك ئادەم، مەسىلەن، رىمنىڭ كىنەزلىرىدىن بىرى جىق پۇل تەقدىم قىلسا، ئۇ ئازادلىق ئىشى ئۈچۈن چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن بولاتتى، دەيتتىڭىز. مەن سىزگە ئۆزۈمنى ۋە ئىككى يۈز مىڭ فرانىك پۇل تەقدىم قىلىمەن، دادامنىڭمۇ رازىلىقىنى ئالالايمەن.

پېترو ئۇنىڭ ئايىغىغا تاشلاندى. خۇشاللىقتىن ۋاننىنانىڭ پۈتۈن بەدىنى ئوت بولۇپ ياندى.

— مەن سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن، — دېدى مىسسىرىللى، — بىراق، مەن ۋەتىنىمنىڭ بىر بەختسىز مالىيىمەن. ئىتالىيە قانچە بەختسىز بولغانسېرى، ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىمنى شۇنچە ساقلىشىم كېرەك. كىنەز ئازىدرۇبالونىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن ماڭا بىرنەچچە يىل نالە قىلغۇچىنىڭ رولىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ۋاننىنا، مەن سىزنى قوبۇل قىلالمايمەن.

مىسسىرىللى مۇشۇ سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالماقچى بولدى، چۈنكى ئۇنىڭدىكى غەيرەت – جاسارەت ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى.

— بەختىمگە قارشى، — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، —

مەن سىزنى ئۆز ھاياتىمدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن. رىمنى تاشلاپ كېتىش مەن ئۈچۈن چىدىغۇسىز ئازاب! ئاھ، نېمىشقا ئىتالىيە تېخىچە ۋەھشىيلەردىن قۇتۇلالمىدى ـ ھە! بولمىسا، مەن خۇشاللىق بىلەن سىزنى ئېلىپ ئامېرىكىغا كەتكەن بولاتتىم!

ۋاننىنانىڭ پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ كەتتى. ئۇنىڭ تەلىپى رەت قىلىنغان، غۇرۇرى مەنسىتىلمىگەنىدى! ئەمما، بىر مىنۇتتىن كېيىنلا ئۇ ئۆزىنى مىسسىرىللىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى.

— ھېچقاچان مەن ئۈچۈن بۇگۈنكىدەك قەدىرلىك بولمىغان ئىدىڭىز! — دەپ خىتاب قىلدى ۋاننىنا، — مەن سىزنىڭ، شۇنداق، مەڭگۇگە سىزنىڭ ... سۆيۈملۈك يېزىلىق دوختۇرۇم، سىز خۇددى قەدىمكى رىملىقلىرىمىزدەك ئۇلۇغسىز!

كېلىچەك توغرىسىدىكى قايغۇرۇشلار، دانالىق ھەققىدىكى ئۈمىدسىز مەسلىھەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلدى. بۇ ساپ مۇھەببەتكىلا تەئەللۇق مىنۇتلار ئىدى. پەقەت ئۇلار ئەقىل بىلەن ئويلاپ گەپ قىلىش ھالىتىگە قايتقاندىلا ۋاننىنا ئېيتتى:

— مەنمۇ رومانىياغا سىز بىلەن بىر ۋاقىتتا يېتىپ بارد-مەن. ماڭا پوررېتتو ئارشاڭىدا داۋالىنىش ئۈچۈن قەغەز يېزىپ بېرىشنى بۇيرۇيمەن. فورلىنىڭ يېنىدىكى سان ـ نىكولو دېگەن سارىيىمىزغا چۈشىمەن...

— ئەنە شۇ يەردە ئىككىمىز مەڭگۇ بىللە ياشايمىز، — دېدى مىسسىرىللى.

— ھازىردىن باشلاپ مېنىڭ قىسمىتىم ھەممە نەرسىگە جۈرئەت قىلىش بولىدۇ، — دېدى ۋاننىنا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — سىز ئۈچۈن ئۆز نومۇسىمنىمۇ قۇربان قىلىشقا تەييارمەن. بەربىر ئەمەسمۇ ... شەرمەندە بولغان بىر قىزنى كەلگۈسىدە ياخشى كۆرەمسىزكىن ـ تاڭ؟

— سىز مېنىڭ ئايالىم ئەمەسمۇ؟ — دېدى مىسسىرىللى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىتاب بىلەن، — مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئايلىمىسىز! مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن ۋە قانداق ھىمايە قىلىشنى بىلىمەن.

ۋانىنانىڭ مېھمانغا بېرىشى كېرەك ئىدى. مىسسىز بىللى يالغۇز قالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قىلغان قىلىقى ئۆزىگە يات بىر ئىشتەك تۇيۇلدى.

«ۋەتەن دېگەن نېمە؟ — دەپ سورايتتى ئۇ ئۆزىدىن، — ئۇ مېھرى ـ شەپقىتى ئۈچۈن بىزنى مىننەتدار بولۇشقا مەجبۇرلايدىغان ياكى بىر يۈز ئۆرۈسەك بەختسىز بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن بىزگە لەنەت ئوقۇيدىغان جانلىق مەۋجۇدات ئەمەسمۇ! ياق! ۋەتەن ۋە ئەركىنلىك مەن ئۈچۈن بىر پەلتو، ئۇ ئەگەر دادامدىن مىراس بولۇپ قالمىغان بولسا، ئۆزۈم سېتىۋېلىشقا تېگىشلىك كىيىم. مەن ۋەتەننى، ئەركىنلىكنى سۆيىمەن، چۈنكى ئۇلار مەن ئۈچۈن پايدىلىق. ئەگەر ئۇ ماڭا ھاجەت بولمىسا، ئۇلار مەن ئۈچۈن خۇددى تومۇزدىكى پەلتودەك بىر نەرسە بولۇپ قالسا، مەن ئۇنى نېمىشقا سېتىۋالىمەن؟ يەنە كېلىپ شۇنچىلىك قىممەت! ۋانىنا كارامەت گۈزەل، ئاجايىپ ياخشى قىز. ھەممە كىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ئىنتىلىدۇ. لېكىن، ئۇ مېنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئايال كىشىنىڭ جاھاندا قانداقمۇ يالغۇز بىرلا سۆيگىنى بولسۇن؟ مەن بىر پۇقرالىق سۇپىتىم بىلەن رىم كىنەزلىرىنى پەس كۆرىمەن، ئەمما ئالدىمدا ئۇلارنىڭ شۇنچە ئەۋزەللىكلىرى تۇرۇپتۇ. ئۇلارنى، ئەلۋەتتە، رەت قىلىپ بولمايدۇ! شۇنداق، مەن كېتىدىغانلا بولسام، ئۇ مېنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، مەن ئۇنى مەڭگۇ يوقىتىپ قويىمەن.»

كېچىسى ۋانىنا ئۇنى يوقلاپ كەلدى. پېترو ئۆزىنىڭ ئىككىلىنىشلىرىنى ۋە ۋانىناغا بولغان مۇھەببىتى سەۋەبىدىن «ۋەتەن» دېگەن بۇ ئۇلۇغ سۆز توغرۇلۇق قەلبىدە پەيدا بولغان غەلىتە مۇلاھىزىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى.

ۋانىنا ناھايىتى خۇشال بولدى.

«ئەگەر ئۇنىڭغا ۋەتەننى ياكى مېنى تاللىۋېلىشقا توغرا كەلسە، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئەلۋەتتە، مېنى تاللىۋالىدۇ.»

چېركاۋنىڭ قوڭغۇرىقى سائەت ئۇچكە داڭ ئۇردى، ئاخىرقى ئايرىلىش ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى. پېترو ۋاننىنانىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى. ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ۋاننىنا كۆز ياشلىرىنى ئاران توختىتىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— ماڭا قاراڭ، ئەگەر سىز ئاغرىق ۋاقتىڭىزدا بىر ئەر يېزا قىزى غەمخورلۇق قىلىپ سىزنى كۈتكەن بولسا، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرمىگەن بولاتتىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ ھەققى ئۇچۇن بىر ئەر نەرسە تەقدىم قىلمايتتىڭىزمۇ؟ ئالدىمىزدىكى ئىشلار غۇۋا ۋە ئىشەنچسىز! سىز كېتىسىز، يول بويى ئەتراپىڭىزدا قانچىلىك كۆپ دۈشمەنلەر بولىدۇ! مېنى بىچارە يېزا قىزى ھېسابلاپ، ماڭا يەنە ئۇچ كۈن ۋاقىت تەقدىم قىلىڭ. بۇ، ئەجرىم ئۇچۇن تۆلەنگەن ھەق بولسۇن!

مىسسىرىللى يەنە ئۇچ كۈن تۇرۇپ قالدى.

ئاخىرى ئۇ رىمدىن ئايرىلىپ، چەت ئەل ئەلچىخانىسىدىن سېتىۋېلىنغان پاسپورتنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز يۇرتىغا يېتىپ باردى. بۇ ئۇنىڭ پۈتۈن ئەل - يۇرتى ئۇچۇن ناھايىتى زور خۇشاللىق ئىدى، چۈنكى ئۇنى ھەممىسى ئۆلگەن دەپ يۈرۈشەتتى. دوستلىرى بىر - ئىككى ژاندارمىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەشمەكچى بولۇشتى.

— چوڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا، قورال ئىشلىتىشنى بىلىدىغان ئىتالىيىلىكلەرنى ئۆلتۈرمەيلى، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى مىسسىرىللى، — بىزنىڭ ۋەتىنىمىز بەختىيار ئەنگلىيىگە ئوخشاش بىر ئارال ئەمەس. ياۋروپا خانلىرىنىڭ باسقۇنچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇن بىزگە ئەسكەرلەر لازىم بولىدۇ.

ئانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا، مىسسىرىللى ئۆزىنىڭ پېيىگە چۈشكەن ئىككى ژاندارمىنى ۋانىنا تەقدىم قىلغان تاپانچا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت مىسسىرىللىنىڭ كاللىسى ئۈچۈن مۇكاپات بېرىشنى ئېلان قىلدى.

ۋانىنا تېخى رومانىياغا كەلمىگەنىدى، شۇڭا مىسسىرىللى ۋانىنا مېنى ئۇنتۇپ قالدى، دەپ ئويلىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەگكەنىدى. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن توسقۇن بولغان نەرسە ئىجتىمائىي ئورۇنلىرىدىكى پەرق، دەپ ئويلايتتى. مىسسىرىللى ئۆتۈپ كەتكەن بەختى توغرۇلۇق ئېچىنغان پەيتلىرىدە، رىمغا بېرىپ ۋانىنانىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ باققۇسى كېلەتتى. ئۇنىڭ بۇ تەنتەك ئويلىرى ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش ئىرادىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا ئاز قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تۇيۇقسىز تاغ بېشىدىكى چېركاۋنىڭ قوڭغۇرىقى، گويا قوڭغۇراقچىنىڭ بېشىغا بىر ۋەھىمە كەلگەندەك، غەلىتە بىر ئاۋاز بىلەن جاراڭلاپ كەتتى. بۇ كاربونارىيلارنىڭ يىغىلىش سىگنالى ئىدى. مىسسىرىللى رومانىياغا قايتىپ كېلىپلا تەشكىلات بىلەن ئالاقە باغلىغانىدى.

شۇ كۈنى كاربونارىيلار ئورمان ئىچىدىكى ئىبادەتخانىدا يىغىلىشتى. ئىبادەتخانىدىكى ئىككى دەرۋىش ئەپيۇننىڭ كەيپى بىلەن قاتتىق ئۇيقۇدا بولۇپ، ئۆز ماكانلىرىنىڭ قانداق مەقسەتتە پايدىلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. يىغىلىشقا مىسسىرىللى ئىنتايىن كەيپى بۇزۇلغان ھالدا كەلدى. ئۇ بۇ يەردە ئۆز باشلىقىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى، شۇنداقلا، ئۆزىنى — ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن بىر ياش يىگىتنى — باشلىق سايلىغانلىقىنى ئۇقتى. ئەمما بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقانلار ئىچىدە ئەللىك ياشتىن ھالقىغانلار، 1815 - يىلى ميۇرات[1] يۈرۈش باشلىغان-

① ميۇرات — ناپالېئوننىڭ مارشالى ۋە كۈيئوغلى، نېئاپولنىڭ پادىشاھى بولغان. ناپالېئون I يىقىلغاندىن كېيىن قولدىن كەتكەن پادىشاھلىقىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ھەرىكەت قىلغان.

دىن تارتىپ ھەربىكەتكە قاتناشقانلار بار ئىدى. پېترو بۇ كۆتۈل-
مىگەن شەرەپنى قوبۇل قىلغاندا يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ كەتكەنلى-
كىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز قالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى
تېزلا ئۈنتۈپ قالغان رىم قىزى توغرىسىدا ئارتۇق ئويلىماسلىق-
قا، بارلىق ئوي ـ پىكرىنى ئىتالىيىنى ۋەھشىيلەر قولىدىن
ئازاد قىلىش ئىشىغا بېغىشلاش قارارىغا كەلدى.

مىسىربىللى باشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كېلىپ ـ
كېتىپ تۇرغانلارنىڭ رويخېتىنى بېرەتتى. يىغىلىشتىن كېيىن-
كى ئىككىنچى كۈنى، مىسىربىللى ئۆزىگە بېرىلگەن رويخەتتىن
ۋاننىنانىڭ سان ـ نىكولادىكى قورغىنىغا كەلگەنلىكىنى بىلدى.
بۇ نام قايتىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە ھەم شادلىق، ھەم پەرىشانلىق
سالدى. ئۇ ۋەتەنگە بولغان ساداقىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن،
شۇ كۈنىلا سان ـ نىكولاغا بېرىش نىيىتىدىن ۋاز كەچتى،
بىراق، بۇ بىھۇدە ئىدى. چۈنكى، ئۇ مەنسىتمىگەن ۋاننىنانىڭ
ئوبرازى ئۇنىڭغا ئۆز بۇرچى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئىمكا-
نىيەت بەرمەيتتى. ئەتىسى ئۇلار ئۇچراشتى. ۋاننىنا خۇددى رىم-
دىكىگە ئوخشاشلا ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ۋاننىنانىڭ دادىسى ئۇنى
ياتلىق قىلماقچى بولۇپ، رىمدىن كېتىشكە يول قويمىغانلىقتىن
كېچىكىپ قالغانىدى. ۋاننىنا ئۆزى بىلەن ئىككى يۈز مىڭ تىس-
فىن ① پۇل ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇ كۆتۈلمىگەن قوللاش مىس-
سىربىللىغا يېڭى، شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتا كۆپ يار-
دەم قىلدى. ئۇلار كاربۇنارىيلارنى تەقىب قىلىشقا رەھبەرلىك
قىلىدىغان پاپا ئەلچىسىنىڭ شەخسىي كاتىپىنى سېتىۋالدى،
شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئىشپىيونلۇق قىلىدىغان روھا-
نىلارنىڭ تىزىملىكىنى قولغا چۈشۈردى.

دەل مۇشۇ پەيتتە، ئاراب چىكىۋاتقان ئىتالىيىدە ئىخلاس

① تىسفىن — قەدىمكى ۋېنتسىيىنىڭ ئالتۇن ئاقچىسى.

بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان يوشۇرۇن ھەرىكەتلەردىن بىرى پىلانلانغاندى. مەن بۇنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن، سۆزلەشمۇ ئارتۇقچە پەقەت شۇ نەرسىنىلا ئېيتىپ ئۆتىمەنكى، ئەگەر بۇ ئىش مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسا مىسسىرىللىغا كۆپ شان ـ شەرەپ كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە، بەلگىلەنگەن سىگنال بويىچە مىڭلىغان قوزغىلاڭچىلار قولىغا قورال ئېلىپ چىققان ۋە ئۆز يولباشچىلىرىنى كۈتۈۋالغان بولاتتى. ھالبۇكى، ھەل قىلغۇچ مىنۇتلار يېقىنلاشقاندا، رەھبەرلىرىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ ھەرىكەت مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

ۋاننا رومانىياغا كەلگەن چېغىدىلا، مىسسىرىللىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى ئۇنىڭدىكى باشقا ھەۋەسلەرنى بېسىپ چۈشكەنلىكىنى بايقىغانىدى. بۇنىڭغا بۇ ياش رىم قىزىنىڭ غۇرۇرى يول قويمىدى. ئۇ ئۆزىنى بېسىپ كۆردى ـ يۇ، ئەمما پايدىسى بولمىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى قايغۇلۇق بىر ئەلەم چۇلغىۋالغانىدى، ھەتتا ئۇ ئۆزىدە ئەركىنلىككە قارىتا نەپرەت پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ مىسسىرىللى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن رومانىياغا كەلدى، گەرچە ئۇنىڭ غۇرۇرى شۇ چاغقىچە ئۆز ھەسرىتىنى يوشۇرۇشقا ياردەم بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمدى ئۆزىنى تۇتالماي قالدى.

— راستىنى ئېيتسام، سىز مېنى خوتۇنۇم دەپ قارايدىكەنسىز، — دېدى ئۇ مىسسىرىللىغا، — ئەمما سىزدىن مەن ئۇنى كۈتمىگەنىدىم.

بىردىنلا ۋاننا ياش تۆكۈشكە باشلىدى، ئۇ پەقەتلا نومۇس كۈچىدىن، مىسسىرىللى تەرىپىدىن كەمسىتىلگەنلىكىدىنلا يىغلاۋاتاتتى. مىسسىرىللى ئۇنى بەزلىدى، لېكىن مىسسىرىللىنىڭ يەنىلا ئۆز غېمىدە پەرىشان بولۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىردىنلا ۋاننادا مىسسىرىللىنى تاشلاپ رىمغا قايتىپ كېتىش پىكرى پەيدا بولدى. ئۇ ۋەھشىيانە بىر شادلىق بىلەن. «بۇ

ئاجىزلىقىنىڭ جاجىسى، نېمىگە ئۇنىڭغا نالە قىلىشىم ھاجەت ئىدى! » دەپ ئويلىدى. بىر پەس جىملىقتىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ قارارى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئەمدى ئۇ ئەگەر مىسسىرىللىنى تاشلاپ كەتمىسە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا مۇناسىپ بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ مىسسىرىللىنىڭ ئۆزىنى بىھۇدە كۈتۈپ، ئىز-لەپ تاپالمىغاندا، قاتتىق ھەسرەت ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئىنتايىن لەزەتلىنىپ كەتتى. لېكىن، بىر پەستىن كېيىنلا، مىسسىرىللى ئۇچۇن شۇنچە بىمەنە تەلۋىلىك-لەرنى قىلغانلىقىنى، ھازىر بولسا ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ھۆددى-سىدىن چىقالمايۋاتقانلىقىنى ئويلاپ قاتتىق بىئارام بولدى. ۋانى-نا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى. ۋاننا پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭدىن بىرەر ئېغىز مۇھەببەت-كە تالىق سۆز ئاڭلاشقا تىرىشاتتى. مىسسىرىللى بولسا شۇنچە مۇلايىم ۋە شۇنچە مېھرىبانلىق بىلەن، ئەمما پەرىشان ھالدا جاۋاب قايتۇراتتى. ئۇ ئۆز سىياسىي خاھىشلىرى ئۈستىدە سۆز-لىگەندىلا، ئۇنىڭ ئاۋازىدا ناھايىتى چوڭقۇر بىر ھېسسىيات ئەكس ئېتەتتى.

— ئاھ، ئەمدى ئىشىمىز پاش بولۇپ قالسا، مەن جەزمەن بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىمەن! — دېدى مىسسىرىللى ئەلەم بىلەن.

ۋاننا قېتىپلا قالدى. ئۆز سۆيگىنىمنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن، دېگەن پىكىر ئۇنىڭغا بارغانسېرى قورقۇنچ سال-ماقتا ئىدى. بىراق، پېترونىڭ ھازىرقى سۆزى ئۇنىڭ پىكرىنى بىر شۇملۇق يالقۇنى بىلەن يورۇتۇۋەتتى.

«كاربونارىيلار مەندىن نەچچە مىڭ تسفىن پۇل ئالدى، — دەپ ئويلىدى ۋاننا، — ئۇلار مېنىڭ بۇ ھەرىكەتكە بولغان ساداقەتلىكىمدىن گۇمان قىلمايدۇ.»

ۋاننا خىيالىنى بۆلۈپ، پېتروغا مۇراجىئەت قىلدى:

— سىزدىن سورايدىغىنىم، مەن بىلەن سان - نىكولوغا

بېرىپ بىرەر سوتكا بولسىمۇ تۇرۇپ كېلىڭ. بۇگۈنكى يىغىلىشقا سىز قاتناشمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەتە ئەتىگەن بىز سان- نىكولوغا يېتىپ بارىمىز، تالا - تۈزدە ئايلىنىپ يۈرسەڭ ئارام ئېلىپ سەگىپ قالىسىز. سىز ناھايىتى زور ئىشقا دۇچ كېلىۋاتىسىز، سىزگە كۈچ توپلاش، سوغاققان بولۇش لازىم.

پېترو ماقۇل بولدى.

ۋاننىنا يولغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. ئۇ ھەر دائىم قىلغىنىدەك پېترو تۇرىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ قويدى. ۋاننىنالارنىڭ بىر خىزمەتچىسى بولۇپ، ئۇ ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن كېتىپ فورلىدا كىچىك بىر دۇكان ئېچىۋالغانىدى. ۋاننىنا شۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىدىن بىر تىلاۋەتنامىنى تېپىپ، كىتاب ۋارىقىنىڭ چېتىگە بۈگۈن كاربۇنارىيلار يىغىلىش قىلىدىغان ئورۇننىڭ ئادرېسىنى ئېنىق يازدى. ئۇ ئۆز مەلۇماتىنى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن تۈگەتتى. «بۇ تەشكىلات 19 كىشىدىن تەركىب تاپقان، ئۇلارنىڭ ئىسمى ۋە ئادرېسى مۇنداق...» ئۇ پەقەت مىسىرىللىنىڭ ئىسمىدىن باشقا بارلىق تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكىنى ئېنىق يېزىپ، ئۆزىگە ناھايىتى ئىتائەتمەن ئايالنىڭ قولىغا بەردى ۋە ئۇنىڭغا:

— بۇ كىتابنى پاپانىڭ ئەلچىسى ئېپىسكوپقا بەر. ئۇ بۇنىڭغا يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇپ بولۇپ كىتابنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرسۇن. مە، ماۋۇ ئون تىسفىننىمۇ ئال. پاپانىڭ ئەلچىسى بىرەر قېتىم ئىسمىڭنى ئاتاپ قالىدىغان بولسا ئۆلگىنىڭ شۇ. مەن يازغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا بىر ئىلاج قىلىپ ئوقۇتساڭ مېنىڭ ھاياتىمنى ساقلاپ قالىسەن، — دېدى.

ھەممە ئىش ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولدى. ئەلچى قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن، مەنسەپدارلىق كىيىمىنىمۇ ئىشلىتەلمىدى. ئۇ خەۋەر يەتكۈزمەكچى بولغان ئاددىي ئايالغا كۆرۈشۈش ئۈچۈن

ئىجازەت بەردى، ھەتتا ئۇنىڭ چۇمپەردىسىنىمۇ ئالغۇزمىدى، بىراق، قولىنى باغلىتىپ قويدى. بۇ دۇكاندار ئايال ئەنە شۇنداق قىياپەتتە بۇ كاتتا ئەمەلدارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، ئەمەلدار بولسا يېشىل سوكنا قاپلىغان يوغان ئۇستەل ئارقىسىدىن قوزغالمىدى.

پاپانىڭ ئەلچىسى تىلاۋەتنامىنىڭ زەھەرلەنگەن بولۇشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۆزىدىن يىراق تۇتۇپ ئوقۇدى. كېيىن كىتابنى دۇكاندار ئايالغا قايتۇرۇپ بەردى، ھەتتا كەينىدىن پايلاقچىمۇ ئەۋەتمىدى.

ۋانىنا قايتىپ كەلگەن خىزمەتچىسى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، بۇنىڭدىن كېيىن مىسسىرىللى مەڭگۇ ئۆزىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا ئۆيىگە قايتتى، ئۇ مىسسىرىللىدىن ئايرىلغىنىغا قىرىق مىنۇت ئۆتمەستىنلا يەنە ئۇنىڭ قېشىدا پەيدا بولدى. ۋانىنا قايتىپ كېلىپ مىسسىرىللىغا شەھەردە پەۋقۇلئاددە بىر ھادىسە يۈز بەرگەنلىكىنى، ھەممىلا يەردە، ھەتتا ئەزەلدىن ساقچى پەيدا بولۇپ باقمىغان كوچىلاردىمۇ ژاندارمىلارنىڭ يۈرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى ۋە:

— گېپىمگە ئىشىنىڭ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى، — ھازىرلا سان - نىكولوغا كېتەيلى.

مىسسىرىللى كېتىشكە قوشۇلدى. ئۇلار شەھەردىن پىيادە چىقىشتى، شەھەر دەرۋازىسىدىن ئانچە ئۇزاق بولمىغان يەردە، ۋانىنانى بىر پەيتۇن كۈتۈپ تۇراتتى. پەيتۇندا ئۇنىڭ دوستى، جىمغۇر ۋە سېخىي سىردىشى ئولتۇراتتى.

ئۇلار سان - نىكولاغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋانىنا بىمەنە قىلمىشىدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ، ناھايىتى نازاكەت بىلەن پېتروغا ئەركىلەلمىدى. ئۇ مۇھەببەت توغرىسىدا سۆزلىگىنىدە، ئۆزىگە گويا كومېدىيە ئويناۋاتقاندەك سېزىلەتتى. بىر كۈن ئاۋۋال خائىنلىق قىلغان ۋاقتىدا، ۋىجدان ئازابى تارتىدىغانلىقى-

نى ئويلىمىغانىدى. ھازىر سۆيگىنىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، «پېتـ-
روغا بىرلا ئېغىز سۆزۈم بار، شۇ سۆزنى ئېيتسام ئۇ ماڭا
مەڭگۈ نەپرەتلىنىدۇ» دەپ ئويلايتتى.

يېرىم كېچىدە ۋاننانىڭ بىر خىزمەتچىسى ئۆيگە كىرىپ
كەلدى. ئۇ كاربۇنارىيلار تەشكىلاتىنىڭ ئادىمى ئىدى، بۇنى
ۋاننا بىلمەيتتى. دېمەك، مىسسىرىللى ۋاننادىن سىر ساقلاپ-
دىكەن ـ دە! ۋاننا سەسكىنىپ كەتتى. خىزمەتكار مىسسىرىل-
لىغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە كىرگەنىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ-
گۈن كېچە فورلىدا ئون توققۇز كاربۇنارىينىڭ ئويلىرى قورشى-
ۋېلىنغان ۋە ئۇلار مەجلىستىن قايتقاندا قولغا ئېلىنغان. ئۇلارغا
تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقان بولسىمۇ، توققۇز كاربۇنارىيى قې-
چىپ كېتىشكە مۇۋەپپەق بولالىغان، قالغان ئون كىشىنى قەلئە-
گە ئېلىپ كېتىشكەن. ئۇلارنى تۈرمە ھويلىسىغا ئېپكىرىشكەن-
دە، بىرى چوڭقۇر قۇدۇققا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلگەن.

ۋاننانىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى، پېترو بۇنى بايقىمى-
دى، بولمىسا ۋاننانىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ جىنايىتىنى بىلىۋې-
لىش مۇمكىن ئىدى... خىزمەتكار سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— فورلى گارنىزونىنىڭ ئەسكەرلىرى پۈتۈن شەھەرنى
قاپلاپ كەتتى، ئۇلار بىر - بىرىگە شۇنچىلىك يېقىن تۇرىدۇكى،
ھەتتا گەپ قىلىسىمۇ ئاڭلايدۇ. كىشىلەرنى پەقەت ئوفىتسېر
تۇرغان يەردىنلا ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، — دېدى.

خىزمەتكار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پېترو ئويلىنىپ
قالدى ۋە:

— ھازىر ھېچ نەرسە قىلىش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى
ئاخىر.

ۋاننانىڭ چىرايى خۇددى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك تاتارغانىـ-
دى. ئۇ سۆيگىنىنىڭ ھەر بىر قارىشىدىن تىترەيتتى.

— نېمە بولدىڭىز ۋاننا، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ — دەپ



www.uyghurkitap.com

سوربدى ئۇنىڭدىن پېترو. كېيىن باشقا ئىشلار ئۇستىدە خىيالغا چۆمۈپ ۋاننىناغا قارىماي قويدى.

چۇشكە يېقىن ۋاننىنا پېتروغا گەپ قىلىشقا پېتىنالىدى:

— مانا، يەنە بىر تەشكىلاتمۇ پاش بولدى. ئەمدى سىز يەنە بىر مەزگىل خاتىرجەم بولۇپ قالىسىزغۇ دەيمەن.

— بەكمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالىمەن، — دېدى پېترو مەسخىرىلىك كۈلۈپ. بۇ مەسخىرىدىن ۋاننىناغا تىترەك ئولاشتى.

ۋاننىنا سان - نىكولو قىشلىقىدىكى بىر پوپنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلىشىنى زۆرۈر تاپتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىيزۇئىتلار تەشكىلاتىنىڭ ئىشپىيونى بولۇش ئېهتىماللىقى بار ئىدى. ۋاننىنا كەچكى تاماقتا ئۇلگۇرۇپ قايتىپ كېلىپ سۆيگىنىنى يوشۇرۇپ قويغان ئۆينىڭ بوش تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ھودۇققان ھالدا ھەممە ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ چىقتى، ھېچ يەردىن تاپالمىدى. ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ، مىسسىرىللى تۇرغان خانىغا قايتىپ كىردى، شۇ چاغدىلا ئۇستەل ئۇستىدە تۇرغان بىر پارچە خەتكە كۆزى چۈشتى. ئۇ خەتنى ئوقۇپ چىقتى:

مەن پاپانىڭ ئەلچىسىگە ئۆزۈمنى تاپشۇرۇشقا كەتتىم. ئىشمىزنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىمنى يوقاتتىم، خۇدامۇ بىزگە قارشى. بىزگە كىم خائىنلىق قىلدى؟ بەلكىم ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلىغان ئاشۇ رەزىل بولسا كېرەك. مېنىڭ ھاياتىم بەختسىز ئىتالىيە ئۈچۈن ھاجەت ئەمەس. يالغۇزلا مېنىڭ قولغا ئېلىنمىغانلىقىمدىن يولداشلىرىمنىڭ مېنى خائىنمىكىن دەپ ئويلاپ قېلىشىنى خالىمايمەن. خەير! ئەگەر مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، بىزنىڭ ئىنتىقامىمىزنى ئېلىشقا پۈتۈن كۈچىڭىزنى سەرپ قىلىڭ. رەزىل خائىن مۇبادا مېنىڭ دادام بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا جازا بېرىڭ، ئۇنى يوق قىلىڭ.

ۋاننا ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلىدى. ئېغىر قايغۇ ئۇنى ئىلكىگە ئالغانىدى. ئۇ بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلالمىدى، بىر تامچە ياشمۇ تۆكمىدى، كۆزلىرى ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتاتتى.

ئاخىرى ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ خۇداغا ئىلتىجا قىلىشقا باشلىدى:

«ئەي، ئۇلۇغ پەرۋەردىگار! قەسىمىمنى قوبۇل قىل! مەن رەزىل خائىننى جازالايمەن! لېكىن، ئالدى بىلەن ماڭا پېترونى قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم قىل.»

بىر سائەتتىن كېيىن ۋاننا رىمغا قايتىپ كەتتى. دادىسى خېلى بۇرۇنلا ئۇنى يېنىپ كېلىشكە ئۈندىگەن، ئۇ رىمدا بولمىغان مەزگىلدە ئۇنى كىنەزلىۋېئو ساۋىللىغا ياتلىق قىلىشقا ۋەدە قىلىپمۇ قويغانىدى. ۋاننا رىمغا كېلىشى بىلەنلا دادىسى ئۇنىڭغا مۇشۇ مەسىلىنى ئەندىشە ئارىلاش ئېيتتى. كۈتمىگەن يەردىن، سۆز ئېچىشىغىلا ۋاننا ماقۇل بولدى. كىنەز شۇ كۈنى كەچتە ۋېنتېلېكا خانىمنىڭ مېھمانخانىسىدا دون لىۋېئونى رەسمىي لايىق سۈپىتىدە ئۆز قىزىغا تونۇشتۇردى. ۋاننا لىۋېئو بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشتى. بۇ ياش كىنەز قاملاشقان يىگىت ئىدى، ئاجايىپ ياخشى ئاتلارنى باقاتتى. كىشىلەر ئۇنى ئەقىللىق، بىراق يەڭگىل تەبىئەتلىك ئادەم ھېسابلايتتى. ھۆكۈمەتنىڭ ۋاننادىن گۇمان قىلىشى مۇمكىن ئىدى، شۇڭا ۋاننا ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىشنى ئويلىدى. لىۋېئو رىم ۋالىيسى ۋە ساقچى مىنىستىرى ساۋىللى كاتانىسارانىڭ جىيەنى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەرقانداق ئىشپىيوننىمۇ پايلاقچىلىق قىلالمايدىغانلىقىنى ۋاننا ھېسابقا ئالغانىدى.

بىر نەچچە كۈنگىچە ۋاننا قەدىرلىك دون لىۋېئوغا ناھايىتى ياخشى ئىلتىپات بىلەن مۇئامىلە قىلدى. كېيىن ئۆزىنىڭ لىۋې-

ئوغا تەگمەيدىغانلىقىنى، چۈنكى ۋاننانىڭ نەزىرىدە ئۇ كالتە پەم كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئەگەر سىز بالىلىق قىلمىسىڭىز، تاغىڭىزنىڭ خىزمەتكارلىرى سىزدىن سىر يوشۇرمىغان بولاتتى، — دېدى ۋاننا، — مەسىلەن، فورلىدا قولغا ئېلىنغان كاربوناريىلارنى نېمە قىلماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ؟

ئىككى كۈندىن كېيىن لىۋېئو فورلىدا قولغا ئېلىنغان كاربوناريىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ كەلدى.

ۋاننا ئاچچىق مەسخىرە بىلەن كۈلدى ۋە يوغان، قاپقارا كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى. شۇ كۈنى ئۇ ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

ئەتىسى لىۋېئو قىزارغان ھالدا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئالداپ قويغانلىقىنى ۋانناغا ئىقرار قىلدى ۋە:

— تاغامنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئاچقۇچىنى تېپىپ ئۇ يەردىكى ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ چىقتىم، — دېدى ۋانناغا، — قىزىل تونلۇق پوپلار ۋە دىنىي ئەمەلدارلاردىن بىر ھەيئەت تۈزۈلۈپتۇ. يېقىندا ئۇلار ناھايىتى مەخپىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ كاربوناريىلارنى راۋېننادا ياكى رىمدا سوت قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىكەن، ھازىر توققۇز كاربوناريىلارنىڭ ھەممىسى، ھېلىقى ئۆزىنى ئۆزى تۇتۇپ بەرگەن مىسسىرىللى دېگەن ئەخمەق باشلىقىمۇ سان - لىئون قەلئەسىدە ئىكەن.

«ئەخمەق» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندا، ۋاننا كىنەز لىۋېئوغا قاراپ ئالىيىپ قويدى.

— تاغىڭىزنىڭ ئىشخانىسىغا سىز بىلەن بىللە كىرىپ ھۆججەتلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىمەن، — دېدى ۋاننا، — بەلكىم سىز خاتا كۆرگەنسىز.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ لىۋېئو قورقۇپ كەتتى. ۋاننا ئۇنىڭ-

دىن ھەل قىلىپ بولمايدىغان قىيىن ئىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى.
يەنە بىر تەرەپتىن، قىزنىڭ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرغانلىقى لىۋىد-
ئونىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى:
بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ۋاننا ساۋىللىلارنىڭ ئۆيىدىكى خىز-
مەتچىلىرى كىيىدىغان ئەرچە چىرايلىق كىيىم كىيىپ، ساقچى
مىنىستىرى ئىشخانىسىدا يېرىم سائەت ئەڭ مەخپىي ھۆججەتلەر-
نى كۆرۈپ چىقتى. ھۆججەتلەر ئارىسىدىن «جىنايەتچى پېترو
مىسسىرىللى ئۈستىدىكى سوراقنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى» نى
تاپقاندا، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى خۇشاللىقتىن سىلكىنىپ كەتتى.
ئۇنىڭ ھۆججەتنى تۇتقان قوللىرى دىرىلدەپ تىترەيتتى. ئۇ
ھۆججەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇغاندا ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشقا
تاسلا قالدى. ۋاننا ۋالىينىڭ سارىيىدىن چىققاندىن كېيىن،
لىۋىئونىڭ ئۆزىنى سۆيۈپ قويۇشىغا رۇخسەت قىلدى ۋە
ئۇنىڭغا:
— سىزنى سىناپ كۆرمەكچى ئىدىم، سىناقلاردىن ناھايى-
تى ياخشى ئۆتۈۋاتىسىز، — دېدى.
بۇنداق ماختاشنى ئاڭلىغان ياش كىنەز ۋاتىكانغا ئوت قو-
يۇشقىمۇ تەييار ئىدى. شۇ كۈنى كەچتە فرانسىيە ئەلچىخانىسىدا
تانسا بولدى. ۋاننا ناھايىتى كۆپ تانسىغا چۈشتى، دائىم دىگو-
دەك لىۋىئو بىلەن ئوينىدى. لىۋىئو ئۆز بەختىدىن مەست بولغا-
نىدى. ۋاننانىڭ ئويىچە ئۇنىڭغا ئەس - ھوشىنى يىغىش ئىمكا-
نىيىتىنى بەرمەسلىك كېرەك ئىدى.
بىر كۈنى ۋاننا ئۇنىڭغا:
— بەزىدە دادامنىڭ مىجەزى غەلىتە بولۇپ قالىدۇ. بۈ-
گۈن ئەتىگەن ئۇ ئىككى خىزمەتچىمىزنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ.
ئۇلار ماڭا يىغلاپ كەلدى. بىرى ۋالىينىڭ ئۆيىگە خىزمەتكار
قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشۇمنى ئىلتىماس قىلدى؛ يەنە بى-
رى فرانسىيە توپچى قىسىمدا ئەسكەر بولغان ئادەم، ئۇنىڭ

مۇقەددەس پەرىشتە قورغىنىدا خىزمەت قىلغۇسى بار ئىكەن.

— ئىككىسىنىلا ئۆزۈمگە خىزمەتكە ئالىمەن، — دەپ تېزلا جاۋاب بەردى ياش كىنەز.

— مەن سىزدىن بۇنى تەلەپ قىلغىنىم يوققۇ! — دېدى ۋاننىنا تەكەببۇرلۇق بىلەن، — مەن سىزگە بۇ ئىككى بىچارە-نىڭ تەلىپىنى ئەينەن يەتكۈزدۈم، ئۇلار تەلەپ قىلغان ئىشىغا ئورۇنلىشىشى لازىم.

بۇ ئىنتايىن قىيىن ئىش ئىدى. مونسىنيور كاتانىتسارا ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان ئادەم بولۇپ، ئۆيىدە ئۆزىگە ياخشى مەلۇم بولغان كىشىلەرنىلا ئىشلىتەتتى. كۆرۈنۈشىدىن ۋاننىنا-نىڭ ھاياتى بۇرۇنقىدەكلا خۇشال - خۇراملىققا تولغاندەك قىلىسى-مۇ، لېكىن ئۇ ئەلەم، پۇشايمان بىلەن ئورتىنىپ، ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلاتتى. ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئاستىلىقى ئۇنى ئۆلگۈدەك قىينايتتى. دادىسىنىڭ بىر يېقىنى ئۇنىڭغا پۇل ھەل قىلىپ بەردى. نېمە قىلىش كېرەك؟ رومانىياغا بېرىپ پېترونى قۇتۇلدۇرۇشقا ئورۇنۇپ كۆرسەنمۇ؟ بۇ گەرچە بىمەنە بىر ئوي بولسىمۇ، ئۇ بۇنى ئورۇنداشقا تەييار ئىدى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ئىش ئۇنىڭغا ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىپ بەر-دى.

دون لىۋىيو ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزدى:

— مىسسىرىللى تەشكىلاتىدىكى توققۇز كاربونارىينى يې-قىندا رىمغا ئېلىپ كېلىدىكەن، ئەگەر ئۇلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلسا رومانىيادا ئىجرا قىلىدىكەن. بۇ تاغام تېخى ئاخشاملا ئاڭلىغان پاپانىڭ بۇيرۇقى، پۈتۈن رىم بويىچە بۇ سىرنى ئىككى-مىزلا بىلىمىز، مەندىن رازىمۇ سىز؟

— سىز ھەقىقىي ئەرگە ئايلىنىپسىز، — دېدى ۋاننىنا ئۇنىڭغا، — رەسىمىڭىزنى ماڭا تەقدىم قىلىڭ!

مىسسىرىللىنى رىمغا ئېلىپ كېلىشتىن بىر كۈن ئاۋۋال

ۋاننا چىتتا ـ كاستېللىناغا بېرىش ئۈچۈن بىر باھانە تاپتى. رومانىيادىن رىمغا ئېلىپ كېلىنۋاتقان كاربونارىيلارنى مۇشۇ شە-ھەرنىڭ تۈرمىسىدە قوندۇرۇش بەلگىلەنگەندى. ئەتىگىنى مىس-سىرىللىنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىققاندا ۋاننا ئۇنى كۆردى. ئۇ-نىڭ پۈت ـ قولى زەنجىرلەنگەن بولۇپ، ئۆزى يالغۇزلا بىر هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇلغانىدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان بولسىمۇ، ھېچقانچە روھىنى چۈشۈرمىگەندەك كۆرۈنەتتى. قانداقتۇر بىر موماي ئۇنىڭغا بىر دەستە گۈل تاشلىدى، مىسسىرىللى كۈلۈپ مومايغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ۋاننا ئۆز سۆيگىنىنى كۆرگەندىن كېيىن قايتا جانلىنىپ كەتتى، يېڭىدىن جاسارەتكە تولۇپ تاشقاندەك بولدى. بۇ كۆرۈ-شۈشتىن ئىلگىرى، ۋاننا كاي ئىسىملىك بىر مۇناستىر باشلى-قىنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى مىسسىرىللى قامىلىدىغان پەرىشتە قورغىنىغا پوپ قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولا-لىغانىدى. شۇنداقلا، بۇ ئاق كۆڭۈل دىندار ئادەمنى ئۆزىنىڭ توۋا ئىستىغپارىنى قوبۇل قىلغۇچى دىنىي ئۇستاز تۇتقانىدى. كىنەز ئايال ئۈچۈن، يەنە كېلىپ، رىم ۋالىيسىنىڭ جىيەن كېلىنى ئۈچۈن دىنىي ئۇستاز بولۇش رىمدا ناھايىتى چوڭ ئابرۇيلۇق ئىش ئىدى.

فورلى كاربونارىيلىرىنى سوت قىلىش ئىشى ئۇزۇنغا سو-زۇلمىدى. ئوڭچىلار گۇرۇھى سوتنىڭ رىمدا بولۇشىغا توسقۇن-لۇق قىلالمىدى، بىراق ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ھەددىدىن ئاشقان شۆھرەتپەرەس ياۋۇز روھانىي ئەمەلدارلاردىن سوت ھەيئىتى تەشكىل قىلىشقا ئېرىشەلىدى. سوت ھەيئىتىنىڭ رەئىسى ساق-چى مىنىستىرى بولدى.

كاربونارىيلارغا قارشى قانۇن ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، فور-لى كاربونارىيلىرىدا ھېچقانداق بىر ئۈمىد قالمىغانىدى، لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇلار ئۆزلىرىنى دادىل تۇتتى ۋە

ماھىرلىق بىلەن ئۆز ھاياتىنى قوغدىدى. ئۇلارنى ئۆلۈمگە
ھۆكۈم قىلىپلا قالماستىن، بەزى ھەيئەتلەر تېخىمۇ دەھ-
شەتلىك جازا بېرىشنى — تۆت پارە قىلىش، قوللىرىنى
كېسىپ تاشلاشقا ئوخشاشلارنى تەلەپ قىلىشتى. ساقچى مىنىس-
تىرى ئۆزى ئۈچۈن مەنسەپ ھازىرلاپ بولغانىدى (ھازىرقى
ئورنىدىن ئېپىسكوپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەتتى)، شۇڭا ئۇنىڭ
ئۈچۈن كاربونارىيلارنىڭ قولىنى كېسىشنىڭ ھاجىتى يوق ئى-
دى. ئۇ ھۆكۈمنامىنى تەستىقلىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغاندا،
پاپانى ئۆلۈم جازاسىنى ئۇزۇن يىللىق قاماققا ئۆزگەرتىشكە
كۆندۈردى. ئىراق، مىسسىرىللى ئۈچۈن ھۆكۈمنامە ئۆز كۈچد-
گە ئىگە بولۇپ قالدى. چۈنكى ساقچى مىنىستىرى مىسسىرىلل-
نى ئىنقىلابقا ئىشقىۋاز خەۋپلىك ئادەم ھېسابلىدى، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە پېترو، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىككى ژاندار-
مىنى ئۆلتۈرگىنى ئۈچۈن بۇرۇنلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ
بولغانىدى. ساقچى مىنىستىرى پاپانىڭ يېنىدىن قايتىپ ئۇزۇن
ئۆتمەيلا، ۋاننىنا ھۆكۈمنامىدىن ۋە بېرىلگەن جازانىڭ ئۆزگەر-
تىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى.

ئەتىسى مونسىنيور كاتانتسارا يېرىم كېچىدە ئۆيىگە قاي-
تىپ كەلگەندە ئۆي خىزمەتچىسىنى ئۇچراتمىدى. ئۇ ھەيران
بولۇپ، بىرنەچچە قېتىم قوڭغۇراق چالدى. ئاخىر ئەقلىدىن
ئازاي دەپ قالغان قېرى خىزمەتكار پەيدا بولدى. مىنىستىر
تاقەتسىزلىنىپ كىيىملىرىنى ئۆزى يەشمەك بولدى. ھاۋا ئىنتا-
يىن ئىسسىق ئىدى. ئۇ فراكىنى يەشتى ـ دە، ئۇنى غىجىملاپ
ئورۇندۇق ئۈستىگە ئاچچىقى بىلەن تاشلىدى. پەردە ئارقىسىدا
قانداقتۇر بىر ئادەمنىڭ قارىسى پەيدا بولدى، مىنىستىر دەرھال
كارىۋاتقا تاشلىنىپ تاپانچىسىنى قولىغا ئالدى. ئۇ دېرىزە ئالدىغا
كەلگەندە، پەردە ئارقىسىدىن ئۆز خىزمەتچىلىرى كىيىدىغان
كىيىم كىيگەن بىر ياش يىگىت تاپانچا تۇتقان ھالدا چىقىپ

كەلدى. مىنىستىر ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى بايقاپ تاپانچىنى قارغا ئېلىپ ئېتىشقا تەييارلاندى، لېكىن يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قانداق مونسىنئور، ۋاننا ۋاننىنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— بۇ بولمىغۇر ئويۇننىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سورىدى مىنىستىر ئاچچىقلىنىپ.

— بىز سوغۇققانلىق بىلەن گەپلىشەيلى، — دېدى ۋاننا، — تاپانچىڭىزنىڭ ئوقى يوق.

مىنىستىر ھەيران بولۇپ، بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن، كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىدىن خەنجىرىنى چىقاردى. ۋاننا مەپتۇن قىلغۇچى بىر خىل بۇيرۇق ئاھاڭى بىلەن:

— قېنى، ئولتۇرايلى، مونسىنئور، — دېدى ۋە خاتىرجەم ھالدا بىر دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئۆزىڭىز يالغۇزمۇ؟ — سورىدى مىنىستىر.

— قەسەم قىلىمەنكى، مۇتلەق يالغۇزمەن، — خىتاب قىلدى ۋاننا.

مىنىستىر تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولۇپ ئۆينى بىر ئايلىنىپ چىقتى، ھەممە يەرگە سەپسالدى. كېيىن، ۋاننادىن ئۈچ قەدەم نېرىدىكى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ۋاننا خاتىرجەم ھالدا يۇمشاقلىق بىلەن دېدى:

— پاراسەتلىك بىر ھاكىمنىڭ ھاياتىغا قەست قىلسام، ئۇنىڭ ئورنىغا، ئېھتىمال ئۆزى ۋە باشقىلارنى تەڭلا ھالاكەتكە ئۇچرىتىدىغان يارىماس بىر ئادەم ئولتۇرۇشى مۇمكىن، بۇنىڭدىن ماڭا نېمە نەپ تەگسۇن؟

— سىزگە زادى نېمە كېرەك، خېنىم؟ — دېدى مىنىستىر ئەلەم بىلەن، — بۇنداق قاملاشمىغان ئويۇننى مۇمكىنقەدەر تېزرەك تۈگىتىشىڭىزنى سورايمەن!

ۋاننا خوش مۇئامىلە كەيپىياتىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ:

— تىۋىنىدىكى سۆزلىرىم، — دېدى تەكەببۇرلۇق بىلەن، — ماڭا قارىغاندا سىز ئۈچۈن مۇھىمراق. كاربۇنارىيى مىسسىرىللىنىڭ ھايات قېلىشىنى خالايدىغان كىشىلەر بار. ئەگەر ئۇ ئۆلتۈرۈلسە سىزنىڭ ھاياتىڭىزمۇ بىر ھەپتىگە بارماي-دۇ. مىسسىرىللىنىڭ ھاياتى مەن ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز، سىزگە تەلۋىلىك بولۇپ تۇيۇلغان بۇ ھەرىكەتنى، بىرىنچىدىن كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن، ئىككىنچىدىن، بىر قىز دوستۇمنىڭ رايى ئۈچۈن قىلدىم. مەن يەنە... — ۋاننىنا ئەمدى ئاقسۆڭەك خانىم-لارغا خاس ئاھاڭ بىلەن داۋام قىلدى، — يېقىندىلا ماڭا قېيناغا بولغۇچى ئەقىللىق كىشىگە ياردەم قىلىشنى خالىدىم، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، خانىدانىمىزنىڭ شۆھرىتى شۇ كىشىگە باغلىق.

مىنىستىر بىردىنلا يۇمشاپ كەتتى، بۇنداق پەۋقۇلاددە ئۆز-گىرىشكە ۋاننىنانىڭ گۈزەللىكى كۆپ ياردەم كۆرسەتكەنىدى. مونسىنئور كاتانتىسارانىڭ گۈزەل ئاياللارنىڭ ئالدىدىكى ئا-جىزلىقىنى ھەممە رىملىقلار بىلەتتى. ۋاننىنا ساۋىللى ئائىلىسى-نىڭ كىيىمىدە — ھىم يېپىشىپ تۇرغان پايپاق، قىزىل كەمزۇل، كۈمۈش رەڭ جىيەكلىك كۆك كوپتا كىيىپ، قولىغا تاپانچا تۇتقان ھالەتتە ئىنتايىن گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى.

— مېنىڭ بولغۇسى كېلىنىم، — دېدى مىنىستىر كۆڭ-لى كۆتۈرۈلگەن ھالدا، — سىز بەكمۇ تەلۋىلىك قىلدىڭىز، ئېھتىمال، بۇ ئاخىرقىسى بولمىسا كېرەك.

— سىزدەك بىر پاراسەتلىك كىشىنىڭ بۇ ئىشنى ھېچ-كىمگە ئېيتماسلىقىغا، بولۇپمۇ لىۋىئودىن سىر تۇتۇشىغا ئىشە-نىمەن. ئەگەر دوستۇم باشپاناھ بولۇشنى ئىستىگەن كاربۇنارىيە-نىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالماقچى بولسىڭىز، بۇ ئىشقا سىزنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن سىزنى سۆيۈپ قويىمەن.

سۆھبەت رىم ئاقسۆڭەك ئاياللىرى مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە

مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە ئىشقا سالىدىغان يېرىم چاقچاق ئاھاڭىدا داۋام قىلدى، نەتىجىدە ۋاننىنا تاپانچا تەھدىتى بىلەن باشلانغان بۇ ئۇچرىشىشنى بولغۇسى كىنەز خانىم ساۋىلىلىنىڭ ئۆز تاغىسى رىم ۋالىيسى ھۇزۇرىدا قىلغان زىيارىتىگە ئايلاندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالىدى.

ئانچە ئۆتمەيلا، مونسىنىئوركاكاتانتىسارا ئۆزىنى ئەنسىرەتكەن بارلىق پىكىرلەرنى تەكەببۇرلۇق بىلەن قايرىپ قويۇپ، مىسسىرىللىنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئۆزىگە ئۇچرايدىغان توسالغۇلارنى بولغۇسى كېلىنىگە سۆزلەپ بەردى. ئۇ بۇ ھەقتە سۆزلىگىنىدە، ۋاننىنا بىلەن ئۆي ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا ماڭاتتى. ئۇ تام مەش ئالدىدا توختاپ بىر بوتۇلكا لىمون سۈيى ئېلىپ خرۇستال ئىستاكانغا قۇيدى. ئۇ ئىستاكاننى لېۋىگە ئاپىرىشىغا ۋاننىنا ئىستاكاننى تارتىۋالدى ۋە بىر پەس قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاندىن باغقا تاشلىۋەتتى. بىر پەستىن كېيىن، مىنىستىر كەمپۈت قۇتىسىدىن بىر دانە شاكالاتنى ئالدى، ۋاننىنا ئۇنىمۇ قولىدىن تارتىۋېلىپ:

— ئېھتىيات قىلىڭ! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆيىڭىزدىكى ھەممە نەرسە زەھەرلەنگەن، سىزنى ئۆلتۈرۈشمەكچى. مەن ساۋىلىلار خاندانىغا قۇرۇق قول كىرمەسلىكىم ئۈچۈن، سىزگە — بولغۇسى قېيناغامغا بۇ ياخشىلىقنى قىلىۋاتىمەن.

مونسىنىئوركاكاتانتىسارا ھەيران بولغان ھالدا كېلىنىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە مىسسىرىللىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا چوڭ ئۈمىدى بارلىقىنى ئېيتتى.

— شۇنداق قىلىپ، سىز بىلەن پۈتۈشتۇق، بۇنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن...

ۋاننىنا مىنىستىرنى بىرنى سۆيۈپ قويدى.

مىنىستىر بۇ مۇكاپاتنى قوبۇل قىلدى.

— سىزگە شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، قەدىرلىك ۋاننا، — دەپ ئەسكەرتتى مىنىستىر، — مەن ئۆزۈم قان تۆكۈشنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىزگە قېرىدەك كۆرۈنگىنىم بىلەن تېخى ياشمەن، ھەتتا بوگون تۆكۈلگەن قان ئۆز نامىمغا ھاقارەت دېگەن چۈشۈرىدىغان زامانلارغىچە ياشايمەن تېخى!

كېچىسى سائەت ئىككىدە، مۇنىسىنئور كاتانىتسارا ۋاننانى ئۆز بېغىنىڭ يان ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ قويدى.

ئەتىسى مىنىستىر پەرىشان ھالدا، خۇددى ئۆز زېمىنىگە چۈشكەن ۋەزىپىدەك ئېغىر قەدەم بىلەن پاپانىڭ ئالدىغا كىردى. كۈتمىگەندە پاپا ھەزرەتلىرى ئۇنىڭغا:

— ئالدى بىلەن سىزدىن بىر ئادەمگە كەڭچىلىك قىلىشنى سورايمەن، فورلى كاربونارىيلىرىدىن بىرىنىڭ جازاسى تېخى يەڭگىللىتىلمىدى، بۇ ھەقتىكى ئوي ماڭا ئۇيقۇ بەرمەيۋاتىدۇ. ئۇكىشىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك ئىدى، — دېدى.

مىنىستىر پاپانىڭ بۇ مەسىلىدە ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالغىنىنى كۆرۈپ بىر مۇنچە ئېتىراز بىلدۈرگەن بولدى ۋە نىھايەت ئۆز ئىختىيارى بويىچە كۆرسەتمە يازدى. بۇنىڭغا قائىدىگە خىلاپ ھالدا پاپا ئۆزى قول قويدى.

ۋاننا دەسلەپتە سۆيگىنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا مۇۋەپپەق بولىدىغانلىقىنى پەملىدى، بىراق يەنە بەزىلەرنىڭ ئۇنى زەھەرلەپ قويۇش ئېھتىمالى بارلىقىنىمۇ ئويلىدى. پاپانىڭ كۆرسەتمىسى چىقىشتىن بىر كۈن ئاۋۋال، ئۇ روھانىي ئاتىسى مۇناستىر باشلىقى كارى ئارقىلىق مىسسىرىللىغا بىرنەچچە بولاق قۇرۇتۇلغان بولكىنى كىرگۈزگەن ۋە ئۇنى ھۆكۈمەت بەرگەن تاماقنى يېمەسلىككە ئاگاھلاندۇرغانىدى.

كېيىن ۋاننا، فورلى كاربونارىيلىرىنى سان - لىئونى قورغىنىغا يۆتكەيدىغانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە قانداقلا بولسۇن، ئۇ-

لارنىڭ قونالغۇسى بولغان چىتتا ـ كاستىپللاندا مىسسىرنىللى بىلەن ئۇچرىشىش قارارىغا كەلدى. ۋاننىنا، مەھبۇسلار يىتىپ كېلىشتىن بىر كۈن ئاۋۋال بۇ جايغا باردى. ئۇ بۇ يەردە مۇناسىپ باشلىقى كارى بىلەن ئۇچراشتى، كارى بۇ يەرگە بىر نەچچە كۈن ئاۋۋال يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ، تۈرمە قاراۋۇلىدىن، مىسسىرىللىنىڭ كېچىلىك ئىبادەتنى تۈرمە ئىبادەتخانىسىدا ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت ئالالىدى. ھەتتا تېخىمۇ قىيىن ئىشقا — ئەگەر مىسسىرىللى پۈت ـ قولىنى زەنجىرلەپ قويۇشقا رازى بولسا قاراۋۇلنى ئىبادەتخانا ئىشىكىدە تۇرۇشقىمۇ كۆندۈردى، ئۇنداقتا قاراۋۇل جىنايەتچىنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇراتتى، ئوتتۇرىدا بولغان سۆزلەرنى ئاڭلىيالمايتتى.

ئاقىۋەت، ۋاننىنانىڭ تەقدىرى ھەل بولىدىغان كۈنمۇ يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندىن تارتىپلا ئۇ تۈرمە ئىبادەتخانىسىغا يوشۇرۇنۇۋالدى. كۈن بويى ئۇنى قانداق خىياللار ئەندىشىگە سالغانلىقىنى كىممۇ ئېيتىپ بېرەلىسۇن؟ مىسسىرىللى ئۇنى گۇناھىنى كەچۈرگۈدەك دەرىجىدە ياخشى كۆرەمدىغاندۇ؟ ۋاننىنا ئۇلارنىڭ تەشكىلاتىنى تۇتۇپ بەردى، لېكىن مىسسىرىللىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى. ئىچكى دۇنياسىدىكى گاڭگىراش ئۇستىدىن ئىدراك كۈچى غەلىبە قىلسا، پېترونىڭ ئىتالىيىنى تاشلاپ ئۆزى بىلەن كېتىشىگە ۋاننىنا ئىشىنەتتى. چۈنكى، ۋاننىنا ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا جىنايەتكە يول قويغان ئەمەسمىدى! سائەت تۆتكە داڭ ئۇرۇلدى، ۋاننىناغا يىراقتىن كېلىۋاتقان ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاتلىق ساقچىلار شەھەرگە كىرگەنىدى. ھەربىر تۇياق ئاۋازى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئەكس سادا بېرەتتى. تېز ئارىدا گۇناھكارلارنى سالغان ھارۋىنىڭ تاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ھارۋىلار تۈرمە ئالدىدىكى كىچىك مەيداندا توختىدى. ۋاننىنا ئىككى ساقچى كېلىپ، مىسسىرىللىنى تۇرغۇزغانلىقىنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇر-

دى. مىسسىرىللى يالغۇز ھارۋىدا بولۇپ، پۇت ـ قوللىرى كىشەنگەنلىكتىن ئۆزى قوزغىلالمايتتى. «ھەر ھالدا تىرىك ئىكەن، ــ دەپ پىچىرلىدى ۋاننا كۆز يېشى قىلىپ، ــ ئۇلار تېخى ئۇنى زەھەرلىمەپتۇ.

كېچە قورقۇنچلۇق ئىدى. مېھراب ئۈستىگە ئېگىز قىلىپ بىر چىراغ ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، قاراۋۇل ئۇنىڭغا ماينى ئىنتايىن بېخىللىق بىلەن قۇيغاچقا، چىراغ قاراڭغۇ ئىبادەتخاننى ئاران ـ ئاران يورۇتاتتى. ۋاننا ياندىكى تۈرمىدە ئۆلگەن ئوتتۇرا ئەسىر ئەربابلىرىنىڭ قەبرىسىگە نەزەر تاشلىدى. قەبرە ئۈستىدىكى ھەيكەل گويا ۋانناغا زەھەرلىك قاراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئەتراپ ئالىلقاچان جىملىققا چۆمگەنىدى، ۋاننا مەيۇس خىياللارغا پاتقان ھالدا كۈتمەكتە. يېرىم كېچىگە قوڭغۇراق چېلىندى. كۆپ ئۆتمەي، گويا شەپەرەڭ ئۇچۇپ ئۆتكەندەك بىر تىۋىش ئاڭلاندى. ۋاننا كەينىگە ئايلىنىپ ماڭماقچى بولدى ـ يۇ، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا مېھرابنىڭ توسىقىغا يۆلىنىپ قالدى. دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۈن ـ تىۋىشسىز ئىككى سايە پەيدا بولدى. بۇ، قاراۋۇل بىلەن مىسسىرىللى ئىدى. مىسسىرىللىنىڭ پۇتۇن بەدىنى زەنجىر بىلەن ماتاپ تاشلانغانىدى. قاراۋۇل چىراغنىڭ ئىشىكچىسىنى ئېچىپ، ئۇنى ۋاننانىڭ يېنىدىكى مېھراب توسىقىنىڭ ئۈستىگە قويدى. بۇ ئۇنىڭ چىراغ مىسسىرىللىنى ئوبدانراق يورۇتۇپ تۇرسۇن دېگىنى ئىدى. ئاندىن ئۇ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. قاراۋۇل كېتىشىگىلا ۋاننا مىسسىرىللىغا تاشلىنىپ، ئۇنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ ئۇنى باغرىغا باستى. ئۇ سوغۇق ۋە ئۆتكۈر زەنجىر قىرلىرىنى سەزدى. «ئۇنى مۇنچىلىك زەنجىرلىگەن كىم؟» دەپ ئويلىدى ۋاننا. كەينىدىن دەھشەتلىك بىر ئاغرىق ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىلدى. ئۇنىڭغا ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنى مىسسىرىللى بىلىپ

قالغانىدەك، شۇڭا مۇشۇنداق سوغۇق قارشى ئېلىنىۋاتقاندەك تۇيۇل-
دى.

— قەدىرلىك دوستۇم، — دېدى ئاخىرى مىسسىز مى-
رىللى، — سىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىڭىز ئۈ-
چۈن قاتتىق ئېچىنىمەن. مەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئەرزى-
گۈدەك خىسلەتكە ئىگە ئەمەسمەن. سۆزۈمگە ئىشىنىڭ، ئەڭ
ياخشىسى، بىز ئەمدى باشقىچە ھېسسىياتقا، تېخىمۇ مۇقەددەس-
رەك ھېسسىياتقا بېرىلەيلى. بىر مەزگىل بىزنى قايمۇقتۇرغان
خىياللاردىن ۋاز كېچەيلى. مەن سىزگە تەئەللۇق ئەمەسمەن.
مەن باشلىغان ئىشلارنىڭ داۋاملىق بەختسىزلىككە ئۇچرىشى،
ئېھتىمال، ئۆزۈمنىڭ ئېغىر گۇناھقا پاتقانلىقىمدىن بولسا كې-
رەك. مەن نېمىشقا ئاشۇ پالاكەتلىك كېچىدە ئۆز يولداشلىرىم
بىلەن بىللە قولغا ئېلىنمىدىم؟ نېمىشقا خەتەرلىك پەيتتە خىز-
مەت ئورنۇمنى تاشلاپ كەتتىم؟ نېمىشقا مېنىڭ بولمىغانلىقىم
قەبىھ گۇمانلارنى تۇغدۇردى؟ چۈنكى، مەن يالغۇزلا ئىتالىيە-
نىڭ ئازادلىقىغا مۇھەببەت باغلىمىدىم، مەندە باشقىمۇ ھەۋەسلەر
بولدى.

ۋاننىنا ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش دەرىجىسىدە ھەيران قالدى.
مىسىرىللى نېمىدېگەن ئۆزگىرىپ كەتكەن ـ ھە! ئۇ ئانچە ئورۇق-
لىمىغانىدى، بىراق ئوتتۇز ياشلاردىكى كىشىدەك كۆرۈنەتتى.
ۋاننىنا بۇنىڭ سەۋەبىنى تۈرمىدىكى قىيىن ـ قىستاق دەپ
ئويلىدى ـ دە، يىغلاپ تاشلىدى.

— ئاھ! تۈرمە قاراۋۇللىرى بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا ياخ-
شى مۇئامىلە قىلىشقا ۋەدە بېرىشتى، — دېدى ئۇ مىسسىرى-
لىغا.

يېقىنلىشىپ قالغان ئۆلۈم ياش كاربونارىيىنىڭ يۈرىكىدە
ئىتالىيە ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان
دىنىي تۇيغۇلارنى قوزغىغانلىقىنى ۋاننىنا بىلمەيتتى. ئۇ سۆيگى-

نىدىكى ھەيران قالغۇدەك بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ ھەرگىزمۇ جىسمانىي ئازابنىڭ نەتىجىسىدىن بولماستىن، بەلكى روھىي سەۋەبلەر ئاقىۋىتىدە يۈز بەرگەنلىكىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشەندى. ۋاننىنانىڭ ئەڭ چېكىگە يەتكەندەك بىلىنگەن قايغۇسى يەنىمۇ ئۆرلەپ كەتتى.

مىسسىرىللى گەپ قىلمايتتى، ۋاننىنانىڭ يىغىدىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. پېترو بىرئاز ھاياجانغا كەلدى ۋە:

— ئەگەر دۇنيادا بىرەرنى ياخشى كۆرىدىغان بولسام، ئۇ پەقەت سىزلا بولاتتىڭىز، ۋاننىنا، — دېدى ۋاننىناغا قاراپ، — لېكىن، خۇداغا شۈكۈر، ھاياتىمدا بىرلا مەقسىتىم بار: يا تۈرمىدە چىرىيمەن، يا ئىتالىيە ئازادلىقى ئۈچۈن جەڭدە ئۆلىمەن.

يەنە ئارىغا جىملىق چۈشتى. ۋاننىنا بىرەر ئېغىز بولسىمۇ سۆزلەشكە تىرىشتى ـ يۇ، بىراق ئېغىز ئاچالمىدى. مىسسىرىللى سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مېنىڭ بۇرچۇم ئىنتايىن ئېغىر، دوستۇم، ئۇنى ئاسانلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان بولسا، بۇ قانداق قەھرىمانلىق بولىدۇ؟ بۇندىن كېيىن مەن بىلەن ئۇچراشماسلىققا سۆز بېرىڭ، — مىسسىرىللى چىڭ ماتالغان زەنجىرنىڭ ئىمكان بېرىشىچە قوللىرىنى مىدىرلىتىپ ۋاننىناغا سۇندى، — بىر ۋاقىتلاردا سىز ئۈچۈن قىممەتلىك بولغان كىشىنىڭ سىزگە ئاقىلانە مەسلىھەت بېرىشىگە رۇخسەت قىلىڭ! دادىڭىز سىزگە مۇناسىپ بىر لايىق تېپىپ قويغان، شۇنىڭغا تېگىڭ. ئەمما، ئۇنىڭغا ھەسرەتلىك ئىشلىرىڭىزنى ئىقرار قىلماڭ، بۇنىڭدىن كېيىن مەن بىلەن يەنە ئۇچرىشىشنىڭ ئامالىنى ئىزلەپ يۈرمەڭ. ھازىردىن باشلاپ بىر ـ بىرىمىزگە ياتمىز. سىز ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن كۆپ پۇل سەرپ قىلدىڭىز، ۋەتىنىمىز ئازادلىققا ئېرىشكەندە بۇ پۇل دۆلەت مۈلكىدىن تولۇقى بىلەن قايتۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇلىدۇ.

ۋاننا ھەيران قالدى. پۈتۈن سۆھبەت جەريانىدا پەقەت «ۋەتەن» دېگەن سۆزنى ئېيتقاندىلا، پېترونىڭ كۆزلىرى يېنىپ كېتەتتى.

ئاخىر ياش كىنەز قىزغا غۇرۇر ياردەم قىلدى. ئۇ مىسسىرىللىغا جاۋاب بەرمەستىنلا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن ئالماس بىلەن كىچىك ئىكەكنى ئۇنىڭغا سۇندى.

— مەن بۇلارنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرمەن، — دېدى مىسسىرىللى، — چۈنكى مېنىڭ بۇرچۇم قېچىشقا ھەرىكەت قىلىش، سىزنىڭ بۇ يېڭى ياخشىلىقىڭىزغا قارىماي ئەمدى مەڭگۈ سىز بىلەن كۆرۈشمەسلىككە قەسەم قىلىمەن، خەير - خوش، ۋاننا! مەڭگۈ ماڭا خەت يازماسلىققا، ھەرگىز مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماسلىققا ۋەدە قىلىڭ. ھازىردىن باشلاپ مەن پۈتۈنلەي ۋەتەنگە مەنسۇپ، سىز ئۈچۈن مەن ئۆلگەنگە ھېساب، خەير!

— ياق! — دېدى ۋاننا ئەسەبىيلىك بىلەن، — توختاڭ، سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنىڭ كۈچىدىن نېمە ئىش قىلالىغانلىقىمنى بىلىپ قېلىشىڭىزنى خالايمەن!

ۋاننا مىسسىرىللى سان - نىكولو قورغىنىدىن كېتىپ، ئۆزىنى پاپا ئەلچىسىگە تاپشۇرغان كۈندىن تارتىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا قىلغان تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاستا پىچىرلاپ:

— بۇلار تېخى ھېچگەپ ئەمەس! سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن يەنمۇ چوڭ بىر ئىشنى قىلدىم.

ۋاننا ئۆزىنىڭ خائىنلىق قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— ئاھ، ياۋۇز! — پېترو غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى ۋە ئۆز بەدىنىدىكى زەنجىر بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەك بولۇپ ۋانناغا تاشلاندى.

قاراۋۇل ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلمىگەن بولسا ۋاننىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنمۇ بولاتتى. قاراۋۇل مىسسىرىللىنى تۇتۇۋالدى.

— ئال بۇنى، ئەبلەخ! ساڭا ھېچنېمە ئۈچۈن قەرزدار بولۇشنى خالىمايمەن! — مىسسىرىللى زەنجىر ئىمكانىيەت بەرگەن دەرىجىدە ھەرىكەتلىنىپ، ئالماس بىلەن ئىككىنى ۋاندىناغا قارىتىپ ئاتتى - دە، دەرھال چىقىپ كەتتى.

ۋاننىنا ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

ئۇ رىمغا قايتىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي گېزىتلەر ئۇنىڭ كىنەز لىۋېئو ساۋىللى بىلەن توي قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ھەمياندىن چىققان خەت

## ئارنولد فاين (ئامېرىكا)

ئىنگلىزچىدىن شاھزادەم سېيىت تەرجىمىسى

ئاتمىش يىل ئىلگىرى يېزىلغان بىر پارچە خەتنىڭ ئىگىسىنى ئىزدەش جەريانىدا مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتتىم: «ئەگەر سەن قەتئىي نىيەت بىلەن مۇھەببەت گۈلىنى ئېچىلدۇرماقچى بولساڭ، چوقۇم مۇرادىڭغا يېتىسەن ...»

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى يولدىن بىر ھەميان تېپىۋالدىم. ھەمياندىن ئۈچ ئامېرىكا دوللىرى بىلەن پۈرلىشىپ كەتكەن بىر كونۋېرتتىن باشقا ھېچنېمە چىقمىدى. كونۋېرتنىڭ ئىگىسىنىڭ يېنىدا ساقلانغىنىغا خېلى يىللار بولغاندەك قىلاتتى. كونۋېرتنىڭ ئۈستىدىكى خەت يازغۇچىنىڭ ئادرېسىنى تەستە ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. مەن ھەمياننىڭ ئىگىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئىپ ئۇچى چىقىپ قالارمىكىن دەپ خەتنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم. بۇ، ئاتمىش يىل ئىلگىرى مىكائېل ئىسىملىك بىر يىگىتكە يېزىلغان خەت ئىكەن. خەت ناھايىتى چىرايلىق يېزىلغان، قارشى تەرەپ خەتنى «قەدىرلىك جون» دەپ باشلىغان. ئۇ خېتىدە ئاپىسىنىڭ ئۇلارنى قايتا كۆرۈشۈشكە يول قويمايدىغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يىگىتنى مەڭگۈ سۆيىدىغانلىقىنى ئىزھار قىپتۇ. ئاخىرىغا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى «خاننا» دەپ يېزىپتۇ. ئەمما، مەن مىكائېل دېگەن ئىسىمدىن باشقا، ھەمياننىڭ ئىگىسىگە مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ئىپ ئۇچىغا ئېرىشەل-

مىدىم. ئاخىر تېلېفون نومۇرىنى سۈرۈشتۈرۈش ئورنىغا بېرىپ تېلېفون بېرىپ، كونۋېرتتىكى ئادرېس بويىچە خەت يازغۇچىنى تېپىش قارارىغا كەلدىم.

— كەچۈرۈڭ، مەن بىر ھەميانىنىڭ ئىگىسىنى ئىزدەۋاتىمەن، ھەمياندا بىر پارچە خەت بار ئىكەن. سىز بىر ئامال قىلىپ خەتتىكى ئادرېس بويىچە ھەميان ئىگىسىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تېپىپ بەرگەن بولسىڭىز.

تېلېفونىست ئۆزىنىڭ مەسئۇلى بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈشۈمنى ئېيتتى.

— بۇ ئادرېسنىڭ تېلېفون نومۇرى بار، لېكىن سىزگە ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، مەن قارشى تەرەپكە تېلېفون قىلىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرەي، ئەگەر سىز بىلەن سۆزلىشىشنى خالىسا سىزگە تېلېفوننى ئۇلاپ بېرەي، — دېدى تېلېفون ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى.

مەن بىر مىنۇتتىن ئارتۇقراق ساقلىدىم.

— بىر ئايال سىز بىلەن سۆزلىشىشنى خالايدىكەن، — دېدى ئۇ ماڭا تېلېفون قايتۇرۇپ.

— خەنناخنى تونۇمسىز؟ — سورىدىم مەن ئۇ ئايالدىن.

— ئەلۋەتتە تونۇيمەن، بۇ ئۆيىنى مەن ئوتتۇز يىل ئىلگىرى خەنناختىن سېتىۋالغان.

— ئۇنىڭ ھازىر قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

— ئۇ خېلى يىللار ئىلگىرى ئاپىسىنى بىر خۇسۇسىي ساناتورىيىگە ئاپىرىپ قويغانىدى، شۇ يەردىن بىرەر يىپ ئۇچى تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئايال ماڭا ساناتورىيىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردى. مەن ئۇ يەرگە تېلېفون بەردىم. خەنناخنىڭ ئاپىسى بۇرۇنلا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. مېنىڭ تېلېفونىمنى ئالغان ئايال: «سىز ئۇنى شۇ يەردىن تاپالىشىڭىز مۇمكىن» دەپ بىر ئادرېسنى ئېيتىپ بەر-

www.uyghurkitap.com

دى. مەن يەنە شۇ ئادرېس بويىچە تېلېفون قىلدىم. تېلېفون ئالغۇچىدىن خەنناخنىڭمۇ بىر ساناتورىيىدە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. ئاندىن مەن ئۇ يەرگىمۇ تېلېفون قىلدىم.

— ھە شۇنداق، خەنناخ مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم بولامدۇ؟

بۇ كەچ سائەت ئوندىن ئېشىپ كەتكەن چاغ ئىدى.

— خەنناخ ئۇخلاپ قالمىغانلا بولسا كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىدە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ساناتورىيە-نىڭ مۇدىرى.

ساناتورىيىنىڭ مۇدىرى بىلەن مۇھاپىزەتچى ئىشىك ئالدىدا مېنى كۈتۈۋالدى. بىز ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىپ بىر كۇتكۇچىگە يولۇقتۇق. ئۇ بىزگە خەنناخنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بىز كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىگە كىردۇق. خەنناخ چاچلىرى تۇچتەك ئاقارغان، چىرايلىق قېرىغان، مېھرى ئىسسىق موماي ئىكەن. ئۇ بىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. مەن ئۇنىڭغا ھەميان توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ خەتنى كۆرۈپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

— يىگىت، — دېدى ئۇ ماڭا، — بۇ مېنىڭ مىكائېلغا يازغان ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە خېتىم، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ باشقا تەرەپكە قارىۋالدى، — مەن مىكائېلنى ياخشى كۆرەتتىم. لېكىن ئۇ چاغدا مەن ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەن. ئاپام مېنى بەك كىچىك دەپ قارايتتى. بىلەمسىز، ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن يىگىت ئىدى، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. مۇدىر ئىككىمىز ھەيران قالدۇق، مۇدىر مېنى خەنناخ بىلەن يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

— دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست، بالام. ئۇنىڭ ئىسمى مىكائېل كولدستېين. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالسىڭىز ئېيتىپ قويۇڭ، مەن تا ھازىرغىچە توي قىلمىدىم، ئۇنى دائىم

ئەسلەيمەن، — موماينىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى، ئەمما چىرا-يىدىن ئۈمىدۋارلىق چىقىپ تۇراتتى.

— مەن دۇنيادا مىكائىلغا يېتىدىغان ئادەم يوق دەپ قا-رايمەن، — دېدى ئۇ يەنە.

مەن خەنناخنىڭ يېنىدىن خوشلىشىپ چىقتىم، لىفىت بى-لەن بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ چوڭ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدىم.

— ئۇ موماي سىزگە ياردەم بېرەلىگۈدەكمۇ؟ — سورىدى مۇھاپىزەتچى.

— ھەئە، موماي مېنى بىر يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى. قانداقلا بولسۇن، ھەميانىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى بولسىمۇ بىلىۋالدىم. ئەمما ئۇنى تېپىش ئاسانغا توختىماي-دىغاندەك قىلىدۇ. بۇ ھەميانىنىڭ ئىگىسىنى بىر كۈن ئىزدىدىم، — مەن شۇنداق دېگەچ ھەميانىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم. مۇھاپىزەتچى جىگەر رەڭ ھەميانىنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

— ھوي، مەن بۇ ھەميانىنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلى-مەنغۇ، راست، بۇ كولدستېين ئەپەندىنىڭغۇ، ئۇ بۇ ھەميېنىنى دائىم يىتتۈرۈپ قوياتتى. مەن زالنىڭ ئىچىدە ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ قېتىم تېپىۋالغان.

— كولدستېين ئەپەندى دېگەن كىم؟ — سورىدىم مەن.

— ئۇنىڭ سەككىزىنچى قەۋەتتە تۇرۇۋاتقىنىغا خېلى ئۇ-زۇن بولدى. قىلچە خاتاسى يوق، بۇ مىكائىل كولدستېيننىڭ ھەميېنى، ئۇ دائىم سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەتتى، — دېدى مۇھاپىزەتچى كېسىپ گەپ قىلىپ.

مەن مۇھاپىزەتچىگە رەھمەت ئېيتىپ، مۇدىرنىڭ ئىشخانى-سىغا قاراپ چاپتىم. مەن مۇھاپىزەتچىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۇ-نىڭغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ مېنىڭ بىلەن سەككىزىنچى قەۋەتكە چىقتى. كولدستېين ئەپەندى ئۇخلاپ قالمىغان بولسا بولاتتىغۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تورىدىكى ئادرىسى

— مېنىڭچە ئۇ كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىدە، ئۇ دائىم ئاخشىمى كىتاب ئوقۇيدۇ ... ئۇ بىر سۆيۈملۈك بوۋاي، — دېدى كۇتكۇچى.

بىز چىراغ يېنىپ تۇرغان ئۆيگە قاراپ ماڭدۇق. ئۇ ئۆيدە بىر ئادەم يالغۇز ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى.

— ھەمىيېنىڭىز يىتۈپ كەتكەنمىدى؟ — سورىدى مۇدىر بوۋايدىن.

مىكائىل كولدستېن شىمىنىڭ كەينى يانچۇقىنى سىلاپ بېقىپ:

— ھە، راستتىنلا چۈشۈپ قاپتۇ، — دېدى.

— ياخشى نىيەتلىك بۇ يىگىت تېپىۋاپتىكەن، قاراپ بېقىڭ، سىزنىڭمىكىن.

ئۇ ھەمياننى قولىغا ئېلىپ قاراپ، خاتىرجەم بولغان ھالدا كۈلدى.

— شۇ، دەل ئۆزى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سىرتقا چىققاندا چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ. سىزگە سۆيۈنچە بېرەيمۇ؟ — سورىدى بوۋاي.

— ياق، رەھمەت سىزگە. مەن سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچى. مەن بۇ ھەمياننىڭ ئىگىسىنى تېپىش نىيىتىدە بۇ خەتنى ئوقۇپ چىقتىم.

ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈلگە شۇئان ئۆچتى.

— بۇ خەتنى ئوقۇدىڭىز؟

— ئوقۇپلا قالماي، يەنە خەنناخنىڭ ھازىر قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ كەلدىم.

ئۇنىڭ چىرايى جىددىيلەشكەنلىكتىن تاتىرىپ كەتتى.

— خەنناخ؟ سىز ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ قانداقراق تۇرۇپتۇ؟ ئۇ بۇرۇنقىدەكلا چىرايلىقمىكەن؟ — سورىدى بوۋاي ئالدىراپ.

مەن ئىككىلىنىپ قالدىم.

— تېز ئېيتىپ بەرسىڭىز! — ئالدىراتتى مىكائېل.

— ئۇ ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋېتىپتۇ، سىز كۆرگەن چاغ-دىكىدەك چىرايلىق ئىكەن، — دېدىم بوۋاينى خاتىرجەم قى-لىپ.

— سىز ئۇنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەم-سىز؟ مەن ئەتىلا ئۇنىڭغا تېلېفون بېرەي. بۇنىڭ نىمە ئىشلىقى-نى چۈشەنگەنسىز؟ ئۇ خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپلا ئۇنىڭ بىلەن بول-غان مۇناسىۋىتىم ئۈزۈلۈپ قالدى. مەن ھازىرغىچە توي قىلمى-دىم، ئۇنى ھېلىھەم ياخشى كۆرىمەن، — دەپ يالقۇردى بوۋاي قولۇمنى چىڭ قىسىپ.

— مىكائېل، مەن بىلەن يۈرۈڭ، — دېدىم مەن.

ئۈچىمىز لىفتقا چىقىپ ئۈچىنچى قەۋەتكە چۈشتۇق، خە-نناخ يەنىلا كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىدە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانىكەن. مۇدىر ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ پەس ئاۋازدا:

— خەنناخ، ئۇ ئادەمنى تونۇمسىز؟ — دەپ سورىدى. مىكائېل ئىككىمىز بوسۇغىدا تۇراتتۇق، خەنناخ كۆزەينىكىنى سەل كۆتۈرۈپ قاراپ قېتىپلا قالدى.

— خەنناخ، مەن مىكائېل! مىكائېل كولدستېن، ئېسى-ڭىزدىمۇ؟

— مىكائېل، مىكائېل! بۇ سىزمۇ، مىكائېل؟

مىكائېل ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا باردى. خەنناخ ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار قۇچاقلاشتى، ئاندىن دىۋاندا ئولتۇرۇپ قوللىرىنى تۇتۇشقان ھالدا ئەھۋال سورىشىپ كەتتى. بىز ئاستا ئۆيدىن چىقىپ كەتتۇق، ھـايـاجـانـدىن كۆزلىرىمىزگە ئىسسىق ياش كەلدى.

— شەپقەتلىك ئىگەمنىڭ بۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئورۇنلاشتۇ-رۇشىنى قاراڭ، — دېدىم مەن، — ئادەم بىر ئىشقا ئىرادە

قىلىسىلا جەزمەن مۇرادىغا يېتەلەيدىكەن ...

ئارىدىن ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندە، ماشا ساناتورىيىنىڭ مۇدىرىدىن تېلېفون كەلدى.

— يەكشەنبە كۈنى ۋاقىت چىقىرىپ بىر توي مەرىكىسىگە قاتنىشالارسىزمۇ؟ — سورىدى ئۇ. مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەيلا يەنە، — مىكائىل بىلەن خەنناخ توي قىلماقچى، — دېدى.

توي ناھايىتى قىزىپ كەتتى. ساناتورىيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ ئۇلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەم ئۇلارغا چىن كۆڭلىدىن بەخت تىلىدى. خەنناخ ناۋات رەڭ توي كۆڭلىكى كىيگەن، ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. مىكائىلنىڭ قارامتۇل كۆك كاستۇم - بۇرۇلكىسى كېلىشكەن ئېگىز بويىغا تولىمۇ ياراشقان، خەنناخنىڭ يېنىدا كۈلۈپ تۇراتتى.

ساناتورىيىدىن ئۇلارغا بىر يېڭى ئۆي ئاجرىتىپ بەردى. ئەگەر سىز 74 ياشلىق قىز بىلەن 78 ياشلىق يىگىتنىڭ تۇنجى قېتىم توي قىلغىنىنى ئاڭلىسىڭىز، بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ تويىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگۈڭىز كېلەر. مانا بۇ ئاتمىش يىل دەۋر سۈرگەن مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسى.

# توي كېچىسىنى سېتىۋالغان ئادەم

## ژان پىئېر شابرول (فرانسىيە)

### لوقمان ئاقنىياز تەرجىمىسى

ۋېست تېغىنىڭ ئۈستىدە، يوسىف كاردىرو بىلەن يۈرىس كراپا بىر چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ يولغا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن قورۇق تېمىنىڭ تاش - كېسەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. تۆۋەندە، ئادرېس تېغى باغرىغا ياماشقان ئەگرى - بۈگرى يولدا بىر پىكاپ ئالاھەزەل بىر يېرىم كىلومېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، ماتوردىن چاتاق چىقتى.

— سۇۋچ ئوت چىقىرالمايۋاتىدۇ، ياخشىسى ماشىنىنى توختاتسا بولاتتى.

— شاتۇن سۇنۇپ كەتتىمىكىن دەيمەن، — دېدى يۈرىس كراپا ۋە لاي بولۇپ كەتكەن قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتتى، — يوسىف، ماۋۇ تاشنى كۆتۈرۈشۈۋەتكىنە، بەك يوغانىكەن. ئىلگىرىكى كىشىلەر قورۇق تام قوپۇرغاندا...

— ئىلگىرىكى كىشىلەر غەيرەتلىك ئىكەن جۇمۇ، كاشتان دەرىخىنىڭ يىلتىزىغا ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرسۇن دەپ دائىم دەرەخ تۈۋىدىكى توپىنى يۇمشىتىپ تۇراتتىكەن.

— ھوي، يۈرىس، قارىغىنا، ئۇ چىرايلىق پىكاپ ئىكەن. ئىككىسى قەددىنى رۇسلىدى ۋە قوللىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۆزلىرىگە قاراپ جالاقشىپ كېلىۋاتقان پىكاپقا قاراپ تۇردى.

www.uyghurkitap.com

— سۈيچىنىڭ چاتىقى.

— ياق، شاتۇن سۇنۇپ كەتكەن. ئاڭلا، ماتوردىن ئاۋاز چىقىۋاتامدۇ.

— بۇ شارىمسۇن ماركىلىق پىكاپ ئوخشىمامدۇ؟

— ياق، چەت ئەلنىڭ، ئالبا رومىئو ماركىلىق پىكاپ بولسا كېرەك.

— ئوھوي، ئەمدى ئوتى بىراقلا ئۆچۈپ قالدى.

ئۇلار تاغ باغرىدىن ئاستا چۈشۈپ يىگىرمە مېتىر نېرىدا تۇرغان پىكاپقا قاراپ ماڭدى.

— ياخشىمۇسىز، ئەپەندى، سۈيچىتىن چاتاق چىقتىمۇ، قانداق؟

— ياخشىمۇسىز، ئەپەندى، ئاۋازىدىن قارىغاندا، شاتۇنىنىڭ چاتىقىغۇ دەيمەن؟

— ھە!...سىلەر ماتورنىڭ ئەھلىمۇ، قانداق؟

— ئۇقمايمىز، ئانچە-مۇنچە ئاڭلىۋالغان شۇ، بۇنىڭغا ئوخشاش...

— بىز بەزىدە كوستۇنىڭ دۇكىنىنىڭ پاكار تېمىغا چىقىۋېلىپ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قاراپ تۇرىمىز.

— كوستۇ ماشىنا رېمونت قىلىدىغان ئادەم.

— ھە؟ يېقىن ئەتراپتا ماشىنا رېمونت قىلىدىغان يەر بارمۇ؟

— بار، بۇ يەرگە تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان شامبان كەنتىدە.

— ئوھوي! تۆت كىلومېتىر دەڭ!

— ھەئە، كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاۋۇ ئېگىز جاينىڭ ئۇ تەرىپى پوتونلەي يەر تۆۋىنى.

— ماشىنىڭىزنى ئىتتىرىپ ئاشۇ دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىرىشىپ بېرەيلىمۇ؟

— سىلەر بەك ياخشى ئىكەنسىلەر.
— ھەممىمىز بىر دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىۋاتقان ئادەملەر-غۇ! مۇنچىلىك ياردەم نېمىتتى؟ قېنى ماشىنىغا چىقىڭ، يۇ-رىس، بۇياققا كەل!
— ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن ئېغىر ماشىنا بۇ!
— توختاڭلار، خوتنى خالاستويغا سېلىۋالاي.
ئېگىز جايغا چىقىپ ماشىنىنى تۆۋەنگە ئىتتىرىشتىن ئىل-گىرى، يۇرىس ئۇ ئەپەندىگە تاپىلىدى:
— شامبان كەنتىگە بارغۇچە يەنە بىر دۆڭ بار، ئەللىك مېتىر ماڭسىڭىزلا ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىسىز. بۇ يەردىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭغاندا، ماشىنىغا تورمۇز بەرمىسىڭىز ماشىنا ئۆزىنىڭ كۈچى بىلەن ئۇ دۆڭنىڭ ئۇستىگە چىقىپ كېتەلەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ماشىنىنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتسىڭىز بولىدۇ.
— رەھمەت، ماڭا كۆپ ياردەم قىلدىڭلار، تاماكا چېكەم-سىلەر؟
— بىرەر تالدىن چېكىپ قويساق قويدۇق.
ماشىنا تاغ جىلغىسىغا قاراپ ئۇنسىز يۇرۇپ كەتتى.
— ئۇ نېمە ماركىلىق ماشىنا ئىكەن، يۇرىس؟
— قاراپ بېقىش خىيالىمغا كەلمەپتۇ.
— تاماكىسى داڭلىق تاماكا ئىكەن.
— ياخشى ئەمەسكەن، قويە سېنى، داڭلىق تاماكا دەيسەن تېخى.
— ئۇ چەت ئەللىك نېمىمۇ قانداق؟
— ئۇنىڭ تىلى بىزنىڭكىگە تازا ئوخشىمىغانلىقى ئۇچۇنلا فرانسىيىلىك ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ. مەن لىللىق [1] بەزى كىشىلەرنى تونۇيمەن، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىساڭ گېرمانىيە-

---

[1] فرانسىيىنىڭ نور ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى.

لىنىڭ ئوخشايدۇ، دەپ قالىسەن.
كوستۇ كەلگەن كىشىگە قاراپمۇ قويماي سورىدى:
— نېمە ئىشىڭىز بار؟
— ماشىنام بۇزۇلۇپ قالدى. تېزرەك رېمونت قىلىپ بېرەلەرسىزمۇ؟ بەك ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى.
— ماشىنىڭىز قەيەردە؟ — سورىدى كوستۇ.
— ئۇنى بۇ يەرگە ھەيدەپ كېلەلمىدىم...
— ئۇنى «تەنتەربىيە قەھۋەخانىسى» نىڭ دوقمۇشىدا توختىتىپ قويدىڭىزمۇ؟
— ھەئە.
— ئۇنداقتا يانتۇلۇقتىن چوشكوچە ماشىنىغا تورمۇز بەرگەن ئوخشىمامسىز؟
— ھەئە.
— سىز ۋېست تېغىنىڭ ئېتىكىگە چىقىپ كېتىۋاتقاندا ماتورنىڭ «قارس» قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىڭىز، شۇنىڭ بىلەن ماشىنىڭىز ماڭالماي قالدى، شۇنداقمۇ؟
— توغرا... بۇنى سىز قانداق بىلدىڭىز؟
كوستۇ ماتورنىڭ قاپقىقى ئاستىدىن چىقىپ كولۇچنى قويدى، ئاندىن ماتورنىڭ قاپقىقى ئۈستىدە تۇرغان مايلىشىپ كەتكەن مايلىقنى ئېلىپ قولىنى سۈرتكەچ:
— بۇنداق ئەھۋالنى تولا ئۇچرىتىپ كۆزۈم پىشىپ قاپتۇ. ۋېست تېغىنىڭ ئېتىكى ئادەمنى بەك ئەخمەق قىلىدۇ، ئۇنىڭغا كىم نوچىلىق قىلسا ماشىنىسىنىڭ شاتۇنىنى ياكى ۋېنتىلىنىڭ تەۋرەنمە يەلكىسىنى سۇندۇرۇۋالىدۇ، — دېدى.
يولنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى كىچىك مەيداندا توپ ئويناۋاتقان ۋە تاماشا كۆرۈۋاتقان كىشىلەر بار ئىدى، كوستۇ ئۇلاردىن بىر نەچچىنى چاقىرىپ ماشىنىنى ئىتتىرگۈزۈپ ئەكەلدى. ئۇ ماتور قاپقىقىنى ئاچماقچى بولۇۋېتىپ، بىردىنلا قەددىنى رۇسلاپ،

قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ قالدى، چىراكاۋ قوڭغۇرىقى چېلىن-
ىۋاتاتتى. كوستو ھىجىيىپ قويۇپ:
— بۇ دوئارۇ بىلەن فرانسىيىنىڭ تويىغا ئاتاپ چېلىن-
غان قوڭغۇراق، ئىككىسى ئاق كۆڭۈل ياشلار، لېكىن بەك
نامرات، — دېدى.
— ھوي، سىزگە ئېيتتىمغۇ، مەن بەك ئالدىرايتتىم.
— تولا ۋارقىرىماڭ! مەن سىزنىڭ قۇلىقىڭىز ئەمەس.
ئالدىرىسىڭىز كېتىۋېرىڭ، مەن سىزنى چاقىرىپ كەلمىدىم.
— مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، چاقىرىپ كەلدىڭىز. دۆكىن-
ىڭىزنىڭ ئىشىكىگە «ماشىنا رېمونت قىلىمىز» دەپ يېزىپ
قويغانىكەنسىز، خەق ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قالسا، ئەلۋەتتە،
سىزنى تاپىدۇ - دە.
— دۆكىنىمنىڭ ئالدىغا قاراپ بېقىڭ، «ماشىنا رېمونت
قىلىمىز» دېگەن خەت يوق. مەن تىجارەت بىجىرمۇ تاپشۇرماي-
مەن. قانداق، ئەمدىغۇ بىر نېمە دېيەلمەسسىز.
كوستو ئېڭىشىپ ماتورنىڭ قاپقىقىنى ئاچتىيۇ، يەنە قەد-
دىنى رۇسلاپ ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇشنى بەردى:
— ئەگەر ماشىنا رېمونت قىلدۇرماقچى بولسىڭىز، بو-
لۇپمۇ ئالدىراش بولسىڭىز، مەيلى چەت ئەللىك بولۇڭ -
بولماڭ، بىر ئېغىز گەپ، ئاددىي ئادەملەرگە بىھۆرمەتلىك
قىلماڭ.
كوستو ماتورنىڭ قاپقىقىنى ئاچتى، كۆلۈچنى ئىككى قې-
تىم تولغاپ، ماتورنىڭ ئۇلىغۇچى ۋە سۈرئەت ئۆزگەرتكۈچىسى-
نىڭ قاپقىقىنى چىقىرىپ، قاراماي ئىچىدىن سۇنۇپ كەتكەن
ۋېنتىلنىڭ تەۋرەنمە يەلكىسىدىن ئاجراپ كەتكەن ئۈچ بۇرجەك
تۆمۈرنى تاپتى.
— كۆردىڭىزمۇ، ۋېنتىلنىڭ تەۋرەنمە يەلكىسى سۇنۇپتۇ،
بۇنى باشتىلا سىزگە ئېيتقانمەن.

— ئوغشاشقا ئۇزاق ۋاقىت كېتەمدۇ؟

— ئوغشاشقىغۇ ئۇزۇن ۋاقىت كەتمەيدۇ، لېكىن زاپچاس-نى ئارىستىن ئېلىپ كېلىدىغان گەپ. مەن دەرھال بېرىپ تېلېفون بېرەي. ئەگەر ئۇلاردا بۇ زاپچاس بولسا، ئەتە ئەتىگەن سائەت بەشنىڭ پويىزىدا ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، بار بولسا دەڭا...

— ئۇنداقتا بۈگۈن كېتەلمەيدىكەنمەن - دە؟

— كېتىشتىن ئۈمىد كۈتمەڭ.

— بۇ ئەتراپتىن بىرەر مېھمانخانا ...

— «چوڭ مېھمانخانا» غا بېرىڭ، مېنى ئەۋەتتى دېسىڭىز بولىدۇ.

— ئۇ مېھمانخانا ياخشىمۇ؟

— چاتاق يوق، خوجايىنى مېنىڭ ئىنىم.

كايفانىڭ يىمەكلىك ۋە مىلىچ مال ساتىدىغان ماشىنىسى ئەمدىلا توختىشىغا، ئۆي - ئۆيلەردىن ئاياللار چۇۋۇلداپ چىقىشتى. نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى چىققان ئاياللار كايفانىڭ ئارقىسىغا ئولاشتى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قالغان كىشى شۇمىكەن؟ — دەپ سوراشتى.

— ھەئە، ماشىنىسى چىرايلىق ماشىنا ئىكەن.

— ماشىنا كۈستۈنىڭكىدە ئىكەن.

— ئۇ ئىدمونىنىڭ مېھمانخانىسىغا بېرىپ ياتسا كېرەك. مۆكۈشمەك ئويناۋاتقان باللار خۇددى خاتا ئىش قىلىپ قويۇپ تۇتۇلۇپ قالغاندەك بىردىنلا ئويۇنلىرىدىن توختاشتى.

«چوڭ مېھمانخانا» ئۇزۇنچاق دېھقان ئۆيى ئىدى. ئوتتۇر-دىكى ئۆيدە كۈلكە - چاقچاق قايناۋاتاتتى، سول تەرەپتىكى ئۆيدىن ساپلىقنىڭ تاراڭ - تۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى،

ئۇ ئاشخانا ئىدى. بىر قىز چوشقا گۆشىدە قىلىنغان بىر تەخسە قورۇمىنى كۆتۈرۈپ مەيخانىدىن ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ كۆل-كە - چاقچاق قايناۋاتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى تېپىپ قويدى، ئىشىك ئېچىلىپ كۆلكە ئاۋازى قەھۋەخانىنى بىر ئالدى، ئىشىك يېپىلغاندىن كېيىن ئاۋازلار بىر ئاز بېسىقتى.

ھايال ئۆتمەي، ئىشىك يەنە ئېچىلىپ ئېدمون چىقىپ كەلدى.

— ياخشىمۇسىز، ئەپەندى؟ — دېدى ئۇ، — نېمە كەلتۈرىمەن؟

— ماشىنام بۇزۇلۇپ قالغان، بۇ يەردە قونۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدۇم، بىكار ئۆي بارمۇ؟

— ھەي! ...بارمىكىنتاڭ!

— بۇنداق جايدا ساياھەتچىلەر كۆپ بولماس!

— ئۇنداق دېمەڭ، بىزنىڭ بۇ يەرنىڭمۇ خېلى داڭقى چىقىپ قېلىۋاتىدۇ.

قىز ياندىكى ئۆيدىن قۇرۇق قول قايتىپ چىقتى - دە، ئىككى بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ يەنە كىرىپ كەتتى.

ئېدمون پوكەيگە چاپلىشىپ تۇرۇپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ:

— بۇ يەردە توي بولۇۋاتىدۇ، — دېدى.

— قانداق ھاراقلىرىڭىز بار، ئىشتىھا ئاچىدىغان ئىچىمە-لىكلەر بارمۇ؟

— قاندىقىنى دېسىڭىز شۇندىقى بار.

— ئۇنداق بولسا فېرنېر - برانگا ھارىقىدىن بىر رومكا بېرىڭ.

— نېمە ھاراق دېدىڭىز؟

— مارتىن ئەبجەش ھارىقىدىن بىر رومكا.

— بەدىيان ھارىقىدىن بىرەر رومكا ئىچىپ باقامسىزيا؟

ئۇنى ئۆزۈم ياسىغان.

— مەيلى، سىزمۇ بىر رومكا ئىچىپ قويۇڭ

— مەن تاماق يەۋاتاتتىم، ئەگەر قوشۇلسىڭىز بىرەر رومكا ۋىنو ئىچىپ قوياي.

— ئىختىيارىڭىز.

ئېدمون هاراق قۇيدى، ئاندىن سەل ئالدىغا ئېگىلىپ:

— مەن تويغا قاتنىشىۋاتاتتىم، — دېدى ئۇ — تويى بولۇۋاتقان قىز - يىگىت مېنىڭ بىر ئېغىز ئۆيۈمنى ئىجارىگە ئالدى، ئەمدى ئۇلار...

— ئوهوي؟ ئۇلار بۇ يەرلىك ئەمەسمۇ؟

— مۇشۇ يەرلىك، زامانغا بېقىپ شۇنداق قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار تويدىن كېيىن باشقا جايلارغا بېرىپ ساياهەت قىلالمايدىغان بولغاندىن كېيىن، مېهمانخانىدا قونسىمۇ سىرتقا بارغانغا ئوخشاشراق بىر ئىش بولىدۇ، ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز؟

— ئەلۋەتتە.

— گەپنىڭ نەق يېرىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ پۇلى يوق، يىگىت ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش فوندى بىلەن چوڭ بولغان، چۈشىنىشلىكرەك قىلىپ ئېيتسام، ئۇ ئون بىر يېشىدىن تارتىپ باشقا بىر ئائىلىنىڭ بېقىشىغا هاۋالە قىلىنغان... قىزمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش يېتىم، ئۇلاردا نە ئۆي، نە بىر غېرىچ يەر يوق. بۇنداق دېسەم ئۇلارنى باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ ... ئۇلار تۈزۈك ئادەملەر.

— مەن ئۇلار توغرۇلۇق باشقا بىر نېمە دېمىدىمغۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق ... بىزنىڭ يېزىدا قانداق ياشايدىغانلىقىمىزنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرگە ... بۇ گەپلەرنى قىلىشتىن مەقسىتىم، سىزگە ئۆي ئېلىشنىڭ تەسلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش...

— بۇ يەردە قورساق تويغۇزۇۋالسام بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ. كەچۈرۈڭ، تاماقخانا ماۋۇ ياقتا ئىدى. مالال كۆرمىسىڭىز، تويغا قاتنىشىۋاتقان مېھمانلارغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن سىزگە بۇ يەرگە بىر ئۈستەل قويۇپ بەرسەك، ئەنە ئاۋۇ دېرىزىنىڭ قېشىغا...
— بولىدۇ.
— كەچلىك تاماقنىمۇ مۇشۇ يەردە يەمسىز؟
— ئەلۋەتتە.
— ماقۇل، بىر ئامال قىلىپ كۆرەي. دېمەكچىمەنكى، ياتاقنىڭ ئىشىنى... سىزنى كوچىغا ھەيدەپ چىقىرىۋەتسەك بولماس.
— ئېدمون، بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟
— يولۇچى ئىكەن، ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قاپتۇ. ھۆي، ئۇ ساڭا غەلىتە قىياپەتتە قاراپ كەتتىغۇ.
— مېنىڭ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ سۈرىتىمنى ئالىدىغان - ئالمايدىغانلىقىنى سوراپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ، ئۇ ئۆزىچە يوغان‑ چىلىق قىلىپ كېتىپتۇ، ھىم!
— بولدى، خاپا بولما، فرانس! كىرىپ ئورنىڭغا ئول‑ تۇر، تويى بولغان قىز مېھمانلارنى تاشلاپ بۇ ياققا چىقىۋالسا بولمايدۇ، تېز كىرىپ كەت.

ئەمدى ئۇلار ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى، ناخشا تولىمۇ يېقىم‑ سىز ئىدى. ئۇلار ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالغان، ساق ئادەمگە ناخشىسى تولىمۇ تېتىقسىز ئاڭلىناتتى.
— قەھۋە ئىچەمسىز؟
— ئىچسەم ئىچەي، قورۇماڭلار بەك ئوخشاپتۇ.
— ئەگەر خالىسىڭىز، قەھۋەنى ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئاستىغا ئاپىرىپ بېرەي. ئۆينىڭ ئارقىسىدا بىر كىچىك گۈللۈك بار.
— بولىدۇ، خوجايىن، ئېيتىڭچۇ، گەپ ئىككىمىزنىڭ

ئوتتۇرىمىزدىلا قالسۇن، ماقۇلمۇ؟...

— بولىدۇ، ئەپەندى.

— تويى بولۇۋاتقان بۇ قىز ـ يىگىت راستتىنلا شۇنداق نامراتمۇ؟

— ھەئە، شۇنداق.

— نېمىشقا شۇنداق؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئۇلار نېمىشقا شۇنچە نامرات دەيمىنا؟

ئېدمون ئالىقىنى بىلەن ئېڭىكىنى تىرىدى.

— مەن، مەن ئېنىق ئۇقمايدىكەنمەن، ئۇلارنىڭ يېرى يوق. بۇ يەردە قىلىدىغان ئىش كۆپ ئەمەس...مۇنداق گەپ... بۇ يەردە نامراتلار خېلى بار، لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ ھالى بەكلا ئېغىر. مانا ئەمدى ئىككى نامرات توي قىلدى، خەقنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ چېنىپ قالىدۇ دەڭا. يەنە كېلىپ ئۇلار تېخى ياش، ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇشى ناچار بولسىمۇ ئانچە چېنىپ كەتمەيدۇ، — ئېدمون كۆزلىرىنى بىر پەس يۇمۇۋالدى، — يەنە بىرى، ئۇ ئىككىسى خەقنىڭ ئۆيىدە خىزمەتكار، ئۇلاردا ھېچقانداق ئەركىنلىك يوق.

— ئۇنداقتا بۇ جايىنى قانداق ئالدى؟

— ئۇنىڭمۇ ئامالى بولۇپ قالدى، مەرىكىگە تەكلىپ قىلىنغانلار ئازراقتىن نەرسە ـ كېرەك ئالغاچ كەپتۇ. ئەلۋەتتە، بۇنى كاتتا توي دېگىلى بولمايدۇ.

— مەڭ، بۇنى ھېچكىمگە بىلىندۇرمەي يىگىتكە بېرىپ قويۇڭ.

— دوئارۇغىما؟ — ئېدمون ئۇن مىڭ فرانكلىق پۇلنى قارىسىلدىتىپ قويدى، — سىز، سىز بەك غەلىتە ئادەمكەن-سىز!

دوئارۇ ئېگىز بوي، ئورۇق يىگىت ئىدى، مۇكچەيگەن

گەۋدىسى ئورغاقتىلا ئوخشايتتى. ئۈچىنچىدىكى كىيىمى بەك قىسقا، بەل قىسمى كەڭرى، مۈرىسى كېلەڭسىز ئىدى. گالىستۇكىنى بوشىتىپ قويغان، كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى ئېچىۋەتكەنىدى. ئۇ ئاستا كېلىۋېتىپ، ئىككى مېتىر ئارىلىق قالغاندا ھۆرمەت بىلەن توختىدى:

— ئەپەندى، مەن سىزنى تونۇمايمەن، لېكىن ... — ئۇ ھاسىرايتتى، — ... لېكىن ... راستىمنى دېسەم، مەن سىزدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن.

— ئولتۇرۇڭ، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار.

— نېمە؟

— قېنى ئولتۇرۇپ گېپىمنى ئاڭلاڭ.

— رەھـمـەت، مـەن سىزدـىن بـەك مىننەتدارمەن، چۈنكى...

— بولدى، بۇ گەپنى دەۋەرمەڭ، مېنىڭ سىزگە دەيدىغان گېپىم بار.

دوئارۇ كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتتى، گالستۇكىنى چىڭىتتى، ئاندىن ئىككى قولىنى يوتىسىغا قويۇپ تۈز ئولتۇردى.

— مەن سىز بىلەن ئۇچۇق پاراڭلاشماقچى...

— ماقۇل!

— توختاپ تۇرۇڭ، سىزگە غەلىتە بىر تەكلىپ قويماقچىمەن. سىز قوشۇلىدىغان - قوشۇلمايدىغانلىقىڭىزنى ئېنىق ئېيتىسىڭىزلا بولىدۇ. سىزنى ھازىرلا جاۋاب بېرىڭ دېمەيمەن. ھازىر سائەت تۆت بولدى. سائەت سەككىزدە، كەچلىك تاماقتىن كېيىن جاۋابىنى بەرسىڭىز بولىدۇ.

— كەچۈرۈڭ، گېپىڭىزنى ئازراقمۇ چۈشىنەلمىدىم.

— سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ، مېنىڭ پۇلۇم ناھايىتى كۆپ. مەن كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن پۇل بىلەن ھەرقانداق ئىشنى قىلالايمەن، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم. سىزنىڭ پۇلىڭىز ناھايىتى كۆپ، سىز كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن پۇل بىلەن ھەرقانداق ئىشنى قىلالايسىز.
— ياخشى، مەن بۈگۈن كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن سىزنىڭ توي كىيىمىڭىزنى سېتىۋالماقچى.
— نېمە؟
— مەن بىر مىليون فرانكقا سىزنىڭ توي كىيىمىڭىزنى سېتىۋالماقچى، بىر مىليون فرانك دەڭا!
دوئارۇ لاسسىدە بولۇپ بېشىنى ساڭگىلاتتى.
— سىز لۈكچەك ئىكەنسىز! — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ.
— بېرىپ بېشىڭىزنى سۇدا بىر يۇيۇۋېتىپ كېلىڭ.
— بولىدۇ، لېكىن مۇرەمگە ئۇرماڭ، ماڭا تەگكۈچى بولماڭ.
ئۇ بېشىنى يۇيۇپ قايتىپ كەلدى.
— بايىقى گېپىڭىز چاقچاقمۇ؟ — سورىدى ئۇ.
— سىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بىر مىليون فرانكقا ئېرىشىشنى خالىمامسىز، مۇشۇ يەردە، مۇشۇ ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە؟
— بېشىمنى يەنە بىر قېتىم چايقاپ كېلەي، بەكلا بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەن.
دوئارۇ قايتىپ كەلگەندە، ھەربىرى ئون مىڭ فرانكلىق بىر دەستە پۇل ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە يوق تۇراتتى.
— سوئالىڭىز بولسا مەندىن سوراڭ، ئەندىشىلىرىڭىزنى ئۇنتۇرنغا قويۇڭ. بىر مىليون فرانكتىن سىرت، مەن يەنە سىزنى پەلسەپە، دىن، ئەخلاق جەھەتتىكى ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، ۋىجدانىي ئازابتىن خالاس قىلىشقىمۇ تەييار.
دوئارۇ بېشىنى چايقايتتى. سۇ تامچىلىرى ئۇنىڭ كىيىمى ئۈستىگە چاچرايتتى.
— سىزنى تازا دۇمبالىغۇم كېلىۋاتىدۇ، ئەمما قانداقتۇر

بىر نەرسە قولۇمنى تۇتۇۋېلىۋاتىدۇ...

— بىر مىليون فرانك كۈچىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، ئىنىم.

— قانداقسىگە؟

— چۈنكى سىز ماڭا تېخى مۇشت كۆتۈرمىدىڭىز. دې- مەك، بۇ سىزنىڭ بۇ سودىدا ئويلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سىز مۇھىم بىر قەدەمنى باستىڭىز.

— مەن ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇقمايمەن، لېكىن بۇنىڭ بىر رەزىل ئىش ئىكەنلىكى ماڭا ئايان.

— توپتوغرا بىر مىليون فرانك، تاپاۋەت بېجىمۇ، مىراس بېجىمۇ تاپشۇرۇش كەتمەيدۇ، خۇددى دۆلەت تارقاتقان لاتارىيە بېلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندەكلا بىر ئىش. پۇل بولسا يەر، مۇستەقىللىق ۋە ئىستىقبال سېتىۋالغىلى، پۇل بولسا ھەقىقىي ئائىلە قۇرغىلى بولىدۇ، ھەتتا بىرەر پادىشاھلىق قۇرۇۋالغىلىمۇ بولار. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر كېچىلىك بەدەلگە كېلىدۇ. سىز- نى يەنە يىگىرمە بەش يىل ياشايدۇ، دېسەك، سىزنىڭ يەنە يىگىرمە مىڭ كېچىڭىز بار. دېمەك، بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىش- كە سىز ئۇچۇن ۋاقىت يېتەرلىك.

— بولدى! ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ. سىز مېنى ئىلەشتۈرۈ- ۋەتتىڭىز.

— خوتۇنىڭىز كۈنىگە قانچە پۇلغا ئىشلەيدۇ؟

— ئېيىغا ئون بەش مىڭ فرانك ئالىدۇ.

— ئەمدى ھازىر ئۇ بىر كېچىدە ئىككى مىڭ كۈنلۈك، يەنى ئاز كەم ئالتە يىللىق ئىش ھەققىگە ئېرىشىپ، ئالتە يىللىق ئەمگەكتىن ئازاد بولىدۇ...

— سىزنىڭ مۇنداق قىلىشقا ھەققىڭىز يوق، ئاڭلىدىڭىز- مۇ؟ ھەققىڭىز يوق!

— نېمىشقا؟ مەن سىزنى ھاقارەتلىمىدىم. پەقەت تەكلىپ بەردىم. سىز قوبۇل قىلىسىڭىزمۇ، قوبۇل قىلمىسىڭىزمۇ بولى-

www.uyghurkitap.com

دۇ. سىز ئەركىن ئادەم، مەنمۇ ئەركىن ئادەم.

ـــ مەن ئەركىن ئادەم ··· مەن ئەركىن ئادەم ··· دېمەتقۇ ئاسان.

ـــ سىز رىۋايەت، تارىخ ياكى دىن جەھەتتىكى مىساللارغا ئېھتىياجلىق بولسىڭىز كېرەك. بەزى ئايال ئەۋلىيالار···

ـــ بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق.

ـــ سىز قانچىلىك ئاياللارنىڭ ئۆز ئەرلىرىنى ئالدايدىغانلىقىنى، قانچىلىك ئەرلەرنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

ـــ ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ.

ـــ ماقۇل.

دوئارۇ ئورۇندۇقتا ھالسىز ئولتۇراتتى، گاڭگىراش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى شېغىللىق يولغا تىكىلگەنىدى.

ـــ بىر مىليون فرانكىڭىز بولسا ھەر قانداق قىزنى قولغا چۈشۈرەلەيسىز، چىرايلىقىنى تاپالايسىز.

ـــ ماڭا كېرىكى مۇشۇ قىز، بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشىم.

ـــ نېمىلا دېگەنبىلەن مېنىڭمۇ ئىشىم، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ـــ سىزنىڭ ئىشىڭىز ماۋۇ بىر مىليون فرانك.

ـــ ئەجەبا، سىز ئەسلىدىكى جايىڭىزدا تۇرالامسىز؟

دوئارۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ جانسىز ئىدى، لېكىن ئاخىرقى بىر نەچچە سۆزنى دېگەندە ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەپ چىقتى:

ـــ بۈگۈن مېنىڭ خاسىيەتلىك كۈنۈم، ئۇقتىڭىزمۇ؟

ـــ قولاق سېلىڭ دوستۇم، «موزدۇز بىلەن بانكىر»، بۇ دېگەن داڭلىق مۇزىكا.

ـــ نېمە، موزدۇز؟···

ـــ ھەئە، فېرنېل ـ برانگا ھارىقىدەكلا داڭلىق. بىز يەنىلا بەدىيان ھارىقى ئىچەيلى.

ـــ مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم.

— سىز چۈشىنىسىز، بىر مىليون فرانكقا توي كېچىڭىز-نى تېگىشىدىغان ئىشنى چۈشەندىڭىز، بۇنىڭدىن باشقا چۈشىنىۋا-لىدىغان ئىش قالمىدى.

مەستلەرنىڭ ناخشىسى توختاپ تاماقخانىدا جىمجىتلىق ھۆ-كۈم سۈردى. مېھمانلار يىگىتنى كۈتۈشمەكتە ئىدى. ئېدمون بوسۇغىغا كېلىپ، بىر - بىرىگە ئۇنىسىز قارىشىپ ئولتۇرغان بۇ ئىككى ئەرگە قاراپ قويۇپ يەنە كېتىپ قالدى.

— بۇ ئىشقا مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن، سىزگە خوتۇنۇم-نىڭ ئۆزى جاۋاب بېرىشى كېرەك. مېنىڭچە، ئۇ مەڭگۈ ماقۇل بولمايدۇ.

— سىزچۇ؟ سىز قوشۇلدىڭىزغۇ...

— ياق! ئۇنداق ئىش يوق!

— قانداقسىگە يوق بولسۇن، سىز بۇ بىر مىليون فرانكنى قوبۇل قىلدىڭىز، ھەتتا ئۇنى خەجلىۋەتكەن بولۇشىڭىزمۇ مۇم-كىن. ئالماشتۇرۇش شەرتىنى قوبۇل قىلىڭ، بۇ بىر نەچچە مىنۇت ئويلانسىلا پۈتىدىغان ئىش. سىزگە ئىشىنىمەن. سىز ئەقىللىك ئادەم، خوتۇنىڭىزغا بۇنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلىسىز.

— ياق، سىز بۇ خىيالىڭىزدىن كېچىڭ.

— سىزنىڭ بۇ سودىنى قىلغۇڭىز يوق ئىكەن - دە؟

دوئارۇ ئورنىدىن تۇردى، ئىككى پۇتىدا جان يوق، ئىككى قولىنى ئورۇندۇقنىڭ تۇتقۇچىدىن ئالالمايتتى.

— قاراڭ، مەن تەكلىپىڭىزنى رەت قىلىۋېتىپ يەڭگىلە-لەپ قالدىم، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — ھازىر قانچىلىك راھەتلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز، — ئۇ قەددىنى رۇسلىغاندىن كېيىن، ئارىسالدىلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى، — ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، ئويلاپ بېقىڭ، بۇ يەردىلىكلەر مېنى نېمە دەيدۇ؟

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇلار ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. مەن سىلەرنىڭ ھۇجراڭلارنىڭ يېنىدىن بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئالدىم. ئورۇن ئالمىشىش يېرىم كېچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئىنس - جىن تۇيمايدۇ.

دوئارۇ ئالدىغا بىر قەدەم ئالدى.

— خەپ، سىزنى تازا بىر دۇمبالىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— ھەي! ھېزى بولۇڭ. «ئادەم ئۇرغانلار، زىيان - زەخمەت يەتكۈزگەنلەر» زور بەدەل تۆلەيدۇ جۇمۇ، پۇلى بولمىسا تۈرمىدە ياتىدىغان گەپ. ئۇ چاغدا بۇ بەكمۇ غەلىتە بىر شېرىن ئاي بولىدۇ!

— ھۆي خۇمپەر!

— مەن سىزگە دېدىم، ھازىرلا جاۋاب ئالماقچى ئەمەسمەن. مەن سىرتلارنى ئايلىنىپ، كەچ سائەت يەتتىدە كەچلىك تاماققا كېلىمەن. سائەت سەككىزدە مۇشۇ گۇللۈكتە سىزنى ساقلايمەن، — ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ قوشۇپ قويدى، — سىزنى مۇشۇ يەردە كۈتىمەن.

ئىشىك «تاراق» قىلىپ يېپىلدى. بىر ئازدىن كېيىن مەستلەرنىڭ ناخشا ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى.

فرانس جىۋەك قىز ئىدى. ئاددىيلا بۇدۇر قىلىنغان چېچى سول كۆزىگە ساڭگىلاپ تۇراتتى، پېشانىسى كەڭ ئىدى، قاشلىرىنى تېرىپ ئىنچىكە قىلىۋالغانىدى. بىر - بىرىدىن يىراق قوي كۆزلىرى قارامتۇل قاپىقىنىڭ بېسىمىدا ئارانلا ئېچىلىپ تۇراتتى. بۇرنى كىچىك ئىدى. قىلىن لەۋلىرىگە ئەرزان باھالىق لەۋسۇرۇخ سۇرۇلگەن، ئۇچىسىغا ئارقىسىدىن تۈگمىلىنىدىغان يېشىل رەڭلىك تار كۆڭلەك، پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىۋالغانىدى. ئۇ ئون سەككىز ياشقا كىرگەنىدى.

— دوئارۇ، سىز خۇشالمۇ، سۆيۈملۈكۈم؟...

— ئەلۋەتتە خۇشال ...

ئۇلار بىردەم پىچىرلىشىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. مېھمانلارنىڭ بەزىلىرى قارتا ئويناۋاتاتتى، بەزىلىرى مۈگدەپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئىككىنچى قېتىم تارتىلىدىغان قەھۋەنى كۈتەتتى، قەھۋە كەلسە يەنە بىر رومكىدىن هاراق ئىچەتتى.

— كۈئادېتنىڭ تېمىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ بىردەم ئولتۇرايلىمۇ، سۆيۈملۈكۈم؟

ئۇلار ئامبار بىلەن ئاتخانا ئارىلىقىدىكى يول بىلەن ماڭدى، بۇ يولنىڭ ئاياغ تەرىپى ئۈزۈمزارلىق ئىدى. ئىككىسى تاشتا قوپۇرۇلغان تامغا بىر مېتىر كېلىدىغان جايدىكى چىملىقتا ئارقىسىنى تامغا، يۈزىنى ئاپتاپقا قىلىپ ياتتى.

— دوئارۇ، ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئەجەب قىزىق – هە، ئاۋۇ يەردە سىز تۇنجى قېتىم ماڭا تاش ئاتقانىدىڭىز، — فرانس كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئۆزىچىلا كۈلۈۋەتتى، — ئۇ كۈنى مەن كىر يۇغىلى ماڭغان، سىز ئارقا هويلىدا پۇرچاق تېرىۋېتىپتىكەنسىز، سىز ماڭا تاش ئاتتىڭىز، ئۇ قاملاشمىغان ئىش ئىدى. ئۇ چاغدا سىز ئون بەش ياشقا كىرگەن، مەن تېخى توققۇز ياشقىمۇ توشمىغانىدىم. سىز نېمىشقا كىچىك بالىغا تاش ئاتتىڭىز؟ بۇ ياخشى ئىش ئەمەس، — ئۇ بىر تال چۆپنى يۇلۇپ ئاغزىغا سېلىپ چاينىدى، — سىز تاشنى ئېتىۋەردىڭىز، ئاتقان تاشلىرىڭىز بارغانسېرى كىچىكلەپ باردى، — ئۇ بىر مىنۇت تۇرۇۋېلىپ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — كېيىن بىز بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ كەتتۇق. سىز بەك كەپسىز ئىدىڭىز، — ئۇ ئۆزى چايناپ قويغان چۆپنى دوئارۇغا بەردى، — مەڭ، مەن چايناپ بولالمىدىم.

دوئارۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، كۆڭلى چېچىلغان هالدا ئۇتنى چايناشقا باشلىدى.

— ياخشى – يامان كۈنلەردە بىللە بولۇش، بۇگۈن چۈش-

www.uyghurkitap.com

ـتىن بۇرۇن شەھەر باشلىقى بىزگە مۇشۇنىڭغا ئوخشايراق كىتەـ ـدىغان گەپلەرنى قىلدى[1]...

فرانس يېنىنچە ياتتى، ئۇنىڭ گەجگىسى دوئارۇنىڭ بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىپ تۇرغان قورسىقىغا تېگىپ تۇراتتى.

— گەپ قىلىڭا، سۆيۈملۈكۈم، ھېچ بولمىغاندا خۇشالغۇ بولۇۋاتقانسىز؟

— ئەلۋەتتە.

دوئارۇ ئۇنىڭ چېچىنى سىلىدى.

— ئۇنداق قىلماڭ، چېچىمنى بۇزۇۋېتىسىز.

ئۇ قولىنى تارتىۋېلىپ، يەنە بىر قولىنى فرانسنىڭ مۈرۈـ ـسىگە قويدى.

— ھە، سۆيۈملۈكۈم، ياۋاشراق بولۇڭ جۇمۇ...

— فرانس، قەدىرلىكىم، قېنى دەپ بېقىڭا، ئەگەر بىزدە بىر مىليون بولغان بولسا قانداق قىلغان بولاتتۇق؟

— بىر مىليون نېمە؟

— فرانك.

— تىللاما؟

— ياق، ھازىرقى فرانك.

— يوق گەپنى قىلماڭا!

— راست، فرانس، ئويلاپ بېقىڭا، بىر مىليون فرانك پۇلىمىز بولسا قانداق قىلغان بولاتتۇق؟

— ئىلگىرى بىز، ئەگەر سىزنىڭ ئۈچ تىلىكىڭ ئەمەلگە ئاشسا نېمە قىلاتتىڭ؟ ئەگەر سەن قۇشلاردەك ئۇچالىغان بولساڭ نېمە قىلاتتىڭ؟ ... دېگەنگە ئوخشاش قىزىق ئويۇنلارنى ئويناپـ ـتۇق.

— مەن ئويۇن ئەمەس، راست گەپ قىلىۋاتىمەن،

---

① فرانسىيىلىكلەر توي قىلغاندا چېركاۋغا بېرىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندىن سىرت، يەنە شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپمۇ مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ.

فرانس، بىر مىليون فرانك بار.
— سىز پۇل بولسا خەجلەشنى قىيىن دەپ ئويلامسىز... ئاڭلاپ تۇرۇڭ، بىر مىليون فرانك بولسا مەن كۆڭلەكتىن ئۈچ يۈز ئاتمىشنى سېتىۋېلىپ، كۈنگە بىرنى ئالماشتۇرۇپ كىيەتتىم، يەنە ئېشىپ قالسا قالپاقتىن ئۈچ يۈز ئاتمىشنى ئالاتتىم.
— ئالجىپ قاپسىز، بىزنىڭ كاتەكتەك بىرلا ئېغىز ئۆيىمىز بار، ئۆي جاھازلىرىمۇ يوق. يەنە كېلىپ خەقنىڭ ئۆيىدە ئىشلەيمىز. ئەپسۇس، سىز بىر مىليون فرانك بولسا ئۈنىڭغا كۆڭلەك ئالاتتىم دەيسىز!
— ھەي كالۋا، ئەگەر مەندە بىر مىليون فرانك بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا قورغىنىم، بىر پىكىپىم بولمامدۇ...
— ياق، سىز چۈشەنمەيۋاتىسىز. مۇبادا، ئالدىمىزدا بىردىنلا بىر مىليون فرانك پەيدا بولۇپ قالسا، مەسىلەن، بىزگە لاتارىيە مۇكاپاتى چىقىپ قالدى دەيلى، قاراڭ...
— دوئاررۇ، — پىچىرلىدى فرانس، — بىز ھېچقاچان مۇنداق ئويۇننى ئويناپ باقمىغان.
— راست، ئويناپ باقمىغان، لېكىن بۇ قېتىمقىسى ئويۇن ئەمەس، شۇڭا...
— ماقۇل، ئەمما ئىككىمىز بىللە ئوينايلى، مېنىڭ يالغۇز ئوينىغۇم يوق.
— بولىدۇ، گەپنى مەن باشلاي. مەنچۇ، ئالدى بىلەن ئېسپارنېتتىن ياخشى بىر چارۋىچىلىق فېرمىسى سېتىۋالىمەن، ئاندىن كرېكو بوۋاينىڭ ئويماندىكى ئۈزۈمزارلىقىنى سېتىۋالىمەن، ئۇنىڭ ئۇ يەرنى ساتماقچى بولۇپ يۈرگىنىگە خېلى بولدى، باھانى بەك ئۆرە قويمايدۇ. سىز نېمە سېتىۋالىسىز؟
— لېئوننىڭ ئۆيىنى سېتىۋالىمەن، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى،

www.uyghurkitap.com

ئوغلى داكاردا[1]، ئۇنىڭ قايتىپ كەلگۈسى يوق ئىكەن. ئۆيدىكى جاھازلار، كىيىم ـ كېچەكلەرنىمۇ قوشۇپ سېتىۋالىمەن، بۇ ئوبدان سودا. ئۆينى قايتىدىن ھاكلايمەن، دېرىزە پەردىلىرىنى يېڭىلايمەن. ئەمما، ھەي، دوئارۇ…

— مەنچۇ، ئاتتىن بىرنى سېتىۋالىمەن، قالغان پۇلغا ئاكسىيە چېكى ئالىمەن. ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئازراق مال - مۈلۈك ساقلاپ قويمىسا، بولمايدۇ.

— دوئارۇ، بۇ ئادەمنى بىزار قىلىۋېتىدىغان ئويۇن ئىكەن، ئوينىغانسېرى راستىللا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ.

قۇياش پارلاپ تۇراتتى. بىر قاپاق ھەرە ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. دوئارۇ قولى بىلەن ئۇنى قوغلىۋېتىپ، بىردىنلا:

— ئەگەر بىرى سىزگە قاپاق ھەرە سىزنى بىر قېتىم چاقسۇن، ئۇنىڭ بەدىلىگە سىز بىر مىليون فرانكقا ئىگە بولىسىز، دېسە سىز ئۇنامسىز؟

— نېمىشقا ئۇنىمىغۇدەكمەن؟ !

— قاپاق ھەرە بەك قاتتىق چاقىدۇ. ئەگەر، قاپاق ھەرە ئەجەللىك يېرىڭىزنى چېقىۋالسا، جېنىڭىزدىن ئايرىلىسىز، دېسىچۇ؟

— بىر مىليون فرانك ئۈچۈن بۇنداق خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا رازىمەن.

— بىر مىليون فرانك ئۈچۈن سىز يەنە نېمىلەرنى قىلىشقا رازى؟

— بىلمەيمەن، مەن … ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازى!

— بىر تال بارمىقىڭىزنى كېسىمىز دېسىچۇ؟

— ئىككىسىنى كەسسىمۇ مەيلى!

---

[1] سېنېگالنىڭ پايتەختى.

— قولىڭىزنى كەسسىمۇ ماقۇل دەمسىز؟ بولمايدۇ، قولنى كېسىشكە بولمايدۇ! نېمىلا دېگەنبىلەن...

فرانس قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئەلۋەتتە ماقۇل دەيمەن، ناھايىتى بىر قولغۇ! بىر مىليون فرانك ئۈچۈن، سىز ئويلاپ بېقىڭ!

— قاراڭ سىزنى، ھېچقانداق ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايدىكەنسىز، — دېدى دوئارۇ خاپا بولۇپ.

— نېمە، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايدىكەنسىز دەمسىز؟ بىر مىليون فرانك دېگەن كاپالەتكە ئىگە تۇرمۇش، ئەركىنلىك، خاتىرجەملىك دېگەنلىكقۇ! بىر قول ئۇنىڭ ئالدىدا نېمىتتى؟ ئادەم دېگەن بىرەر ۋەقەگە ئۇچراپ بىر قولىدىن ئايرىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىنغۇ؟

— ئەمما سىز كۈلۈۋاتىسىز...

— كۈلمەيمىز دېيىشمىگەنغۇ.

دوئارۇ سەل پەسكە سىيرىلىپ ئولتۇردى. فرانسنىڭ بېشى ئۇنىڭ ئېڭىكىگە تىرىلىپ قالدى. ئۇ فرانسنىڭ قولىقىنىڭ كەينىگە سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئەگەر بىرى سىزگە، بىر ئەر بىلەن بىللە ياتساڭ بىر مىليون فرانكقا ئېرىشىسەن، دېسىچۇ؟

— سىز بىلەن ياتسامىمۇ؟

— دۆت.

— باشقا بىرى بىلەن؟

— نەچچە قېتىم؟

— ئۇقمايمەن. ماقۇل، بىر قېتىم دەيلى.

فرانس يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— دەرھال ماقۇل دەيتتىم. بۈگۈن ئاخشاملا.

— بۈگۈن ئاخشاملا...؟

— ھەئە، مەن بايىلا بىر بارمىقىمدىن ئايرىلدىم، بىر

قولۇم كېسىلدى، ھەتتا قاپاق ھەرىمۇ چاقتى. ئەمدى سىز تەپتارتماي مېنى بىر مىليون فرانك ئۈچۈن بىر ئەرنىڭ قويىنىغا تاشلاپ بەرمەكچى بولۇۋاتىسىز! ئىككى، ئۈچ ئەرگە بولسىمۇ ماقۇل دەيمەن!

— سىز بىردەم ئەستايىدىل بولۇپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟

— سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، تويى بولۇۋاتقان يىگىت ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇنداق گەپلەرنى قىلىش تولىمۇ غەلىتە ئىش. سىز مەندىن بىر جاۋاب ئالماقچىغۇ، بۇنىڭغا ھازىرلا ئېرىشەلەيسىز.

— ھۇ شەيتان!

قىز «ۋىلىققىدە» كۇلۇپ دوئارۇنىڭ بوينىغا گىرە سالدى، ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ لەۋلىرىگە سۆيدى، ئاندىن لەۋلىرىنى ئۇنىڭ لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، ھاياجان بىلەن شىۋىرلىدى:

— ئەگەر ماڭا، سېنى مەڭگۈ ئالدىمايمەن، دېگۈزۈش ئۈچۈن بۇ چارىنى تېپىپ چىققان بولسىڭىز، بۇ قاملاشماپتۇ. ئاڭلاپ تۇرۇڭ، دوئارۇ، ماڭا گەپ ئوينىتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. مەن سىزنى سۆيىمەن، چىن قەلبىمدىن سۆيىمەن. باشقىلار ماڭا ئون مىليون، يۈز مىليون فرانك بەرگەن تەقدىردىمۇ سىزدىن باشقا ھەر قانداق ئادەمگە قولۇمنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزمايمەن.

ئۇ دوئارۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇراتتى، لېكىن بىردىنلا ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى:

— سۆيۈشلىرىڭىز بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمايدىغۇ، سۆيۈملۈكۈم؟ كۆڭلىڭىزدە بىر ئىش باردەك قىلىدۇ...

— ئۇنداق ئىش يوق.

— يوق دېمەڭ، نېمە ئىش بولدى، ماڭا ئېيتىڭ، مەن ھازىر سىزنىڭ خوتۇنىڭىز، قانداق ئىش بولسا ماڭا ئېيتىشىڭىز كېرەك.

— لېكىن مەن...

— توختاڭ، ئالدى بىلەن شۇنى دەڭا، سىز نېمە ئۈچۈن بۇ بىر مىليون فرانكلىق ئويۇننى ئوينىماقچى بولۇپ قالدىڭىز؟ ئادەتتە ئويۇنلارنىڭ ھەممىسىنى مەن ئويلاپ تاپاتتىمغۇ؟

— بۇ ئويۇن ئەمەس.

— ئەمىسە نېمە؟

دوئارۇ بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، فرانسىمۇ ئۆرە ئولتۇردى. دوئارۇ قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ، خورسىنغان ھالدا:

— بۇ ئويۇن ئەمەس! — دېدى.

فرانسىنىڭ چاچلىرى كۆزلىرىگە چۈشۈۋالغانىدى، ئۇ قولى بىلەن يەرنى تىرەپ، چىملىقتا ئۆزىراپ تۇرغان سايىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

— گەپنى ئېنىقراق قىلسىڭىزچۇ!

دوئارۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، ئاندىن مۇرىسىنى ئېتىپ قويۇپ غۇدۇڭشىدى.

— ھېلىقى ئەبلەخ، ئېدمونىنىڭ قەھۋەخانىسىدا تاماق يې-گەن ھېلىقى خېرىدار ناھايىتى باي ئادەم ئىكەن ...

— ھە! ... توغرا... ئۇ ماڭا شۇنداق قاراپ كەتكەن، كۆزلىـ-رىدىن بۇزۇقلۇق چىقىپ تۇرىدىغۇ ئۇنىڭ.

— شۇنداق، ئۇ ... ئۇ مەن سىزگە ئېيتقان مۇشۇ تەكلىپ-نى قويدى. بىر مىليون فرانكقا ...

— بۇ چاقچاقتۇ؟

دوئارۇ فرانسىقا بۇرۇلۇپ، ئون مىڭ فرانكلىق پۇلدىن بىرنى چىقاردى.

— چاقچاق؟ مانا، ماۋۇ پۇلغا قاراڭ، ئۇ ماڭا قالغان پۇللىرىنىمۇ كۆرسەتتى. مۇشۇنداق پۇلدىن يۈزنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. قولۇمنى سوزسام ئېلىۋالالايتتىم...

— ئۇنداقتا، — دېدى فرانس ئويغا پاتقان هالدا، — ئۇنى چاقچاق دېگەندىمۇ، ئىككىمىز ئۈچۈن چوڭ ھاقارەت.
— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟
— ھېچنېمە، بولدى قىلايلىلا.
دوئارۇ پۇلنى قاتلاپ خۇرۇم ھەمىيىنىغا سېلىپ قويدى.
— دېمەك، — دەپ پىچىرلىدى فرانس، — سىز پۇلنىڭ بىر قىسمىنى قوبۇل قىلىپمۇ بوپسىز - دە!
— ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئۇ بۇ پۇلنى ئېدمونددىن كىرگۈزۈپتۇ، مەقسىتى مېنى قارماققا ئىلىندۇرۇش بولسا كېرەك. ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ قوياي دەپ كۆرۈشسەم، ئۇ ماڭا بۇ تەكلىپنى قويدى.
— لېكىن سىز بۇ پۇلنى ئاپسىزغۇ.
— ئۇ پۇلنى قايتۇرۇۋالمەن دېمىسە.
— دوئارۇ، مەن سىزدىن قورقۇۋاتىمەن.
ئۇزاققا سوزۇلغان سۈكۈت باشلاندى. قۇياش لوزېر تېغىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈندى. پاقىلار سۇ چۆپلىرى ئىچىدە بىر - بىرىگە ماسلىشىپ مۇڭلۇق ماتەم ناخشىلىرىنى باشلىدى. كىمدۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. فرانس يىغلاشقا باشلىدى. دوئارۇ يىغىدىن توختىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بېشىنى مەيدىسىگە ياقتى.
— مەن بېرىپ ئۇنىڭ سېسىق پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن. ئەندىشە قىلماڭ، يىغلىماڭ، فرانس، ئۇ دېگەن چاقچاق، بىمەنە چاقچاق، ئۇ ئىشنى قايتا تىلىڭىزغا ئالماڭ، ئويلىماڭ، مەن مەڭگۈ مۇنداق ئىشنى قىلمايمەن، ماڭا ئىشىنەمسىز؟
فرانسنىڭ يىغىسى پەسەيدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ چاچلىرىنى بىر قۇر تۈزەشتۈردى:
— مۇشۇ ھالىتىم بىلەن مېھمانخانىغا كىرسەم سەت بولىدۇ. بىراق، سومكامنى ئۇ يەردە ئۇنتۇپ قاپتىمەن!
— كېرەك يوق، فرانس، مەن سىزنىڭ مۇشۇ قىياپىتىد-

ىڭىزنى ياقتۇرىمەن.

— كىرىپ كېتەيلىمۇ؟ مەن سەل توڭلاۋاتىمەن.

ئۇلار ئورنىدىن تۇردى، دوئارۋ ئۇنى قولتۇقلىۋالماقچى بولۇۋىدى، ئۇ نېمىشقىدۇر ئۆزىنى قاچۇردى.

— بۇ ئىش راستمۇ؟

— سىزگە دېسەم، ئۇ ئادەم بىر ساراڭكەن.

— بىر مىليون فرانكقا بىزنىڭ توي كېچىمىزنى سېتىۋال-ماقچى بولغان ساراڭ.

— يەنە كېلىپ بۇ ھەقىقىي توي كېچىسى ئەمەس دەڭا.

— دوئارۋ، نېمە دېدىڭىز؟

— راست شۇنداق، ئىككىمىز...مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇنى ھېچكىم بىلمەي قالىدۇ. شۇنداقمۇ، فرانس؟

— مەن ئۇ ئىشنى كاللامدىن چىقىرىۋەتتىم. دېمىسىمىغۇ...بىز ئۇنىڭغا، ئۇ ساراڭغا ھېچنېمە دېمەيمىز...سىز مۇشۇنداق دېمەكچىمۇ - ھە، دوئارۋ؟

— نېمە؟

— سىزگە مەلۇم، سۆيۈملۈكۈم، مەن ئوبدان بىر چارە تېپىپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالايمەن، ئۇ مەندىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

— فرانس، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟

— شۇنداق، بىر قولۇم، بىر تال بارمىقىنىمۇ ئۇنىڭغا بەرمەيمەن، قاپاق ھەرىگە چاققۇزۇشتىن ئېغىز ئاچقىلىمۇ بول-مايدۇ. چۈشەندىڭىزمۇ، دوئارۋ؟

فرانسنىڭ ئاۋازى غەلىتە، سۇزۇك، جاراڭلىق ئىدى.

— چۈشەنمىدىم، نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشە-نەلمىدىم.

فرانس ئۇنىڭ ئىككى مۇرىسىدىن تۇتۇپ سىلكىشلىدى. چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ ئاغرىنغان ھالدا دېدى:

— بۇ بىر مىليون فرانك مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقمۇ، ئۇ ماشىمۇ تېگىشلىك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىر مىليون فرانك تاپىمىز! شۇنىڭ بىلەن بىز نامرات تۇرمۇشتىن...

— ئەمما، فرانس...

— بېرىڭ، تۆلەيدىغان بەدەل يۇقىرى ئەمەسكەن! يۇقىرى ئەمەس، ئاڭلاۋاتامسىز؟ مېنىڭ، يۈگۈرۈڭ...

— نېمە قىلىمەن؟

— بېرىپ ئۇنىڭغا «قوشۇلدۇق» دەڭ، تېز بولۇڭ.

— ئاھ! مېنىڭ بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، بۇ هاراق، ماۋۇ ئاپتاپ...

— چاپسان بولۇڭ، سىزنى تېز بېرىڭ دەۋاتىمەن، مېنى بارسۇن دەمسىزيا؟

— ياق، ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ.

— بېرىڭ، دوئارۇ، بولمىسا مېهمانخانىغا كىرىپ ۋارقىراپ، ئالەمنى مالەم قىلىمەن، ئۇقتۇڭىزمۇ!

ئۇ دوئارۇنى ئىتتەردى، دوئارۇ دەلدەڭشىگىنىچە مېهمانخانىغا قاراپ يول ئالدى.

— هەي، ئاغزىڭىزنى ئېرتىۋېتىڭ، لەۋ سۇرۇخ يۇقۇپ قاپتۇ.

ئېدمونىنىڭ ئاپىسى كىرېدانس ئانىنىڭ ئۆيىدە بىر ئاسما سائەت بار ئىدى. ئۇ يېرىم كېچە سائەت ئون ئىككىگە قوڭغۇراق چالدى، ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى ئون ئىككى قەۋەتلىك بىناغا مېڭىپ چىققان بوۋاينىڭ هاسىرىشىغا ئوخشايتتى.

كارىدوردا ئاستا ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

دوئارۇ مەيخانىغا كىردى ۋە تۇتقۇچنى ئاستا بۇراپ ئىشىكنى يېپىپ قويدى. ئۇ ئۇستەللەر ئارىسىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئىچكىرىگە كىرىپ، دېرىزىنىڭ بىر قانىتىنى ئاچتى. كەنتتىكى

پاقىلار ئومۇمخورغا چۈشكەنىدى. يول بويىدىكى چىنارلار خۇش-پۇراق چېچىپ تۇراتتى. بىر مۇشۇكياپىلاق بىر تۆپىلىكتە دەم - دەم سايراپ قوياتتى.

دوئارۇ سىرتنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قېنىپ نەپەس ئالغاندىن كېيىن، ئارقا تەرەپكىرەك قويۇلغان بىر ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاستا مېڭىپ پوكەينىڭ ئىچىگە كىردى، بىر نەچچە ھاراق بوتۇلكىسىنى تۇتۇپ بېقىپ، ئارىسىدىن بىر بوتۇلكىنى ئالدى - دە، دېرىزىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ سىنچىلاپ قارىدى، ئۇ سېرىق نەشپۈت ھارىقى ئىدى. ئۇ چىراغنى ياندۇرۇپ ئۇ ھاراقنى ئورنىغا قويۇپ قويۇپ يەنە بىر بوتۇلكىنى ئالدى، بوتۇلكىنىڭ ئۈستىدە «ئاق ھاراق» دېگەن خەتلەر بار ئىدى. ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنى ئېھتىيات بىلەن يېپىپ قويدى.

ھاراقنى يۇتقاندا چىققان ئاۋاز بىلەن ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئۈستەلگە تەگكەندە چىققان ئاۋازى قاراڭغۇدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كرېدانس ئانىنىڭ ئاسما سائىتى يەنە بىر قېتىم كۆڭۈلسىز داڭ ئۇردى.

ئېدمون ھەر كۈنى سەھەردىكىدەك چىراغنى ياندۇرمايلا مەيخانىدىن ئۆتۈپ ئۇدۇل دېرىزىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ رامنى بىر ئىتتىرىۋىدى، رام «جالاق» قىلىپ تامغا تەگدى. ئاسمان سۈت رەڭدە ئىدى، كوردىرۇدىكى قارىغايلىقنىڭ ئارقىسىدا تاڭ شەپىقى جىلۋىلىنىشكە باشلىغانىدى. بارباشىنىڭ خورىزى بىلەن كوردىرۇنىڭ خورىزى تۈتۈشۈپ قالدى، تاغ جىلغىسىدىكى خورازلار ئۇلارغا مەدەت بېرىۋاتقاندەك چىللىشىپ كەتتى.

ئېدمون ئاشخانىغا كىرىپ ئوت ياقتى. ئاندىن سۈپۈرگىنى

قولىغا ئېلىپ مەيخانىغا كىرىپ، پوكەينىڭ ئاستىدىن باشلاپ سۇپۇرۇشكە باشلىدى. بىرچاغدا قەددىنى رۇسلاۋېتىپ دوئارۇنى كۆرۈپ قالدى.

ــ سەن، سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

ئېدمون مۇرىسىنى چىقىرىپ قويدى ۋە قەھۋە چۆگۈنىنىڭ تاشاي دەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال چۆگۈن تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ئۆزىگە بىر ئىستاكان قەھۋە قۇيۇپ، سۈت ئارىلاشتۇردى، بولكىدىن بىر كېسىم كېسىپ ئۈستىگە ئالدىرىماي قېلىن بىر قەۋەت سېرىق ماي سۈركىدى.

ــ نېمە، بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ؟ ــ سورىدى ئۇ تاماق يەۋېتىپ. دوئارۇ ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى.

ــ گېپىمگە قۇلاق سال، ئەگەر قانداق ئىش يۈز بەرگەندىلىكىنى ئېيتىشنى خالىمىساڭ، ئۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى.

ــ هەي! ... ــ دوئارۇ ئازابلانغان هالدا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى.

ــ راست، ئېيتىش ـ ئېيتماسلىق ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارىدا. ئاۋۋال قەھۋەنى ئىچىۋالغىن، سوۋۇپ قالمىسۇن.

دوئارۇ قەھۋەدىن بىر يۇتۇم ئىچىۋىدى، تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

ــ ئىچىۋەتكىن، بۇ قىزىق هەم قويۇق قەھۋە، ئىچىۋالساڭ ئوڭشىلىپ قالىسەن.

دوئارۇ ئىستاكاندىكى قىزىق قەھۋەنى بىراقلا ئىچىۋېتىپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

ــ هېلىقى ياقا يۇرتلۇقنىڭ ئىشىمۇ؟

ــ بۇنى سىزگە كىم دېدى؟ ــ سورىدى دوئارۇ هاياجان بىلەن.

ــ ماڭا بىرى دېگىنى يوق، قارىسام، تۈنۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن بەك ئۇزۇن سودىلىشىپ كەتتىڭ...

— سىزنىڭ كارىڭىز بولمىسۇن ...
— كەچتىمۇ شۇنداق بولدى، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن سۆزلەشتىڭ.
— ئاغزىڭىزنى يۇمامسىز، يوق؟
— ھىم، ماقۇل، مېنىڭ قۇلىقىم بەك ئىتتىك، دوئارۇ.
— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟
— نېمە بوپتۇ؟
— ئۇنداقتا، سىز ھەممىنى بىلىپ بوپسىز ـ دە؟
— مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، — ئېدمون ئورنىدىن تۇردى، — پەقەت بۇنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنىلا بىلىمەن.
دوئارۇ ئىككى جەينىكىنى ئۇستەلگە قويۇپ بېشىنى بىلەك- لىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىۋالدى.
— ھوي، ياخشىمۇسەن، ئېدمون! ئورنۇڭدىن تازىمۇ ئەتىگەن تۇرۇۋاپسەنغۇ.
— ھەي، تىجارەتچى دېگەن شۇ ـ دە ...
يوسىف كاردىرو بىلەن يۇرىس كراپا ۋارقىراپلا كىرىپ كەلدى.
— بۈگۈن ھاۋا بەك ياخشى بولغۇدەك.
— ماڭا ئاق ھاراقتىن بىر رومكا بەرگىن.
— ماڭىمۇ بىر رومكا بەرگىن. گۆرنىگىرې يەنىلا سوغۇق ئىكەن.
— ئەكىلەلىدىڭلارمۇ؟
— قاراپ باقمامسەن، ئېدمون.
يۇرىس كاناپ تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچتى:
— ئېغىرلىقى ئۈچ كىلو كېلىدىغان تروت بېلىقى، يەنە بىر مۇنچە تاشپاقا بار.
— ۋۇي، ئاۋۇ دوئارۇغۇ؟ توي كېچەڭ بەك قىسقا بولۇپ قاپتۇغۇ، بايقۇش!

ئېدمون ئۇلارغا يېقىن كېلىپ:
— ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىڭلار، — دەپ چىرقىرىدى.
— نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى يۇرىس.
ھېچ ئىش يوق، لېكىن كىشىنى مەيۇسلەندۈرىدۇ.
— كىشىنى مەيۇسلەندۈرگەندىكىن، ھېچ ئىش يوق دېگىلى بولمايدۇ - دە، — دېدى يوسىف كاردىرو كېسىپلا.
ئېدمون ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى.
— ئۇنداق دېيىشمەدىكى سەۋەب، ئۇ ئىش سىرتقا يېيىلىپ كەتسە بولمايدۇ. ئەھۋال مانا شۇ.
يوسىف بىلەن يۇرىس ئاق هاراقتىن ئوتلاپ، گەپنى يۆتكىدى:
— ھېلىقى ياقا يۇرتلۇق تېخىچە سېنىڭكىدىمۇ؟ مەن ئۇنى يولدا كۆرگەندىلا بۇرىسقا ...
ئېدمون ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، ئاچچىق بىلەن پۇلاڭشىتتى.
— ھەي! ماڭا ئۇ ئادەمنىڭ گېپىنى قىلمىساڭلارچۇ!
— نېمىشقا گېپىنى قىلمايمىز؟ ئۇ ياتاق ھەققىنى بەرمىدىمۇ؟
— دەل ئەكسىچە، پۇلنى ئالدىن بەردى. مەن بۇ ئىشنى دېمىدىم.
— ئېدمون، نېمە بولدۇڭ، ئەتىگەندىلا كەيپىڭ ياخشى ئەمەسقۇ.
— مەن مۇشۇنداق ئادەم. بۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ كارىڭلار بولمىسۇن.
يۇرىس بىلەن يوسىف بىر - بىرىگە قاراپ قويۇپ دوئارۇ تەرەپكە بۇرۇلدى. بىر ئازدىن كېيىن يۇرىس ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئېغىز ئاچتى.

— نېمىدېگەن ئازابلىق ئىش بۇ، قاراپ تۇرۇپ...
ئارقىدىنلا يوسىف گەپ قىلدى:
— بىچارە فرانس...
يۈرىس ئۆزىنىڭ دانالارچە قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى:
— ئۆزۈمنى ئالسام، بۇنداق چاغدا ھەممىدىن ئەرلەرگە بەك ھېسداشلىق قىلىمەن.
— ھەي، قويە ئۇنى، ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، — دېدى ئېدمون ئوچۇقلا قىلىپ، — ئۇ ياش خوتۇنىنىڭ خىلى ئەمەس.

— بىز ئىشنى كىيىم تىككۈزۈشتىن باشلىماسلىقىمىز كېرەك ئىدى.
— شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. ... مەن سىزگە ئېلىپ بېرىمەن.
— فرانس، ئۇنداق دېمىسىڭىز بولاتتى!
— يۈرۈڭ، كىرىپ كۆرۈپ باقايلى.
بۇ ئارېس بويىچە ئەڭ چوڭ ماگىزىن، پرىكازچىكلىرىمۇ خىل ئىدى. ماگىزىننىڭ ھەممىلا يېرىگە گىلەم سېلىنغان، دېرىزىلىرىگە پەردىلەر تارتىلغانىدى.
— روچېت ئەپەندى، بېرىپ بېقىڭا، ئاۋۇ جاناب بىلەن خانىم نېمە ئالىدىكىن، — دېدى كاسسىر ئايال خوجايىن خې- نىملارغا خاس تەلەپپۇزدا.
روچېت ئەپەندى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ قىرىق بەش گرا- دۇس ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، بۇ ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى.
— بىز ... ھە... كىيىم - كېچەكلەرنى كۆرۈپ باقماقچىد- ىدۇق.
— تەييار كىيىم ساتىدىغان جاي يەر ئاستى ئۆيىدە، بۇياق بىلەن مېڭىڭلار.

www.uyghurkitap.com

— بىز كىيىم بۇيرۇتماقچى.

كىيىم قاتلاۋاتقان، بىر بولاق نەرسىنى تېگىشۋاتقان، خاتىرە يېزىۋاتقان، ئىشىككە قاراۋاتقان پرىكازچىكلار ۋە كاسسىر ئايال خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك تەڭلا باشلىرىنى بۇ ئەر - خوتۇن ئىككىسى تەرەپكە بۇراشتى.

— كېسىمخانا ئىككىنچى قەۋەتتە، ئارقامدىن مېڭىڭلار.

دوئارۇ بىلەن فرانس بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، باھاسى ئۆلگۈدەك قىممەت رەختلەر قويۇلغان پوكەيگە ئېلىپ بارىدىغان پەلەمپەيگە قەدەم باستى. پرىكازچىك توپ - توپ رەختلەرنى ئۇزۇن ئورۇندۇققا ياتقۇزۇپ، ھەربىر توپتىن بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتا رەخت چىقىرىپ ساڭگىلىتىپ قويدى، ئاندىن ھاياجان بىلەن رەختلىرىنى ماختاپ بىر تاغار گەپ ساتتى.

— پاھ، ماۋۇ رەخت نېمىدېگەن چىرايلىق! — دېدى فرانس ھاياجان بىلەن.

— چىرايلىق ئىكەن! لېكىن ... باھاسى بەك قىممەت:

— بىز مۇشۇنىڭدىن ئالايلى! — فرانس ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇچىسىغا كەنجەر كىيىۋالغان سېمىز بىر ئادەم دوئارۇنىڭ بويىنى نېرى - بېرى ئۆلچەپ، پرىكازچىكقا بىر تالاي سانلارنى ئېيتىپ بەردى، ئۆلچەپ بولغۇچە دوئارۇنىڭ قىچىقى كېلىپ، فرانسقا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— كېلەر سەيشەنبە كۈنى بىرىنچى قېتىم سىناپ كىيىپ بېقىشقا كېلىسىلەر، ۋاقتىڭلار بارمۇ؟ ... ھە، بار بولسا ناھايىتى ياخشى. ئۇنداق بولسا كاسسىرغا كىيىم بۇيرۇتۇش ھەققىنى تۆلىۋەتسەڭلار ... نېمە؟ ... شۇنداق، «بۇيرۇتۇش ھەققى» سىدىلەر ئالدىن تۆلەيدىغان ھەق. مۇبادا كىيىم ئالغىلى كەلمىسەڭلار بۇ پۇل بىزگە قالىدۇ، كەلسەڭلار ئەلۋەتتە ...

ئىككىسى كاسسىر ئايالنىڭ يېنىغا باردى. كاسسىر ئايالنىڭ چىرايىدا كۈلكە ئويناپ تۇراتتى.

— سۇپىتى، باھاسى مۇشۇنداق بىر يۇرۇش كىيىمگە ئادەتتە ئون مىڭ فرانك بۇيرۇتۇش ھەققى ئېلىنىدۇ.

ئۇ پۇلنى ئېلىپ، نېمىشقىدۇر سىلكىپ قويۇپ قوشۇمىسىنى تۈردى، ئاندىن پۇلنى يورۇققا تۇتۇپ سىنچىلاپ قاراپ:

— سىلەر چاقچاق قىلىۋاتامسىلەر، قانداق؟ — دېدى.

ئىككىسىنىڭ چىرايى بىردىنلا تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

— بۇ يالغان پۇل ئىكەن! — دەپ ۋارقىرىدى كاسسىر ئايال. ئەتراپتىكى پىرىكازچىكلار گۇررىدە كېلىپ ئۇلارنى ئورىۋالدى. ئاڭغىچە بىر جۇپ ياشانغان ئەر - خوتۇن، بىر نەچچە خېرىدار ماگىزىنغا كىرىپ كەلدى.

— بۇ ئىككى مۇتتەھەم بىزگە يالغان پۇل بېرىپتۇ.

خۇددى بىرى «قىمىرلىما» دەپ ۋارقىرىغاندەك، ھېچكىم مىدىر - سىدىر قىلمىدى. كاسسىر ئايال دەرھال تېلېفون بەردى:

— شۇنداق، باشلىق جانابلىرى، ئون مىڭ فرانكلىق يالغان پۇل ئىكەن، شۇنداق، ئون مىڭ! جانابلىرى …

دوئارۇ ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— توختاپ تۇرۇڭ! توختاپ تۇرۇڭ! ماۋۇلار راست بولۇشى مۇمكىن! — ئۇ تىت - تىت بولۇپ، چاپىنىنىڭ ھەميان سالغان يانچۇقىنى سىلاشتۇرۇشقا باشلىدى.

— سەل تۇرۇپ تۇرسىڭىز، باشلىق جانابلىرى، خاپا بولماي بىر ئاز تۇرۇپ تۇرسىڭىز…

قەغەزلەرنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان «شاراق - شۇرۇق» ئاۋازىدىن كېيىن، يەنە ئىككى دانە پۇل كاسسىر ئايالنىڭ قولىغا ئۆتتى.

— باشلىق جانابلىرى، بىر نەچچىسى بار ئىكەن، يالغان پۇلدىن بىر نەچچىسى… ھەممىسى ئون مىڭ فرانكلىق ئىكەن… ئەلۋەتتە… دەرھال ساقچى ئەۋەتسىڭىز … ماقۇل … ياق …

ئۇ قورقۇنچلۇق بىر نەزەردە فرانس بىلەن دوئاروۇغا قاراپ قويدى.

— ئادىمىڭىز يېتىپ كەلگۈچە ئۇلار ھېچ ياققا قېچىپ كېتەلمەيدۇ.

— ئەممــا، بــۇ پــۇلــلارنى... — دەپ سۈرەن سالدى فرانس، — بىزگە خەق بەرگەن.

دوئارۇنىڭ بېشى چۇشۇپ كەتتى.

— ھە، — كاسسىر ئايال تېلېفوننى قويۇپ قويدى، — گەپ ئۆزۈڭلارنىڭ سەممىي ئادەم ئىكەنلىكىڭلارنى ئىسپاتلاپ چىقالىشىڭلاردا. بەلكىم بۇ ئىش ناھايىتى ئاددىي ئىشتۇ، سىلەر ئەرز قىلىسىلەر، شۇنداقمۇ؟

بىر پىرىكازچىك بىر خېرىدارغا:

— ئۇلار تېخى كىيىمنىمۇ ئۆلچىتىپ بولغان! — دەپ چۈشەندۈردى.

— ئۇلارنى ئۆلچىگىنىم بىكار كەتتى ـ دە! — دېدى كەنجەر كىيىۋالغان سېمىز كىشى غۇدۇراپ.

پىرىكازچىكلارنىڭ ھەممىسى بېشىنى چايقاپ قوشۇمىلىرىنى تۈرۈشتى.

— ئۇنداقتا، ئۇ بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن كېتىپتۇ ـ دە؟

— ھەئە، زاپچاسلار كەپتىكەن، كۈستۇ دېگىنى بويىچە ماشىنىنى رېمونت قىلىپ بەردى...

— سىز ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىكەنسىز، بىرەر ئالاـ ھىدىلىكىنىمۇ بايقىمىدىڭىزمۇ؟ ھېچنېمىنى بىلمەمسىز؟

دوئارۇ ئىككى مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ، بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— سىزچۇ؟ — ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى فرانستىن سورىدى، — نېمىلا دېگەنبىلەن سىز ئۇنىڭ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. ئەگەر مۇشۇنداق دېيىشىمگە بولسا...

قانداق؟

فرانس جىلى بولۇپ بېشىنى چايقىدى، كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ ئوتتۇرا بارمىقىنى چىشلىدى.

— نېمە بولدۇڭلار؟ ئەگەر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلسەڭلار، ياخشىسى ئېيتىپ بېرىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق! ماشىنىنى رېمونت قىلغان كالۋامۇ ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ نومۇرىنى ئېسىگە ئالالمىدى! مېھمانخانا خوجايىنىمۇ ئۇنى تىزىملاپ قويماپتۇ. خۇددى مەۋجۇت ئەمەستەكلا بىر ئىش بولۇۋاتىدۇ.

— بىز ئۈچۈن ئۇ مەۋجۇت ئىدى، — دەپ غودۇڭشىدى فرانس.

ساقچى باشلىقى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇ مەۋجۇت ئەمەس، راستىنىلا مەۋجۇت ئەمەس! — ئۇ خىرىلداپ كۈلۈپ نەپەس ئالالماي قالدى.

— رونسار! رونسار، ئۇكام، بۇ ياققا كىر، پۇخادىن چىققۇچە بىر كۈلۈۋالايلى! بۇ مەن ساقچى بولغاندىن بۇيان دۇچ كەلگەن ئەڭ غەلىتە ئىش بولدى، كۈلۈپ ئۈچەيلىرىم ئۈزۈلەي دېدى.

ئىككى ئادەم كىرىپ كەلدى.

— «كىچىك پروۋانلىقلار» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى مېنى ئىزلەپ بېرىپتىكەن، ئۇنىمۇ ئېلىپ كەلدىم.

— ئۇنداقتا، ئۇ بۇ خەۋەرگە ھەممىدىن بۇرۇن ئېرىشكۈدەك، — ئىدارە باشلىقى گەپ قىلىۋېتىپ يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن دوئارۇ بىلەن فرانسقا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن كۆپتۈرۈۋەتمىگەندىمەن. بۇلاردىن سوراپ بېقىڭلار، رونسار، بۇلاردىن سوراڭ! ماۋۇ بۇزۇق خوتۇندىن سوراڭ، ئۇ تېخى سىزگە توي كېچىسىدىكى شەرمەندە كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشىمۇ مۇمكىن...

— ھەي، باشلىق، ئۇلار بۇ ئىشنى توقۇپ چىققان بولمى-

سۇن يەنە؟ يالغان پۇل ساتىدىغانلار بەك كازازاپ بولىدۇ.
— مەن كىچىك بالا ئەمەس، ئۇكام، مەن شامبانىدىكى باش
ساقچى ئەترىتىگە تېلېفون بەردىم، ئۇلار ماشىنا رېمونت ئىشخانى-
سى، مېھمانخانا خوجايىنى قاتارلىق كىشىلەرنى تەكشۈردى.
نەتىجىدە، ھەممىسى راست بولۇپ چىقتى، — ئۇ يەنە پىخىلداپ
كۈلۈپ كەتتى، — ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، لېكىن
ئەمەلىيەت شۇنداق! مەن تولا كۈلۈپ ئۆلىدىغان بولدۇم!
— بەلكىم، ئۇلار ئۇچۇن ئازدۇر - كۆپتۇر مەخپىيەتلىك-
نى ساقلىغىنىمىز تۈزۈكتۇ ...
— ھەي، رونسار! ... بۇ چوكانغا كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالدى-
مۇ، قانداق ...
— ئۇنداق ئىش يوق، باشلىق، ھەر ھالدا ئېھتىيات بىلەن
ئىش قىلغىنىمىز ياخشىمىكىن دەيمىنا.
ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كۈلۈپ ياش چىقىپ كەتكەن
كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قويدى.
— ئەمما، رونسار، بۇ ئىككى ئەخمەقكە قاراپ باق،
ئۇلارنى يەنە نېمىلەرنى توقۇپ چىقسۇن دەيسەن؟ ھە، مۇخبىر،
سىز ئۇلار بىلەن بىر - ئىككى سائەت مۇڭدىشىپ تۇرسىڭىز،
ئاڭغىچە فوتو سۈرەتچىڭىزمۇ كېلىپ قالىدۇ. ھازىرچە بۇ ئىك-
كىسىنىڭ تەلەتىگە قاراپ باق، ئۇلار مەڭگۈ سىر ساقلاپ قېلىش-
قا ئەرزىمدۇ؟! ...

— دوئارۇ، مېنىڭ ئۆلۈۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ.
— ساراڭ بوپسىز!
— ساراڭ بولمىدىم، مېنىڭ زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قال-
مىدى.
دوئارۇ ئۇنى قۇچاقلىدى.
— ئىچىم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ، مېنى قويۇۋېتىڭ.

دوئارۇ ئۇپۇققا قارىدى، ئاندىن دانىمۇ دانە قىلىپ:
— مۇبادا ھېلىقى پۇللار يالغان بولمىغان بولسىچۇ؟ — دېدى.
— بەربىر ئوخشاش.
ئۇلار ئالدىغا بىر نەچچە قەدەم ماڭدى.
— پويىز ماڭىدىغانغا يەنە يېرىم سائەتلا قالدى، فرانس، تېزرەك ماڭايلى.
— پويىز بېلىتىگە پۇلىمىز يېتەمدۇ؟
— يېتىدۇ.
— بىزنىڭ پۇلىمىز؟ راست پۇل؟
ئۇلار بىر - بىرىنى قولتۇقلاپ، قەدەملىرىنى تەستە ئېلىپ ئوتلاقتا كېتىۋاتاتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ بىر - بىرىنىڭ پۇتىنى دەسسىۋالاتتى.
— فرانس — ... دوئارۇ ئىككىلىنىش ئىچىدە ئېغىز ئاچتى، — مېنىڭچە ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا يوشۇرغۇدەك ئىش قالمىدى، ئەمدى ... ئەمدى ... مەن سىزدىن سوراپ باقاي دېگەن، ئۇ سىزنى بەك قىينىۋەتتىمۇ؟ ئىشقىلىپ، ئۇ بەك قورقۇنچلۇق...
فرانس بىردىنلا توختاپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى قويۇۋېتىشنى ئېيتتى، دوئارۇ قولىنى چۇشۇرۇۋالدى.
— ئوتتۇرىمىزدا ھەرقانداق گەپنى قىلىشىشقا بولسا... سىزگە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرەي، — فرانس سەل تۇرۇۋالدى، — مۇنداقچە ئېيتسام، ئۇ ئىش ئۇنچە قورقۇنچلۇق ئەمەسكەن.
— ھە؟ نېمە؟! ... — دوئارۇ كۈلۈمسىرىدى، — ئۇنداقتا ياخشى، ھەم؟
فرانس بىردىنلا چۆپ ئۈستىگە تىزلىنىپ، ئىككى ئالقىنىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— سىز چۈشەنمەيسىز، دوئارۋ، مەڭگۈ چۈشەنمەيسىز! ئادەمنى ئازابلايدىغىنى ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق بولمىغىنى.

ئۇ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئىس - تۈتەك، بوران ۋە «گۈلدۈر - گۈلدۈر» ئاۋاز ئىچىدە قاراماي بېسىلغان بىر پويىز ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

دوئارۋ فرانسىنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ ئۇنى باغرىغا مەھكەم باستى.

— دوئارۋ، مەن ئۆلۈۋالىمەن.

— ئۇنداق قىلماڭ، ئويلاپ بېقىڭچۇ...

— دوئارۋ، مەن خەقنىڭ مېنى ئۆمۈرۋايەت بۇزۇق دەپ ئاتىشىنى خالىمايمەن.

[General Information]
书名=买新婚之夜的人　维吾尔文
SS号=40300800